# تارىم

9

1992

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز



ئۇ ئامما ئارىسىدا شېئىر ئوقۇماقتا.

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1952 - يىلى ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمەكنىڭ كەسپىي ئىجادىيەت خادىمى. ئۇنىڭ «گۈلمېھرى»، «ۋىسال سەھەرى»، «كارۋان ناخشىسى» ناملىق شېئىر، داستانلار توپلىمى، «ئاچا - سىڭىل»، «قوش مەسچىت» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى، «جەنۇپتىكى جەڭ مارشى»، «ئەزىزە» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ «قۇچاقلا، ئۇ سېنىڭ داداڭ»، «گۈلمېھرى»، «ئۈچ ياش» قاتارلىق 20 نەچچە ئەسىرى مەملىكەتلىك، غەربىي شىمال ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.



ئۇ پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن بىللە.



ئۇ مەرھۇم ئەھمەد زىيائى بىلەن بىللە.



ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن.

# تارىم

باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئارسلان

مەسلىھەتچىلەر

ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەين، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئەمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمەدى، زوردۇن سابىر.

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

42-يىل نەشرى

9

1992

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ت. ئابابەكرى ........ يالغۇز تۇرنا (ھېكايە) ........ 4
ئا. ھاشىم ........ ئاخىرقى بىر كۈن (ھېكايە) ........ 10
ئا. ئىسمائىل ........ مەڭگۈلۈك ھەمراھ (پوۋېست) ........ 50
ئې. ساۋۇت ........ تۈزكورلۇق (ھېكايە) ........ 102
م. لىتىپ ........ ئەسلە ۋە ئۇنۇتما (ھېكايە) ........ 111


## شېئىرلار


م. سادىق ........ سەپەردىكى كۈنلەردە ........ 36
م. راشىدىن ........ بىرى تىكەن، مىڭى گۈل، گۈلىستانغا ئوخشايمىز ........ 38
ئا. ھوشۇر ........ تۇرمۇش لىرىكىلىرى ........ 43
ئە. جاپپار ........ جەڭچى غەزەللىرى ........ 45
ب. يۈسۈپ ........ مەن ئۆلجىمۇ ياكى قەھرىمان ........ 48
ق. سوپى ........ ئېخ! قىزىل نۇر ........ 94
ت. ھەسەن ........ دالا سۈرەتلىرى ........ 94
غ. رەھىم ........ ئىناقلىق كۈيى ........ 95
ئە. مەتقۇربان ........ ئاھ، ئىناقلىق سەن ھاياتنىڭ يۈرىكى ........ 96
ت. ھۈسەيىن ........ ھەرگىز ........ 97
م. خېۋىر ........ تۈيغۇ چېقىنلىرى ........ 97
ئا. مەھەممەت ........ غەزەللەر ........ 99
م. مېھمان ........ ھايات سۆيگۈسى ........ 101
ئا. ئابدۇللا ........ شېئىرلار ........ 119
ئا. ھېيت ........ ئىككى شېئىر ........ 122
چ. ئاۋۇت ........ قىيادىكى ئارمانلار ........ 122
ر. ئىسرايىل ........ يانىدۇ سۆيگۈ، يانىدۇ يۈرەك ........ 123

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


يۇلتۇز ............ تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى...... 125
م. شاۋۇدۇن ............ مۇھەررىر — سىنچى ............ 135
ئا. ھاشىر ............ «يىغلىما قىز» ھەققىدىكى قاراشلىرىم ............ 148


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


م. ئابدۇمالىك ............ قورقۇنچاق ئادەم (ھېكايە) ............ 152


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


پېشقەدەم يازغۇچى تۇردى سامساق ۋاپات
بولدى ............ 157
جۇڭگو قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتىنىڭ 1 - قۇ-
رۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى ............ 159
مۇھەررىرلىرىمىز مايتاغدا ............ 159


* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى م. ئايۇپ يازغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشمۇھەممەت ئابابەكرى



# يالغۇز تورنا

(ھېكايە)

تۇرمۇشتىكى خېلى چوڭ-چوڭ ئىشلارمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەمنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن. بەزىبىر كىچىككىنە ۋەقەلەر بولسا، ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالىدىكەن. تۇۋا دەيمەن، كىچىك چېغىمدا بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىش تا ھازىرغىچە خىيالىمدىن نېرى كەتمەيدۇ...

بۇ ۋەقە شىمالدىكى بىر سازلىقتا يۈز بەرگەنىدى. ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى يەكشەنبە كۈنى سۈبھى كۆتۈرۈلگەن چاغ ئىدى. مەن ئالدىنقى كۈنى دادامنىڭ ئاپامغا:

— ئانىسى، مەن ئۆگۈنلۈككە ئوۋغا چىقماقچى بولۇۋاتىمەن، ئوۋغا لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويارسەن، — دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. بۈگۈن كۆڭۈللۈك سەيلىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئويقۇم ئويقۇ بولماي قالدى-دە، يوتقاندىن ئاستاغىنە سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم.

— بالام، ئۆندەرەپ قالدىڭمۇ؟! تېخى ئەتىگەنغۇ، يەنە بىر دەم ئۇخلىۋال، قوزام!

ئاپام سۆزلىگەچ ئاسما چىراغنىڭ يىپىنى تارتىۋېتىپ، چايخانىغا چىقىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن چايخانىدىن قاچا-قۇچىلارنىڭ يەڭگىل تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن تاقەتسىزلىنىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاپامنىڭ يېنىغا چىقتىم، ئوچاق بېشىدا مۈكچىيىپ تۇرغان ئاپام مېنىڭ شەپەمنى ئاڭلاپ، ئۈتتىك مەن تەرەپكە قايرىلدى. مەن تىرنىقىمنى تاتىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا دادام بىللە ئوۋغا چىقىش خىيالىم بارلىقىنى ئېيتتىم.

— جېنىم بالام، داداڭنىڭ مىجەزىنى دېمىسەممۇ ئوبدان بىلىسەنغۇ! داداڭ ئوۋغا چىققاندا، ھەرگىز بالا

ئەگەشتۇرمەيدۇ، — دېدى ئاپام مېنى ئۈمىد-
سىزلەندۈرۈپ، لېكىن مېنىڭ توغرا سۇ
سازلىقنى بىر كۆرۈش ئىستىكىم خۇددى
چېچەك پەسلىدىكى تاغ سۈيىدەك بارغان-
سېرى ئۇلغىيىپ باراتتى. مەن قورقۇپ
ئەيمەنمەي، دادامنىڭ يېنىغا كىردىم.
دادام باش كۆتۈرمەي مىلتىقنىڭ زات-
ۋورىنى خۇددى قومۇچ قورۇغاندەك قاراس -
قۇرۇس قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئولتۇ-
راتتى. مەن بىرئاز تورگۇنلىشىپ قالدىم.
بىردىنلا دادامغا يېقىن بېرىپ، ئارس-
لاندەك ئۈنىڭغا ئاستا سۈركەلدىم. دا-
دام خۇش ياقمىغاندەك ئاستا مەن تە-
رەپكە بۇرۇلدى:

— ھوي، «سەگەك يىگىت»، بۇ
كەمدە تەپسىمۇ تەۋرىمەيتتىڭ، ئاپاڭ
يوتقاننى يىغىۋەتسىمۇ، «بۇخارا» غا قىل-
غان زىيارىتىڭ تۈگىمەيتتى... بۈگۈن
نېمە بولدۇڭ؟ تورغاي چۈچۈلىماستا
تۇرۇۋاپسەنغۇ؟!

— مېنى ئوۋغا بىللە ئېلىپ چىق-
سىڭىزكەن، ئاپئاق دادا...— دېيەلىدىم
بەدىنىمگە بىر قاپاق سۇ قۇيۇلغاندەك
ئەندىكىپ. دادامنىڭ چىرايى سەل قارى-
داشقا باشلىدى... مەن قاتتىق خورسىنىپ
قويدۇم.

سازلىقتىكى مەنزىرىلەرنى بىر كۆر-
سەم مۇرادىم ھاسىل بولاتتى. رىشات
مۇئەللىممۇ خۇددى قارىغۇنى ياردا قىس-
تىغاندەك ماقالە يېزىپ كەلمىسەڭ مەۋسۇم-
لۇك ئىمتىھاندا تىل - ئەدەبىياتتىن ئال-
غان نومۇرىڭنىڭ ئون پىرسەنتىنى تۇتۇپ
قالىمەن، دەۋاتمامدۇ؟! بىراق كاللام
مېيى تۆكۈۋېتىلگەن قاپاقتەك قۇپقۇرۇق
تۇرامدۇ... ئوۋچىلىق جەريانىنى ئۆز
كۆزۈم بىلەن بىر كۆرسەم ئىدىم، زىيا-
رەت خاتىرىسىنى قىينالمايلا يازاتتىم.

مەن دادامنى ئەگىشىپ بوتىلاقتەك
ئەركىلەيتتىم. دادامنىڭ ئېرىيدىغىنىغا
ھېچ كۆزۈم يەتمىسىمۇ، پۇت - قولىغا
رودىپايدەك چىڭ يېپىشتىم. دادام ئور-
نىدىن دەس تۇردى - دە، مىلتىقنى ئەپ-
چىللىك بىلەن مۈرىسىگە ئاستى ۋە مېنى
يېتىلەپ ماڭغاچ سۆزلىدى:

— سەن - زە، ماقالەڭنىڭ ماتېرىيالىنى
مېنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشۇمدىن ئىزدەي-
دەپسەن - دە، مەيلى بارسائىمۇ بار، بۇ
قېتىم ئوقۇغۇچىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلاي،
يۈر، ناشتا قىلايلى!

مەن يايراپ كەتتىم. بۇ چاغدا
دادامنىڭ ساقال - بۇرۇت قاپلاپ كەتكەن
چىرايى ماڭا بەكمۇ يېقىملىق كۆرۈندى.
دۇنيادا پەرزەنتىگە كۆيمەيدىغان ئاتا
بولامدۇ!؟

بىز تېزلا جابدۇنۇپ كۈن ئىلاپىدىن
چىقىشتىن بۇرۇن يولغا چىقىۋالدۇق.
دائىم تۇرمەل ھالەتتە يۈرىدىغان ئالا
بويناق قىزىل لازىدەك تىلىنى چىقى-
رىۋېلىپ، بىردەم ئالدىمىزدا پەيدا بولسا،
بىردەم ئارقىمىزدا قالاتتى. بەزىدە خېلى-
غىچە مۆكۈنۈپ مېڭىپ، يولغا ياندىشقان
ئېرىقتىن شارتتىدە چىقىپلا، ئاق قاناتنى
(بوز يورغىنى شۇنداق ئاتايتتۇق) قىس-
تاپ كېلىپ، بوش - بوش قاۋاپ قوياتتى.
ياكى خۇددى سەدەپ سۆزگۈچكە ئوخشاش
ئاق ھەم ئۇزۇن چىشلىرى بىلەن ئاق
قاناتنىڭ قۇيرۇقىنى يەڭگىل تاراپ قو-
ياتتى. ئاق قانات ھېچ نېمە كۆرمىگەن-
دەك يېنىك - يېنىك پۇشقۇرتۇپ، تىز-
گىن سىيرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى.

ھەممە يەر ياپيېشىل. قويۇق ئورماندا شەپىمىزنى ئاڭلىغان قۇشلار پالاق - پۇلۇق قىلىشىپ شاختىن - شاخقا يۆتكىلەتتى. مەن چەكسىز دالا ۋە ئورماندىكى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى، رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەرنى، خىلمۇ خىل قۇش ھەم ئۇششاق جانىۋارلارنى كۆرۈپ قانمايتتىم. شۇڭا سەپىرىمىزنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇشىنى تىلەيتتىم.

شۇنداق قىلىپ بىز باھار پەيزىنى سۈرگەچ «بۆلدۈرگەنساي» دىن تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، غەربكە ئەگىدۇقتە، چەكسىز قومۇشلۇققا كىرىپ كەتتۇق.

ئاپرېلنىڭ مەيىن شاملى يۇمران قومۇشلارنىڭ بېشىنى يەڭگىل سىيلاپ ئۆتەتتى. باھار قۇياشى ئۆتكەن يىلقى قومۇشلارنى ئالتۇن رەڭگە كىرگۈزۈپ تاۋلىۋەتكەنىدى. بۇ قېرى قومۇشلار ئەۋلادلىرى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك تۈلكە تۇماقلىق باشلىرىنى ھەسرەتلىك چايقايتتى. بىز بولساق سازلىققا ئىچكىرىلەپ باراتتۇق.

— يېتىپ كەلدۇق، — دېدى دادام ئاق قاناتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، — مۇشۇ قارىياغاچ تۈۋىگە چۈشەيلى.

مەن خانجىرىمنى يېشىپ خۇرجۇننى يەرگە ئالدىم.

— ھاۋا بەك قىزىپ كەتتى، — دېدى دادام قىزىرىپ چىلان رەڭگە كىرگەن يۈزى ۋە چېكىم - چېكىم پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — مۇشۇ كۆل بويىدا ئارام ئالغاچ غىزالىنايلى. جان - جانىۋارلار، قۇشلارنىڭ پىتىرىشىدىغىنىغا يەنە بىر ئاش پىشىم ۋاقىت بار.

راستىنىلا كۈن غەربكە يانپاشلىغاندا، بۇ سازلىق ئاجايىپ جانلىنىپ كېتىدىكەن، چىللار «بۇلدۇر - بۇلدۇر» قىلىشسا، قاغىلار قاقىلداپ، غاز - ئۆردەكلەر غاقىلدىشاتتى. ئاق قۇشقاچنىڭ سازىغا بەزىدە بوز تورغايمۇ جور بولاتتى. بۆجەنىلەرنىڭ «ۋىك - ۋىك» قىلىشلىرىچۇ تېخى! بۇ بەئەينى دىرىژورسىز ئورۇنلىنىۋاتقان تەبىئىي سىمفونىيە ئىدى. ھاياتلىق ناخشىسى ياڭرىماقتا...

— تۇرنا، — دېدى دادام سول كۆزىنى قىسقان ھالدا خىيالىمنى بۆلۈپ. ئۇ خۇددى ئايرودرومغا چۈشمەكچى بولۇۋاتقان ئايروپىلاندەك قانات سوزۇپ پەسلەۋاتقان بىر جۈپ قۇشنى بىگىز قولى بىلەن كۆرسەتتى، — ئەگەر بۇ يەر تاقىر جاڭگال بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇزۇق ئىزدەۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ ئاق قانات بىلەن ئوقتەك چېپىپ باراتتىم - دە، قامچە بىلەن تىك موللاق چۈشۈرەتتىم. ھەي بالام بىلەمسەن، تۇرنىدا يەردىن دەرھال كۆتۈرۈلۈپ كېتەلمەي، بىر پەس يۈگۈرۈپ ئاندىن ئۇچىدىغان ئاجىز تەرەپ بار، ئۇنى ئاشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاسان ئېتىۋالىمىز.

دادام گېپىنى تۈگىتە - تۈگەتمەيلا قارىياغاچقا يۆلەپ قويغان مىلتىقىنى قولىغا ئالدى - دە، بىزدىن 30 — 40 مېترچە نېرىدا پەسلەۋاتقان، تەقى - تۇرقى غازدىن سەل ئۇزۇنچاقراق، غاز بويۇن، شادا پاچاق، ئاق مەيدىلىك كۆل رەڭ قۇشقا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. پاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قولاقلىرىنى شىنىشايتىپ بىر نىشانغا، بىر دادامنىڭ كۆزىنىڭ

ئىچىگە تىكىلىپ تۇرغان ئاق بويناق قارشى تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى...

ئوت - چۆپ، قومۇشلار ئارىسىدىن ھېچنېمىنى كۆرەلمەي بەك ئىچىم پۇشتى. خۇرجۇندىن دۇربۇنۇمنى ئېلىپ بوينۇمغا ئاسقاچ ئىتتىكلا قارىياغاچنىڭ ئاچىسىغا چىقىۋالدىم. پاھ، دۇربۇن دېگەن دۇربۇن - دە! شۇنداق قارىسام، كۆچتۈڭگۈر ئالا بويناق بوراندەك كېتىۋېتىپتۇ، يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان قومۇش يىلتىزلىرى ئارىسىدا يولى توسىلىپ قالغان ئالا بويناق گاھ ئارقىسىغا، گاھ ئىككى يېنىغا سەنتۈرۈلەتتى. ئۇ بەزىدە ئېسەنكىرەپ قالاتتى - دە، گويا يېڭى بىر ئەقىل تاپقاندەك كاڭشىپ قويۇپ، يۆنىلىشىنى سەل - پەل ئۆزگەرتىپ ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇ يۈگرە - يۈگرە ئاخىرى يىقىلغان قۇش يېنىغا يەتتى. بىراق ئالدىدا پالاقشىپ ياتقان ئولجىغا ئېغىز سېلىشتىن ئەيمىنىپ قالدى. جۈپتىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان يالغۇز قۇش ئالا بويناققا ھەيۋە قىلماقتا ئىدى.

— نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ — دېدى ئىچى پۇشۇپ كەتكەن دادام بويىنىنى زىراپىدەك سوزۇپ.

— ئالا بويناق ئولجىنى ئالالمايۋاتىدۇ، — دېدىم تەشۋىشلىنىپ. دادام ئىشەنمىگەن ھالدا بەردەڭگىنى قايتا ئوقلاپ، قارىياغاچنىڭ ئاچىسىغا چىقتى - دە، ئەھۋالنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، قىسقا بۇرۇتى تىترەپ كەتتى. مەن ئەمدى دادام تۇرنىنىڭ جۈپتىنىمۇ ئاتىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم، بىراق ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. قېلىن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، ياقىسىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپلا قالدى.

ئالا بويناق ئولجىنى ئېلىپ كېلىۋاتسا كېرەك. يالغۇز تۇرنا قانات كېرىپ بىز تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى. بىز دەرەختىن چۈشۈۋالدۇق. ئۇ بېشىمىزدا ھەسرەتلىك قىقاس بىلەن نالە - زار قىلىپ توختىماستىن ئايلىنىشقا باشلىدى. قۇشنىڭ نالىسى قەلبىمنى يوغان بىر غايىۋى قول ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغاندەك بىئارام قىلىشقا باشلىدى... دېمەك شادلىقىم غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپ بۇلۇت قوينىغا مۆكۈنگەن زىمىستان قىش ئاپتىپىدەك بىردەمدىلا غايىب بولدى.

ئالا بويناق ھالسىرىغان ھالدا ئولجىنى ئېلىپ كېلىپ، ئالدىمىزغا تاشلىدى. ئۈستىمىزدە ئايلىنىۋاتقان يالغۇز قۇشنىڭ پەرياد - سۈرىنى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى...

ئىزغىرىن شامال ئەمدىلىكتە چىپپىدە توختاپ ماتەمدە تۇردى. ئۆتكەن يىلقى قېرى قومۇشلار بۇ يىلقى مايسىلىرىنىڭ يۇمران بېشىنى گەۋدىسىگە يۆلىگەن ھالدا سۈكۈت قىلدى. ھەتتا مېنىڭ نەزەرىمدە «ھاياتلىق ناخشىسى»نىڭ نەپىسى ئۈزۈلگەندەك... ھەممە ياق تىمتاس، پەقەت تۇرنا ھازىسىنىڭ ئەسىرى پۈتكۈل سازلىق، ياق، پۈتكۈل تەبىئەت!!!

— بۇنداق ۋەقەنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆردۈم، — دېدى دادام دۇرۇت ئوقۇغاچ پوكىنىدا قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان قۇشنى غانجۇغىلاۋېتىپ، — تۇۋا!

بىز كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە سازلىقتىن ئايرىلدۇق.

* *

كەچقۇرۇنلۇقى نادىر بوۋام يۆتىلىپ، قېقىلىپ يادەك ئېگىلگەن ھالدا بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇرۇن ئانچە ئىزدەشمىگەن بولساقمۇ، مەخسۇت بوۋام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېقىن دوستى — نادىر بوۋامنى دادام بىلەن ئاپام ئاتا ئورنىدا، بىز بولساق ئۆز بوۋىمىزدەك كۆرۈپ كېلىۋاتاتتۇق. قىسقىسى، ئۇ بىزنىڭ «ھايات مازار» ىمىز ئىدى.

— كەلسىلە، — دېدى ئاپام بىلەن دادام تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، مەنمۇ چاققانلىق بىلەن بوۋامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولتۇقىدىن يۆلەشتۇرۇپ، سۇپىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم.

— بۇ قېتىم نېمە ئۇۋلاپ كەلدىڭ؟ — دېدى نادىر بوۋام بىر قۇر ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن نۇرسىز كۆزلىرىنى دادامغا تىكىپ.

— تۇرنا، — دېدى دادام پەسكويدا.

— تۇرنا دېدىڭمۇ؟! — دېدى بوۋام تەكرارلاپ، — قانداقسىگە بۇ قۇشنى ئوۋلاپ قالدىڭ، بالام!؟

دادام بۈگۈنكى كۆڭۈلسىز ئىشنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

— ۋابال قىپسەن، ۋابال، — دېدى بوۋام دادامنىڭ سۆزى ئاياقلاشمايلا، نارازى بولۇپ، — تۇرنا — ئالىي پەزىلەتلىك قۇش. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى چىن دوستلۇق، ساپ مۇھەببەتتىن تۆرەلگەن، تۇرنا مۇبادا تورلۇك ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن جۈپىتىدىن ئايرىلىپ قالسا، ھىجران ئازابىدا مەجنۇن، سەۋدا بولۇپ، قىرىق يىل يالغۇز، بېگانە ياشاشقا رازىكەن، باشقا تۇرنا بىلەن ئىككىنچى جۈپلەشمەيدىكەن. مەنمۇ بىر چاغلاردا ئوۋچى ئىدىم، ئوۋچى دېگەننىڭ ئوۋغۇ مۆرىتى كەلسە، كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ھەۋىسى، ئەپسىنى بىر بالا دېسەڭمۇ بولىدۇ. مەن ئاشۇنداق ساراڭلىقىمنىپ، خۇدۇمنى بىلمەي يۈرگەن چاغلىرىمدا، باللىرىنى ئىمىتىۋاتقان كېيىكلەرنى، بوغاز تاغ ئۆچكىلىرىنى ۋە باشقا ئۇششاق ئۇچار قاناتلارنى ئاتسام ئېتىپ تاشلىغاندىمەن، ئەمما — زە، ھەرگىزمۇ جۈپى بىلەن يۈرگەن تۇرنىنى ئاتمىغانىدىم. ھەي، مۇشۇ كۇنلەردە پۇشايمان قىلىمەن! بەزىلەر «نودەركامنىڭ قولىنىڭ تىترىشى ئوۋچىلىقنىڭ كاساپىتىدىن بولغان» دېيىشىدىكەن. مەن بۇ گەپكە ئانچە ئىشەنمىسەممۇ، ئوۋچىلىقنىڭ قاملاشمىغان كەسىپ ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن. بالام، ئەتە — ئۆگۈن سەنمۇ پۇشايمان قىلىپ قالىسەن، ئۆھۈ - ئۆھۈ - ئۆھۈ...

نادىر بوۋام قېقىلىپ يۆتىلىشكە باشلىدى. دادام كىچىك بالىدەك خورسىنىپ بوۋامنىڭ غولىنى ئۇۋۇلاپ قويدى. مەن ئاسقىدىن پاكىز لۆڭگىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزىنى سۈرتتۈم. بوۋام ئېغىر تىناتتى...

— قۇش قانىتىدىن، ئادەم مېڭىسىدىن قېرىيدۇ، باللىرىم، باياتىن ئالجىغاندەك بىر نېمىلەرنى دەپ كېتىپتىمەن، ھەي، قېرىلىق، ھەي قېرىلىق...

شۇ ئەسنادا ئاپام ئوخشىتىپ ئېتىلگەن، ھور چىقىپ تۇرغان چۆچۈرىنى ئېلىپ كىردى.

— تۇرنىنىڭ گۆشىدە ئەتمىگەنسەن،

قىزىم، بۇ چۆچۈرىنى؟!— سورىدى بوۋام
غەلىتە ئاۋازدا.
— يوقسۇ، ئاتا.
ئاپامنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى...
مەن ئاپامنىڭ مىسكىن چىرايىدىن
قانداقتۇر بىر ئېغىر تەشۋىشلىك، خىـ
جىللىقنى ئېنىق كۆرگەندەك بولدۇم.
بوۋامنىڭ ياپتى چاقچىقى ھەممىـ
مىزنىڭ گەجگىسىدىن سىلكىشلەشتۈرۈپ
نوتۇيغاندەك، بىزنى سەگىتىپ قويدى.

*  *

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ئاپام
يۇقسىزلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.
مەن يېتىملىك دەردىدە بوينۇمنى غېرىـ
بانە قىسقان ھالدا قالدىم. ئاھ، خۇدا،
ئاپامنى ئېلىپ كەتكىچە مېنى ئېلىپ
كەتسەڭچۇ!
دادامنىڭ ساقال - بۇرۇت قاپلاپ
كەتكەن چىرايى مۇڭلۇمغا مۇڭ قوشاتتى.
ئاشۇ ئىشلاردىن كېيىن خىيالىمغا يالـ
غۇز تۇرنا كىرىۋالدىغان بولدى.
مەن بىر يەكشەنبە كۈنى ئات بېـ
قىشنى باھانە قىلىپ سازلىققا باردىم، قارـ
ياغاچ بۇرۇنقىدىن مۇكچىيىپ كېتىپتۇ،
يالغۇز تۇرنا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.
مەن خۇددى بىزنىڭ ئاق بويناققا ئوخـ
شاش قورقۇپ ئەيمىنىپ، تۇرنا يىقىلغان
يەرگە تەستە باردىم. نېرىراق يەردە
پەيلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر تۇرنا
تۇراتتى... ئۇنىڭ ئۇچقىدەك ماجالى يوق،
كۆزىدىن ھەسرەتلىك نۇر ياغاتتى.
ئاھ، يالغۇز تۇرنا...
ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ باقايمۇ؟ ئۇنـ
داق قىلسام دادام كۆرۈپ قالسا ئازابـ
لانماسمۇ؟ ھېلىقى قازناقتا دادامغا
كۆرسەتمەي باقسامچۇ؟
مەن شۇنداق قىلدىم، ئارىدىن
15 كۈن ئۆتكەندە دادام سېزىپ قالـ
دى... مەن دادامنىڭ كۆرۈنمەس كۆ-
ڭۈل جاراھىتىگە تۇز سەپمەي دەپ تېخى
ئوڭلىنالمايۋاتقان تۇرنىنى قويۇۋەتتىم.
ئەمدى ئۇ قانچىلىك ئۆمۈر سۈـ
رەر؟! ئاھ، خۇدا، مەن ئۇچۇن بولسىمۇ
ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! مەن
دادامدىن، بىچارە دادامدىن ئايرىلىپ
قېلىشتىن بەك قورقۇۋاتىمەن...
مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

(بېشى 134 - بەتتە)
ھاياتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - تو-
قايلىققا ئىگە. دادام ئارىمىزدىن كەتتى.
سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە
دادامنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازى ساقلىنىپ
قالدى. ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرىدەك
تەبىئىي، تاغ سۈيىدەك راۋان شېئىرلىرى
ھەممىلا ئادەمنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا
سازاۋەر بولدى.
دادام پۈتكۈل ئۆمرىدە ئۆز ۋىجدانىغا
سادىق بولدى. ئۇ شېئىرىيەتكە مۇھەببەت
باغلاپ، شېئىرىيەت يولىدا كۆز يۇمدى.
شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس،
مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى بەس.
پىكىر - يۈرىكىم، مىسرالار تومۇر،
ھەرپلەر قېنىم، ۋەزىنلەر نەپەس.
دادام تېپىپجان ئېلىيېۋ مانا
مۇشۇنداق شائىر ئىدى...
مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇكېرىم ھاشىم

# ئاخىرقى بىر كۈن

(ھېكايە)

مەن سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. كېچىچە ياغقان قار تېخىچىلا توختىماي لەپىلدەپ چۈشۈۋېتىپتۇ. قورۇغا قار دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ.

ئۈچ ئايدىن بېرى يىراق چەت يېزىلاردا مۇخبىرلىق قىلىپ يۈرۈپ تۈنۈگۈنلا قايتىپ كەلگەنىدىم. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن قولۇمغا كۈرەك ئېلىپ قورۇغا چىقتىم. ئىشنى ئەمدىلا باشلاپ تۇرۇشۇمغا ئارقا تەرىپىمدە قارنى غاچىلدىتىپ دەسسىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، زىيالىي ئەپەندى، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

مەن ئالدىمدا تۇرغان تونۇش چىراينى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇ ماڭا سارغۇچ قاشلىرى ئاستىدىكى پىستە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈپ، دىقماق قوللىرىنى ئۇزارتىپ تۇراتتى.

— كەل، ئابىت، سېنى بۇ ياققا قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدىم ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ، — ئۆيگە كىر، ئۆيگە...

— ۋاھ، كەلمەي - كەلمەي كەلگىنىڭگە ياغاچ ئۇشتۇۋېتەيمۇ دېگەنىدەك، — چاقچاق قىلدى ئابىت، — شۇنداقمۇ؟ ئۆيىنىڭ قارنى تازىلىۋېتەي دەپسەن - دە، — ئۇ ئۆي تەرەپكە مېڭىپ توختىماي سۆزلەشكە باشلىدى، — شۇنچىۋالا قارنى ئۆزۈڭ يالغۇز قاچان توشۇپ بولىسەن؟ پاھ، قارا سېنىڭ غەيرىتىڭنى، راست، زىيالىي خەق چەبدەس كېلىدۇ. قەلەم تۇتقان قولدا گۈرجەكمۇ تۇرىدۇ، دەپسەن - دە، بىزگە ھايت دەۋەتسەڭ، كېلىپ توشۇشۇپ بەرمەمدۇق.

— بۇ...

— سېنىڭدەك دائىملا قەلەم تۇتۇپ ماقالە يازىدىغان ئادەمگە كەتمەن - كۈرەك تۇتۇش ياراشمايدۇ.

مۇندىن سەككىز يىل ئىلگىرى ئابىت بىلەن قۇشخانىدا بىللە ئىشلىگەنىدىم. ئۇ مال سوياتتى، مەن ناھىيىلەردىن مال يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل ئىدىم. كېيىن مەن گېزىتخانىغا يۆتكەلدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئىزدەشكۈدەك ئۇنچىۋالا

قويۇق مۇناسىۋىتىمىز بولمىغاچقا، شۇندىن بېرى ئۇنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم.

— داڭقىڭىنى ئاڭلاپ تۇردۇم، سابىت،— دېدى ئۇ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ قارا سوكنا پەلتوسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشۋەتەتى،— رادىئو، گېزىتلەرگە ماقالە يېزىپ قالتىس شائىرلىق قىلىۋاتىسەن جۇمۇ، ئاداش...

— خىزمەتكەن، — دېدىم ئۇنىڭغا ئارانلا ئاڭلىنىپ،— سەنمۇ جەمئىيەت ئۈچۈن ئىشلەۋاتىسەنغۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ تۆھپە ياراتساڭ سېنىمۇ گېزىتكە يازىمەن.

ئابىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى-دە، ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. كۈلكىدىن ئۇنىڭ سارغۇچ قاشلىرى ئاستىدىكى پىستە كۆزلىرى بىردە قىسىلىپ، بىردە ئېچىلغاندا غايىبانە غالىبلىقنىڭ بىر خىل ئۆتكۈر نۇرى چاقناپ كەتتى.

— كۆڭلۈمدىكىگە. پال ئاچقانىمدىك نېمە؟ مەنمۇ دەل مۇشۇ ئىش بىلەن سېنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم،— ئابىتنىڭ كۆزلىرى كۈلكىدىن تېخىمۇ قىسىلىپ پۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ سېمىز، دۇغۇلاق گەۋدىسىگە ئانچە ياراشمىغان قارا سوكنا پەلتوسىنىڭ يېڭىدىن چىقىپ تۇرغان قىسقا، دىقماق قوللىرىنى ھەدەپ شىلتىپ سۆزلەشكە باشلىدى،— كېرەككە تېرەك يىقىلىپتۇ، دېگەن شۇ-دە، كۆزۈمگە قاراپ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالغاندەك قىلىسەنغۇ، ئۆزۈڭمۇ يەر ئاستىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدىغان ئادەمسەن-دە، شۇنىڭ ئۈچۈنمىغۇ ماقالە يېزىپ شائىر بولدۇڭ، مانا ئەمدى شۆھرەتىمۇ تېپىۋاتىسەن.

ئايالىم ئابىتنىڭ خېلى ئېغىر مېھمان بولۇشقا كەلگىنىنى سەزدىمۇ-قانداق، قىلىۋاتقان ئىشىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ چاي دەملىدى، ئارقىدىنلا تاماققا تۇتۇش قىلدى.

— راست، قورۇيىڭىنىڭ قارلىرىنى تازىلاش كېرەك ئىدى-ھە؟— دېدى ئابىت ئاغزىغا ئاپارغان چىنىنى دەرھاللا شىرەگە قويۇپ،— مۇنۇ قورساقتىكى ئىشلىرىمنى ساڭا سۆزلىگىلى تۇرسام خېلى ۋاقتىڭنى ئالدۇ جۇمۇ، سېنى ئىشتىن قويىدىغان بولدۇم، توختا، مەن دىككىدە تالاغا چىقىپ كېرەي، سەن چەندەك تەخىر قىلىپ تۇر، سېنىڭمۇ ئىشىڭ پۈتسۇن، مېنىڭمۇ...

ئابىت ئورنىدىن تۇرۇپ پەلتوسىنىڭ تۈگمىسىنى ئالدىراش ئەتتى، قۇلاقچىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ چىقىپ كەتتى.

— ۋاي، نەگە بارىسەن؟— سورىدىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەيران بولۇپ.

— چەندەك تەخىر قىلىپ تۇر. دېدىمغۇ،— بوسۇغىدىن ئاتلاپ ۋارقىرىدى ئۇ،— ھازىرلا كىرىمەن.

ئۇ، شۇنداق ئالدىرىغىنىچە قورۇدىن چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي ئىككى ئادەمنى باشلاپ يەنە كىرىپ كەلدى.

— سىلەر تازىلايدىغان قار مانا مۇشۇ،— دېدى ئۇ ئۆزى باشلاپ كەلگەن ھېلىقى ئىككى ئادەمگە،— ئالدى بىلەن ئۆگزىنى تازىلايسىلەر، ئاندىن مۇنۇ قورۇدىكى قارلارنى سىرتقا ئەپچىقىپ تۆكىسىلەر، پۇلى بايا بىز سۆزلەشكىنىمىزدەك بولىدۇ، ئىش پۈتكەندە قولۇڭلارغا نەق بېرىمەن.

www.uyghurkitap.com

— بۇ... بۇ... — مەن ئابىتنىڭ بۇ زاپاۋىتىگە بەكلا ھەيران بولدۇم، — بۇ ئىشىك بولمىدى، زادىلا بولمىدى، بۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلىۋېتىمەن، سەن مېھمان تۇرساڭ، ئۇلارنى. — سېنىڭ باشلاپ كەلگەن بۇ بۇرادەرلىرىڭنى ئىشقا سالساق قانداق بولىدۇ. ئۆز ئىشىنى قىلالمىغان باشقىلارنىمۇ سەرسان قىلىدۇ، دېگەندەك ئىش بولمىسۇن يەنە، ھەرقانچە بولسىمۇ، ئالدى بىلەن تائام، ئاندىن كالام، بۇلار ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچسۇن.

— ھاجىتى يوق، غەم قىلما، مېنىمۇ مېھمان دەۋاتامسەن؟ — دېدى ئابىت مېنى قولۇمدىن ئۆي تەرەپكە تارتىپ، — يۈرە، كىرىپ كېتەيلى، پارىڭىمىزنى قىلىمىز، بۇلار ئىشىڭنى پۈتتۈرۋېتىدۇ، جاجىسى پۇل، ئۇلارلا ئەمەس، شاھ - ئەۋلىيا، شەيتاننىمۇ پۇل بىلەن ئېزىقتۇرغىلى، پۇل بىلەن ئېشەك قىلىپ مىنگىلى بولىدۇ، پۇل بىلەن ئادەم سېتىۋالغىلىمۇ بولىدۇ. ساڭا دېمەكچى بولغىنىم بۇنىڭدىنمۇ زۆرۈر ئىش. مانا ئەمدى گېپىمگە قۇلاق سېلىپ ئاڭلا، — دېدى ئابىت ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، يەنە بايىقى ئورۇنغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئالدى بىلەن چېيىڭنى قوي، گېلىم قۇرۇپ قالمىسۇن، خوش، ئەمدى ئۆز گېپىمگە كەلسەم، مېنى گېزىتكە يازساڭ دەيمەن. بۇ مەن ئۈچۈن، كەلگۈسى ئىستىقبالىم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، دوستۇم، بۇنىڭ ھاياتىمدىكى ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرسەم قارا، ھازىر بىزنىڭ ئەركىن بازاردىكى گەلەنتىرلەرنىڭ كۆزى ئاشۇ بىرلا ئادەمگە ھەممە تىكىلىپ قالدى، قايسى ئادەم دەمسىنا؟ ھازىر بۇ ئاڭقاۋلار يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باش ئاتامانى، بۇنداق دېسەم يەنە باشقىچە ئويلاپ قالما، رەئىس دەمسىنا؟ بەللى، شۇ مەنسەپنى چاڭگىلىمغا كىرگۈزۈپ، مۇشۇ ئەتىدىن - كەچكىچە تىنىن - پېيىن دەپ پالاقلاپ يۈرۈيدىغان ئىشىمنى تۈگىتەي دەۋاتىمەن. گەلەنتىرنىڭ ئاقساقلى بولۇۋالدىڭ دېگەن گەپ بۇ ئۆزى چوڭ مەنسەپ - تە، ئۇنىسىغۇ بىر نۆرى، قولۇڭغا قۇۋۇرغىسى يوق پۇللارمۇ كىرىدىپ تۇرىدىغۇ، ئىش مانا شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە گاچچىدە مېنى گېزىتكە يېزىپ، نامىمنى بىر چىقىرىۋەتسەڭ، ھېلىقى ھاڭقاۋلارنىڭ كۆزى دەرھاللا ماڭا چۈشىدۇ دېگىنە، ئۆزۈممۇ يەلتاپان قارىيلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ قولىغا شۇ گېزىتتىن تۇتقۇزۇپ قويۇپ، چۈنىدەك گىژىلدىشىپ توپلاشقان گەلەنتىرلەرنىڭ قېشىدا ئاۋازلىق كانايدەك بىر - ئىككىلا ۋالاقلىۋەتسەملا ئۇلارنىڭ نەزەر - گۆزىرى چۈشۈۋاتقان ھېلىقى چەكچەكتىن دەرھاللا ماڭا ئۆتىدۇ دېگىنە، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقساق، مانا قارا، ھوقۇق ئاكاڭ قارىغاينىڭ قولىدا ئويناپ كەتمەمدۇ، ئۇ چاغدا ساڭىمۇ پايدىسى يېتىدۇ. بۇغۇ قۇرۇق ھېساب، بەلكىم قۇرۇق ھېسابنىڭ ئەتىۋارى يوقتەك بىلىنەر ساڭا، ئەمما تۆككەن تەرىڭ كۆمۈلمەيدۇ، سابىت...

— ئاكتىپ ئامىللارنى گېزىتتە تەشۋىق قىلىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، — دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — لېكىن سېنىڭ ئىشىڭدا بۇنىڭ قانچىلىك رولى بولار؟ جەمئىيەتلاردىكى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە نېمە سان بار...

— سەن بۇ جەھەتتە غەم قىلما،

جاجىسى پۇل. ماڭا ئاۋاز بەرگەندە، ئىتنىڭ ئاغزىغا بىر پارچە لوق گۆش، گۆشنى يېگەن ئىت ئەلۋەتتە سەن ئۈچۈن قاۋايدۇ، سەن بىر چەتتىن سۆيۈمنى ئۇلغايتىپ بەرسەڭ، ۋاھ - ھا! ئۇ چاغدا ھەممە مېنىڭ كېيىمنى قىلمىغىنىنى كۆرەي، ھېلىقى پاكىنەك چەكچەكمۇ سۇغا چىلىشىپ قالىدۇ... مانا شۇنداق يۆلەنچۈكۈڭ تاغ بولسا، ئۇرغان مۇشتۇمۇڭ بازغان بولىدۇ؛ بۇ بازغان بىلەن ئۆز رەقىبلىرىمنى يېڭىپ غالىب گېنېرالدەك گەلەنتېرنىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلمامدىمەن. مانا شۇنداق ئىشلار ئۈچۈن گېزىتتە نامىم بىر چىقسا دەيمەن. كۆپ پۇل تاپتىم، لېكىن شۇ كەمگىچە نامىم چىقىپ باقمىدى. مېنىڭدەك پۇلى بار ئادەمنى پۈتۈن جاھان بىر ئاڭلىسا دەيمەن. ھازىر ھۆكۈمەت پۇل تاپ، باي بولغىن دەيدىغۇ، مانا مېنى باي بولغانلارنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ يېزىۋەرمەمسەن، بۇ يەردە ساڭا شۇنى ئېنىق ئېيتىمەن، پۇلنى قانداق تېپىپ بېيىۋاتقانلىقىمنى سەندىن يوشۇرمايمەن، ئەمما ئۆزۈڭ بۇنى پەردازلاپ تۈزەيسەن، مانا شۇنداق قىلساڭ مەن بايا دېگەن شەرتلەرگە كېلىشىۋېرىدۇ دېگىنە. شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۈتىقى بار، ئۆزۈڭ ئاشۇنداق كىتابلارنى يازىدىغان شائىر بولغاندىكىن، ئاشۇ پۈتاقنىڭ بىرىگە ئىلىندۇرۇپ كەلتۈرۈۋېتىسەن - دە.

— مەنغۇ يازاي...

— يازغىن دەۋاتىمەنغۇ؟

— لېكىن بۇنىڭغا جەمئىيەتتە مەلۇم شەرتلەرنى ئادا قىلغان بولۇشۇڭ كېرەك. ئالايلۇق، بىرىنچىدىن سەن ھالال بېيىشنىڭ يولىنى قانداق ئاچتىڭ؟ بېيىغاندىن كېيىن خەلققە پايدىلىق نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ مانا بولار سېنى يېزىشتىكى ئاساسىي شەرت بولىدۇ.

— مانا شۇ توغرۇلۇق سۆزلەيمەن، — ئابت گېلىنى قىرىپ قويدى، — ئالدى بىلەن مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا. سەن قۇشخانىدىن يۆتكىلىپ خىزمىتىڭ ئۆستى. مەنمۇ قارىسام يەنە شۇ قان - يىرىڭنىڭ ئىچىدە يۈرۈۋەرگۈدەكمەن. ئاۋۋالقىدەك قونجۇڭغا، قوينۇڭغا ماي تىقىدىغان ئىشلار گۆرىگە كىرىپ كەتتى. يېڭىدىن كەلگەن بىر نېمە ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋېلىپ جىمى يېرىڭنى سىيلاپ چىقىدىغان بولۇۋالدى دېگىنە. ئۆز - ئۆزۈمگە توختا دېدىم - دە، كاللامغا بىر ئىش كەلدى. ئويلىغىنىمنى قىلمىسام زادىلا كۆڭلۈم ئۇنىمايدىغان مىجەزىمنىڭ بارلىقىنى ئۆزۈڭ بىلەتتىڭغۇ. شۇ ھامان قۇشخانىغا كەلگەن ھېلىقى رەھبەرگە ئۈچ يىللىق سۈرۈك بىلەن خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئۇقەت قىلىپ، تاپاۋەتىمدىن قۇشخانىغا پىرسەنت تۆلەش توغرىسىدا ئىلتىماس تۇتتۇم. مېنىڭ بۇ گېپىم خۇددى قېرى كالىغا پىچاق ياققاندەك ئۇلارغىمۇ ياقتى بولغاي، دەرھاللا ماقۇلغا كەلدى. ئۇلارمۇ مېنىڭدەك كۈچ بەرمەستىن قۇتۇلغىنىغا خۇش، مەنمۇ قۇشخانىدەك رودوپايدىن قۇتۇلغىنىمغا خۇش... مانا شۇنداق قىلىپ، تاپاۋەتكە كىرىشىپ كەتتىم. سودا ئىشى خۇددى جەڭگە ئوخشاش. بىرى جەڭ بولسا، توققۇزى رەڭ بولىدىغان گەپ، ھېيلىگەرلىك، ساختىپەزلىك دېگەنلەرنى خۇددى سېھىرگەردەك تۆت يانچۇقۇڭغا تولدۇرۇپ يۈرۈيسەن، كېرەكلىك بولسا ئىشلىتىپ تۇرىسەن. كۆلمە، راست ئېيتىۋاتىمەن، مەن

www.uyghurkitap.com

ساڭا راست سۆزلەيمەن، ئەمما سەن بۇنى پەردازلايسەن، ۋاھ ـ ھا! سودىگەرلىك ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىنساب ـ دىيانەت دېگەنلىرىڭنى دارغا ئېسىۋېتىسەن، دارغا. ساڭا پارقىراپ قاراپ تۇرغان قارا كۆزلەرنىڭ ئالدىدا يالغان سۆز قىلىسەن، ئۇلارنى ئالدايسەن، كۆزىنى بويايسەن، مانا شۇنداق قىلىپ پۇل تېپىشنىڭ يولىنى ئاچىسەن... خوش، تاپاۋەتكە كىرىشىپ كەتتىم، دېگەندەك پۇل تاپتىم، لېكىن ـ زە... قوشخانىمغا بېرىۋاتقان ئاشۇ پۇلۇمغا ئىچىم ئاغرىمىسا ئاغرىيدۇ ـ دە، پۇلنى تاپىدۇ ئەرنىڭ ئېرى، يېتىپ يەيدۇ بېلى ئاغرىماستىن بىرى، دەپ قان ـ تەر تۆكۈپ تېپىپ كەلگەن پۇلۇمنى گەپ قىلماستىنلا يۇلۇۋالسا كىشىنىڭ ئىچى قاينايدۇ ـ دە، شۇڭا، باش قاتۇرۇپ بىر ئەقىل تېپىپ چىقتىم. قانداق ئەقىل دەمسىنا؟ توختا، بۇنى ئاڭلىساڭ بەلكىم ھەيران قالارسەن، دەيمەنكى، ئۇخلىساڭ چۈشۈڭگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار، پۇل بولسىلا ھەممىنى قىلغىلى بولىدىكەن. ماڭا ئىشىنەمسەن ـ يوق، مەن پۇل بىلەن ھوقۇق سېتىۋالىمەن، خالىسام بىر تېيىپ ھوقۇقنى پىلىك ئېتىپ بېلىمگە يۆگىۋالىمەن. مانا مەن پۇل تاپقاچقا، ساڭا يۈرەكلىك ھالدا مېنى گېزىتكە ياز، مېنىڭ نامىمنى چىقار، ئەلنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلسۇن، قۇلىقىنى ماڭا دىڭ تۇتسۇن، قوللىرى مېنى يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاشقا چاۋاك چالسۇن دەۋاتىمەنغۇ، ھە، ھە، بۇ گەپنى، گەپكە گەپ كېلىپ قالغاچقىلا ساڭا دەپ سالدىم...

— ئابىت بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، ھىجىيىپ قويدى. ئۇنىڭ سوزۇنچاق يۈزىدىكى قورۇقلار، ئاراش ئات چىشلىرى ئېگىز ـ پەس بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ بېشىم قايدى، مەن بىر كاززاپقا يولۇققان بولسام كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ماڭا قويۇۋاتقان تەلەپلەر شۇنداق يۇقىرى بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئىنتايىن گادىرماش، جاڭگال ئىدى. بۇ جاڭگاللىق كۆز ئالدىمنى غۇۋالاشتۇرۇۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئاخىردا نېمە دېيەلىشىم مۇمكىن؟ ئۇ ماڭا ئاشۇ تەلەپنىلا قويسا ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەك ئاسان، يەنە ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەگىپ يۈرگەن بىر غۇۋا كۆلەڭگە باردەك قىلاتتى.

— توختا، ئۆز گېپىمگە كەلسەم، — ئابىتنىڭ چىرقىراق ئاۋازى خىياللىرىمنىڭ بېلىگە تەپتى، — بىر كۈنى دوختۇرخانىغا باردىم، بەل ئومۇرتقىسى سۇنغان بىر ئادەمنىڭ رېنتگېن سۈرىتىنى يۈز سوم بېرىپ سېتىۋالدىم. مانا بۇنىڭدىمۇ جاجىسى پۇل بولدى. پاھ ـ ھا! پۇلنىڭ كۈچىنى شۇندىلا بىلدىمغۇ، ئەكىلىپلا ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىدىم، غىڭ قىلماي ئۇزۇن مۇددەت دەم ئېلىشقا رۇخسەت بەردى. مانا تېخى مائاشىمنى بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. پايدىلىق يالغاننىڭ زىيىنى يوق، دېگەن مۇشۇ ـ دە، ئاداش، مېنى دېسەڭ ھەممە ئوقەت قولۇمدىن كېلىدۇ، گۆلدەك ھۈنىرىم بار: قاسساپلىق، دوغاپچىلىق، زاسۇيپەزلىك، تېرىچىلىك ... دېگەنلەر قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئابىت جادا شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ كۈلۈشى مەغرۇر، ئاۋازى جاراڭلىق ئىدى،

سارغايغان ئات چىشلىرى قىلىن
كالپۇكلىرىنىڭ تېشىغا چىقىپ
تۇراتتى. ئۇ، ئىككى جاۋغىيىدى-
كى گەزنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈۋې-
تىپ، يەنە سۆزلىگىلى تۇردى، — گۇناھ-
لىق ئىشلارنى قىلىپ تاپقان پۇللارنى
ساۋابلىق ئىشلارغا ئىشلەتسەڭ گۇناھىڭ
مەغپىرەت بولىدۇ، شۇنىڭدىمۇ كۆكلەۋې-
رىسەن، پۇللا بولسا ھوقۇقىڭمۇ سېتىۋا-
لالايسەن، بەخت قۇشىڭمۇ ئالقىنىڭغا
قوندۇرالايسەن، يۈز - ئابرۇيۇڭ، ئورنۇڭ
بولىدۇ، ئەۋلىيادەك يىراقنى كۆرەلەيسەن،
بېشىڭغا بالايىئاپەت كېلىۋاتسىمۇ پۇل-
نىڭ كۈچى بىلەن قۇتۇلۇپ كېتىسەن،
مانا مېنىڭ پۇلۇم بولغاچقا سېنىڭ ئال-
دىڭغا كېلىپ يۈرەكلىك گەپ قىلىۋاتى-
مەنغۇ، ھا، ھا ... خاپا بولما، ئاغزىمغا
كەلگەن گەپنى ياندۇرالمايدىغان ئادىتىم
بارلىقىنى ئوبدان بىلىسەنغۇ!

ئابىت قوروپ كەتكەن گېلىنى نەم-
دىۋالماقچى بولغاندەك، دىقماق قولىنى
ئۇزارتىپ پىيالىنى ئالدى - دە، سوۋۇپ
قالغان چاينى بىر ئوتلاپ سومۇرۇۋەتتى.
ئۇ دېمىنى ئېلىۋېلىپ يەنە گەپكە تەم-
شەلگەندە، دالان ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچى-
لىپ، ئايالىمنىڭ:

— ھوي، مېھمان كەلدى! — دېگەن
سۆزى ئابىتنىڭ ئەمدىلا ئېچىلغان ئاغزى-
نى قايتىدىن جىملىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ
دالان ئۆيگە چىقتىم. ئاڭغىچە مېھمانمۇ
ساراي ئۆينىڭ ئىشىكىگە كەلگەنىدى.

— كېلىڭ، ئابدىنىم ئاكا، كېلىڭ، —
دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن
كۆرۈشۈۋېتىپ.

ئابدىنىم ئاكا ساراي ئۆيگە كىر-
گەندە ئابىت ئورنىدىن مىدىراپمۇ قوي-
مىدى، ئۇ، بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس
لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بىلەن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشكە تەمشەلگەن ئابدى-
نىم ئاكا ئۇنىڭ بۇتتەك غادىيىپ تۇر-
غىنىنى كۆرۈپ قول ئېلىشىش نىيىتىدىن
ياندى بولغاي، دىۋانىنىڭ بىر چېتىگە
كېلىپ ئولتۇردى. تىنچلىق - ئامانلىق
سوراشقاندىن كېيىن قايتىدىن داستىخان
راسلىدىم.

— بۇياق گېزىتىمىزنىڭ باش مۇھەر-
رىرى ئابدىنىم ئاكا بولىدۇ، — دېدىم
ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي قويغاندىن كېيىن
ئابىتقا تونۇشتۇرۇپ، — ھە، قېنى چايغا
باقايلى.

ئابىت پوزىتسىيىسىنى دەرھاللا ئۆز-
گەرتتى. چىرايىدىكى تەكەببۇرلۇق
مەنمەنچىلىك بىردەمدىلا نەلەرگىدۇر
غايىب بولۇپ ئۇنىڭ ئورنىنى خۇش
تەبەسسۇم، مۇلايىملىق ئىگىلىدى. لېكىن
ئابدىنىم ئاكا بايىقى خۇش پېچىم قىيا-
پىتى بىلەن بىر خىللا ئولتۇراتتى.

— سىزگە ناتونۇش كىشىلەر قاتا-
رىدا مۇئامىلە قىلىپ قويغانلىقىمنى كە-
چۈرۈڭ، — دېدى ئابىت ئورنىدىن قايتى-
دىن تۇرۇپ، ئابدىنىم ئاكىنىڭ قولىنى
ئىككى قوللاپ قىسىپ تۇرۇپ، — ئۇقۇش-
ماسلىق بوپتۇ، ئۇقۇشماسلىق. شائىرلارغا
باش سەردار ئىكەنلىكىڭىزدىن بىخەۋەر
بولۇپ قاپتىمەن. سىلەرنىڭ قەلەم تۇت-
قان مۇبارەك قوللىرىڭلارنى تۇتۇشقا،
سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاشقا ئۇزاقتىن بېرى
تەشنا بولۇپ كېلىۋاتىمىز. مانا مۇشۇن-
داق ئادەم بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇشنىڭ
ئۆزى بىزگە چوڭ ئامەت، ھەتتا بەخت.

— بىزنى ئارتۇقچە باھالىۋەتمەڭ، — دېدى ئابدىنىم ئاكا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — قىلىۋاتقىنىمىز ئاممىۋى تەشۋىقات، جەمئىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ...

— شۇنداق بولمامدىغان، بىزنىڭ يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىمىزمۇ سىلەرنىڭ تەلىمگۈلاردىن بەھرە ئېلىپ، — ئابىت دەرھاللا ئابدىنىم ئاكىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ چۈشتى، — كۈندىن-كۈنگە يېڭى ماللار بىلەن گەلەنتېرنى توشقۇزۇۋەتتى، سىلەر سېتىقچىلارنىڭ قورسىقىدىكى گەپنى قىلغاچقا، ئۇلارمۇ گېزىتنى قولدىن چۈشۈرمەي، بېشىنى بىر يەرگە ئىلىشۋېلىپ ئوقۇيدۇ. گېزىت دېگەن ياخشى سۆزنىڭ ئۇۋىسى بولسا، بىز بولساق ياخشى سۆزنىڭ قولىقى دەڭا. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۈگۈن مەن سابىت ئاغىنەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ...

ئابىت ماڭا لەپپىدە قارىدى، مەن ئۇنىڭغا سول كۆزۈمنى قىسىپ «بولدى بەس» دېگەندەك ئىشارە قىلدىم، ئۇ مېنىڭ شەرتىمنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، ئىككى جاۋغىيىدىن ئاققان مازغاپنى ئالقىنى بىلەنلا سۈرتۈۋېتىپ گەپتىن جىمىدى.

— سىزنى قايتىپ كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، — دېدى ئابدىنىم ئاكا بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، — كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ كەلگەنىدىم... قانداق، تىنىچ-ئامان كەلدىڭىزمۇ؟ ھاردۇقىڭىز چىقىپ قاپتىمۇ...

— رەھمەت سىزگە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، — ئۆيدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپسىلەر، رەھمەت.

— رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق، بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز، — دېدى ئابدىنىم ئاكا كىچىك پېئىللىق بىلەن، — بالىلىرىڭىز قېلىن قاردا قىينىلىپ مەكتەپكە بارالماي قالمىسۇن، دەپ ئىدارىنىڭ ئاپتوبۇسى ئەتىگەندە كېلىپ بالىلىرىڭىزنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى.

— قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ غېمىنى يەيسىز، ئۇلارغا كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلىسىز...

مېنىڭ بۇ گېپىمدىن ئابدىنىم ئاكا كۈلۈپ قويدى. ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باستى. ئابىت بۇنى غەنىمەت بىلدى بولغاي، يەنە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ، يەنە ئۆزىنىڭ قانداق ھالال بېيىغانلىقى ھەققىدە بىر تالاي گەپ ساتقاندىن كېيىن:

— ... بېيىدۇق، پۇل تاپتۇق. شۇڭا گېزىتتە بىزگە ئوخشاشلارنى ئانچە-مۇنچە تەشۋىق قىلىپ قويساڭلار، خەقلەرمۇ قانداق بېيىشنىڭ يولىنى بىلىپ قالسا، كۆزى ئېچىلىپ قالاتتى.

ئابىت ئۆزىنىڭ بېيىش يولىدا قانداق قان-تەر تۆككەنلىكى ھەققىدە ناھايىتى سىلىقلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى، ياغلىما سۆزلەرنى قىلىپ ھە دېسىلا ئابدىنىم ئاكىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئۇرۇناتتى. ئابدىنىم ئاكا ئاخىرى گەپ تەشتى:

— سىز شۇنداق بېيىپسىز، قانچىلىك ماختانسىڭىزمۇ ماختانغۇچىلىكىڭىز بار ئىكەن، لېكىن بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

ئابىت بۇ گەپتىن تېڭىرقىغاندەك تۇرۇپ قالدى. بىر پەس قوشۇمىسىنى

تۇرۇپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يانچۇقىغا قول سېلىپ بىر پاچكا تاماكا چىقاردى.

— مۇنۇ تاماكىدىن چېكىپ قويۇڭ،— دېدى ئابىت ئابدىنىم ئاكىغا تاماكا تۇتۇپ،— بۇ چەت ئەلنىڭ، بىر پاچكىسى ئەللىك سوم...— ئابىت تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ چەككەندىن كېيىن، تاماكا ئىسىنى ئاغزىدىن ھالقا ـ ھالقا قىلىپ چىقىرىشقا باشلىدى.— نامراتلارنى دەيسىزغۇ؟ — ئابىت سوئال نەزەرىدە ئابدىنىم ئاكىغا تىكىلدى،— بېيىغاندا ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالساق كەلگەن ئامەتمۇ بىزگە ھارام بولىدۇ دەڭا، بېيىغاندا نامراتلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز، مانا ئاڭلاپ تۇرۇڭ: «چولاق تام» بىلەن «ئويمانباي توقاي» يېزىسىغا ئوتتۇز بەش توننا خىمىيە ئوغۇتى يەتكۈزۈپ بەردىم، ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئوغۇتنى ئالماقنىڭ تەسلىكىنى، لېكىن مەن تاغ ئېشىپ يول ئاچقاندەك يول ئېچىپ، بۇنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بەردىم. ئوغۇتقا بىر تىيىنمۇ قوشماي ئۆز باھاسىدا بەردىم، سىزگە ئېيتىپ بېرەي. «چولاق تام»دىكى بىر نامرات ئائىلىگە بىر ھارۋا كۆمۈر چۈشۈرۈپ بېرىپ ھەق ئالمىدىم. «بەشتە كاپالەتلىك» بىر بوۋايغا مال قىلىۋېلىش ئۈچۈن بەش قوي بەردىم. يېزىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنى ياساشقا مىڭ تىزا بەردىم. بىر چوڭ ئۆستەڭ چۈشۈرگىسىنى بېتون بىلەن ياساشقا بەش يۈز تىزا بەردىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئويمانباي توقاي» دا قىلغان ياخشى ئىشلىرىم. «چولاق قارىيالاچ» تا بىر نامرات دېھقاننىڭ يەر تېرىيدىغان ئۇرۇقىنى ئېلىپ بەردىم، «كونا تام» دا يېتىم باللارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى كۆتۈرۈۋالدىم. قانچە بالا دەمسىز؟ ئون بالا، ئون بالىنىڭ قېرىنداش، كىتاب ھەتتا خەجلەيدىغان پۇلىغىچە كۆتۈرۈۋالدىم. بۇنداق ساناپ كەلسەم تولا، بولدى قىلاي، ھە، راست، بىر تۇل خوتۇنغا ئۆي سېلىپ بەردىم.

— ئەگەر دېگەنلىرىڭىز راست بولسا تۆھپىڭىز بار ئىكەن،— دېدى ئابدىنىم ئاكا،— بىزدە تۆھپە قىلغانلارغا تۆگە قىل، دېگەن گەپ بارغۇ، گەرچە سىزگە تۆگە سويالمىساقمۇ، سىزنىڭ ياخشى ئىش ئىزلىرىڭىزنى گېزىتتە تەشۋىق قىلىش قولىمىزدىن كېلىدۇ.

بۇ گەپتىن ئابىتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. يۈرىكى ئويناپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئورنىدىن قوزغىلىپ ـ قوزغىلىپ قويۇپ ئولتۇردى.

ئايالىم چۈشلۈك تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. تاماق ئالدىدا ئىككى ـ ئۈچ رومكىدىن ئىچىشتۇق، ئابدىنىم ئاكا سىرتقا ئەدەبكە چىقىپ كەتتى.

— قېنى ئابىت، تاماق ئالغاچ تۇر،— دېدىم مەن ئالدىمىزدىكى تاماقنىڭ سوۋۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ.

— بىزگە باشپاناھ بولىدىغان ئاشۇ ئادەم كىرمىسە، تاماقنى قانداق يەيمىز، كۈتۈپ تۇرايلى. كىرسۇن.

بىر پەستىن كېيىن تالاغا چىقسام، ئابدىنىم ئاكا قورۇ سىرتىدا قار توشۇۋاتقان ھېلىقى ئىككى ئادەم بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋېتىپتۇ، يىراقتىن ئۇنىڭ نېمە

www.uyghurkitap.com

توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئابدىنىم ئاكا ئىشارە قىلغىنىمنى كۆرۈپ باش لىڭشىتىپ قويدى، مەنمۇ ئۆيگە قايتىپ كىردىم.

— قېنى باشلىق؟ — سورىدى ئابىت ئالدىراپ.

— قار توشۇغانلار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپتۇ...

بۇ گېپىمدىن ئابىت خۇددى يانپېشىنى ھەرە چېقىۋالغاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تالاغا چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىنلا ئابدىنىمكامنى ئالدىغا سېلىپ دېگۈدەكلا ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— ئۇلارنىڭ قۇرۇق گېپىنى تىڭشاپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى ئابىت خۇددى بىر نەرسىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك.

تاماقتىن كېيىن ئابدىنىم ئاكا مېنىڭ شۇنچە تۇتۇۋالغىنىمغا ئۇنىماي ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئابىتمۇ ئۇنىڭغا ئۇگدىشىپلا ئۆيدىن چىقتى-دە، تاكى ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى، ئاندىن قار توشۇۋاتقانلارغا قاراپ:

— قار دۆۋىسىنىڭ غولىچى تۈگەپ، ئېرىچى قاپتۇ، تېز توشۇۋېتىپ تاماقىقا بېرىڭلار، ئۆكۈزدەك ئىككى ئوغۇل بالا تېخىچە تۈگىتەلمىدىڭلارمۇ؟ بايام ھېلىقى ئۇلۇغقا قۇرۇق گەپ قىلىپ تۇرمىغان بولساڭلار، بۇ ۋاقىتچە ئالقىنىڭلاردا پۇل ئوينىغان بولاتتى، ئەزمەڭلارنى ئەزمەي تېز بولۇڭلار، — دېدى.

ئابىت ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۇ ھازىرچە قايتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ئۆلۈككىمۇ ئۈچ كۈن سۆز، تىرىككىمۇ ئۈچ كۈن سۆز دەپتىكەن ئاداش، — دېدى ئابىت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ قايتىدىن سۆز باشلاپ، — قارا، دۇنيادا ياخشىنىڭمۇ، يامانىڭمۇ كۆشەندىسى كۆپ ئىكەن. بۈگۈن كۆڭلۈمدىكىنى سۆزلىۋالاي دەيمەن. ماڭا ئوخشاش پۇل تاپقانلارغا كۆزى قىزىرىپ ھەسەت قىلىدىغانلار ئىتنىڭ قۇرۇتىدەك كۆپكەن. ھە، ئەلنىڭ كۆزى ئەلىك، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىيدۇ دەمسىنا؟ مەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى سېھىرلىۋەتكەن بولاتتىم. بىراق قايسى قىلىدىكىن بىلەلمىدىم، بىر ئالىقاغا بۇ ھېيلەمنى ئىدارە باشلىقلىرىغا چېقىپ قويۇپتۇ. ئۇلار مېنىڭ نەرىك كېسەل، كېلىپ قوشخانىدا ئىشلە، بولمىسا مۇئاشىڭنى توختىتىمىز، دەپ ئۆز قارارىنى بىكار قىلىۋەتتى. يەنە شۇ رېزىنكە ئۆتۈكنى كىيىۋېلىپ قوشخانا ئىچىدىكى قان-يىرىڭنى كېچىپ يۈرەمەنمۇ؟ ئۇنداق بېشىنى ھەرە چېقىۋالغان ئابىت جادا ئەمەدى نەدە. شۇنچە گەپ قىلدىم، يالۋۇرۇپ باقتىم، باشلىقىم ھېچ ئۇنىمىغاندەك ئەمەس. بىر كۈنى كەچتە توخۇدىن ئىككىنى، ئالىي ھاراقتىن بىر نەچچە بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ باشلىقنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇمۇ گېلىغا ئامراق نەرسە دېگىنە. ئۇنىڭ گېلىنى مايلىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىنئالا جايلاپ قويغان بىر ئىسپىراپكىنى ئالدىغا قويدۇم. ئۇ ئىسپىراپكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. خۇددى مەن بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ قالدى. چىرايى تاتىرىپ، نېمە قىلارىنى بىلمىدى، ئىسپىراپكا تۇتقان قولى دىر-دىر تىترەپ بىر ھازاغىچە

ئۇندىمەي ئۇلتۇرۇپ كەتتى.

— راك... — دېدى ئۇ ئاخىرى زۇۋانىغا كىرىپ بۇرنىنىڭ ئۇستىگە قولدۇرۇۋالغان كۆزەينىكىنىڭ ئاستىدىن يەنە بايىقىدەكلا چەكچىيىپ قاراپ. ئۇ، ياغلىقنى ئېلىپ پېشانىسىدىكى تەرىنى ئېرتتى ـ دە، — راك كېسىلىگە دۇچار بوپسەنمۇ؟ دېمەك، ئۆز ئۆلۈمىڭنى بىلىپ تۇرىسەن دېگەن گەپ ـ تە. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك بالايىئاپەت يوقتۇ ـ ھە؟... ياق، ياق! مېنى كەچۈرگىن، ئاغزىمغا مۇنداقلا كېلىپ قالغاچقا دەپ سالپتىمەن. بوپتۇ، بوپتۇ دەم ئال، دەم ئېلىۋەر، قانچىلىك دەم ئالساڭ شۇنچىلىك ئال. ھەي، خوتۇن، ئېسىل نەرسىلىرىڭ بولسا ئېلىپ چىق، مۇنۇ ئابىت كېلىپ قاپتۇ. مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمايسەن، كەل، ئەمدى مۇنۇ ئەكەلگىنىڭ مېنىڭ بولدىمۇ، بىرەر رومكىدىن ئىچىپ كۆڭۈل خۇشى قىلمايمىزمۇ ھە، ھە... سەنمۇ ئىچەرسەن؟!

— ئىچىمەن، ئىچمىگەندە، ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا! — دېدىم مەنمۇ ئەمەلىيەتتە قورچاق ئوينىتىۋاتقىنىمنى بىلەن كۆرۈنۈشتە ئۆلۈمنى يېڭىۋاتقان لوقماندەك ئۆزۈمنى مەغرۇر كۆرسىتىپ، — ئويناۋالاي، كۈلۈۋالاي...

تۇرۇپلا ناخشا توۋلىغۇم كەلدى:

يېڭى ئايدەك كۆرۈنۈپ،
غايىب بولۇشنى بىلمىدىم.
ئاز ۋاقىت بىللە يۈرۈپ،
تاشلاپ كېتىشنى بىلمىدىم...

شۇ قوشاقنى ئېيتىپ ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتىم. شۇ كۈنى تازا ئىچىپتىمەن، ئۆزۈڭ بىلەتتىڭغۇ، ئېغىزىم تېگىپ كەتسىلا چىلاشقۇدەك ئىچ-

مەي قويمايدىغىنىمنى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇقتىمىنى پاكىشىڭ قىلىۋەردىم، ئۇقتىمىنىڭ سۆرگەنلىكىنى سوراۋاتامسەن؟ بۆرگە پايدا ئالىمەن دەپ تۆگە زىيان تارتىدىغان ئەخمەق مەن ئەمەس ـ تە. بىلەمسەن؟ بالانىڭ بېشى بايلىق ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەپتىكەنمەن، ئاپەتنىڭ ئوقەتچىگە ئامەت ـ تاپاۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى سەن ئاڭلاپ باققانمۇ؟ كۆزدىكى يامغۇر ئاپىتىدە خەلقلەرنىڭ چۇرقىرىشىپ كوچىغا چىقىپ كەتكىنىنى بەلكىم كۆرگەنسەن، ئەنە ئۆيۈڭنىڭ تورۇسلىرى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ، مانا شۇ چاغدا سۇلياۋنىڭ پۇل بولۇپ كەتكىنىنى دېمەيسەن، مېتىرى سەكسەن تىيىنلىق نېپىز سۇلياۋنىڭ مېترىنى ئۈچ تىزىدىن بەش تىزىغىچە ساتتىم. پۇل دېگەننى مۇچاقنىڭ كۆلىدەك يىغىۋالدىم. سۇلياۋ زاۋۇتىدىكىلەرمۇ سۇلياۋنى ماڭىلا بەردى. ئىسكىلاتچىنىڭمۇ جاجىسى پۇل ئىكەن. پۇل دېسە ئۆلۈك مىدىرلايدىغان يەردە، ئىسكىلاتچى دېگەننىڭ تىرىك جانغۇ؟! ھېلىقى ئىسپىراپكىنى ئېلىش ماڭا ئاسانغا چۈشمىدى، دوختۇرخانىنىمۇ دوختۇرخانا چاپتىم، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر بىچارىنىڭ ئىسپىراپكىسىنىڭ ماڭا نۇرغۇن پايدا ئاتا قىلىشى دۇنيادا تۇنجى رەت يۈز بېرىۋاتقان مۆجىزىمىكىن، دەيمەن. بۇ مۆجىزىنىڭمۇ جاجىسى پۇل بولدى... مانا شۇنداق قىلىپ پۇل تاپتىم، بېيىدىم. پۇلنىڭ كۈچى بىلەن جاھاندىكى جىمىكى شېرىنلىكلەرنى تېتىپ كۆردۈم. ئەمما يەنىلا ھېچقانداق نامىم چىقماپتۇ. مەنسەپكىمۇ ئېرىشەلمەپتىمەن، ئويلاپ باقسام يەنىلا مەنسەپ ـ مەنپەئەتنىڭ لەززىتى باشقىچە

ئۇيغۇر كىتابلىرى پېكىتى www.uyghurkitap.com

بولىدىغان ئوخشايدۇ.

مانا ھازىر ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان يەككە تىجارەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا نۇرغۇن قوللاشقا ئېرىشىۋالساملا ماڭا بايلىق دېگەن شۇ. ئۇ چاغدا قولۇم ھەممىگە يېتەتتى. تۇتقان يېرىمدىن بىر نەرسە يۇلۇپ چىقالايدىغان بولاتتىم. سېمىزنىڭ پۇتى سەككىز، دېگەندەك پۇتلىرىمۇ يۈگۈرۈك تايغاندەك، قاڭتىرىلغان تولپاردەك بولۇپ كېتەتتى. ئاھ، بۇ كۆڭلۈمدىكىنى ساڭا ئىپادىلەپ بېرىشىم تەس. مېنىڭ ساڭا دەيدىغىنىم: سەن مېنى گېزىتكە بىر يېزىۋەت ئاداش، ئەڭ مۇھىمى شۇ، شۇ چاغدىلا مېنىڭ سۆيۈم ئۇلغىيىپ، تۈگمىنىمنىڭ نورىغا چۈشۈپ، ئۈمىد - ئارزۇيۇم ۋە بەخت - پېشانەمنىڭ چاقپىلىكىنى چۆرگىلىتىشكە باشلايدۇ. مانا شۇ ئىش ئۈچۈن سېنىڭ قېشىڭغا كېلىشىم. بۇنىڭغا قانچىلىك پۇل كەتسە كەتسۇن، مەندىن قانچىلىك پۇل ئالساڭ ئال، مەن تەييار. سەن مېنى ماختاپ كۆككە ئۇچار، مېنىڭ ھېلىقى قارا پاكىنەك كۈشەندەم — يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى تالىشىۋاتقان ھېلىقى دوزىخى، بەختىمگە ئۈنگەن قارا تىكەن بىر ئۇچۇقسۇن. مېنىڭ ياخشى ئىش - ئىزلىرىمنى ئەل ئاڭلىسۇن، جاھاندىكىلەر مېنىڭدەك بەخت - ئامەت ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن سودىگەرلا بار دەپ بىلمەي، بەلكى بېيىغاندا ئەلنى ئۇنۇتماي، بارىنى ئەل ئىچىگە تۆكۈپ يۈرگەن ھاتەمدەك سېخىي بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئوقۇپ قالسۇن، قانداق دېدىم.

ئۇ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆزلەپ ھاردىمۇ - قانداق، ئاخىرى قانداق دەيسەن، دېگەندەك ماڭا قارىدى. مەنمۇ مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. جىمجىتلىقنى قورۇدىكى ھېلىقى ئادەملەرنىڭ ئابىتنى توۋلىغان ئاۋازى بۇزدى. ئابىت ئورنىدىن تۇرۇپ قورۇغا چىقتى. ئارقىدىنلا مەنمۇ چىقتىم.

— تازىلاپ بولدۇق، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قارامتۇل كەلگەن، قويۇق قارا ساقاللىق بىرى قولىدىكى كوزىكىنى بىر چەتكە قويۇۋېتىپ، — قەغەزنى بېرىۋەتكىن كېتەيلى، ۋەدىمىز بويىچە ھېلىقى ئىشنىمۇ ھەل قىلىپ بېرەرسەن، دۇكانغا مال كىرگۈزىمەن.

مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا سەپسالدىم. ئۇ كونىلىق ئىشلەپ جېنىنى بېقىپ يۈرگەنلەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى.

— ئۇنداقتا، پۇلۇڭلارنى ئېلىپ مېڭىڭلار، — دېدى ئابىت، — ئوتتۇز تىزا بەرسەم بولار.

— پۇلنىڭ بىزگە كېرىكى يوق، — دېدى ھېلىقى قارا قويۇق ساقاللىق، — ھېلىقى ئىشقا قەغەز يېزىپ بەر، دۇكانغا كىرگۈزىدىغان مېلىم كېچىكىپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ ئىشقا ۋاقتىمىزمۇ يوق ئىدى. ئۆزۈڭ بىللە ئىشلەيمىز دەپ باشلاپ كېلىپ گۆرجەكىمۇ سالماي، ئۆيىڭگە كىرىۋالدىڭ... نومۇس، كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۆزىمىز قىلىۋەتتۇق. سەن بۇ قورۇنىڭ ئىگىسىنى خۇددى شەھەر باشلىقىدەك كۆرسىتىۋاتاتتىڭ، ئادەتتىكى بىر مۇخبىر ئىكەنغۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈزۈم ۋىلىلدە قىزاردى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي

ئۆزۈمنى كۈلكىگە زورلاپ تۇردۇم.

— قىزىق ئىكەنسەن مىلىيامۇن، ئاشۇ ھاكىم. شەھەر باشلىقى دېگەنلەردىمۇ كۆكتاشقا مىنىش ئۈچۈن يەنە مۇشۇ ئاغىنەم كېرەك، خەلقى – ئالەم ئالدىدا ئۇلارنى كۆككە ئۇچۇرۇپ ماختاپ بەرگەچكە قوللىرىدا دۆلەت قۇشى قانات قاقىدۇ، ئەسلىنى سورىساڭ مېنىڭ بۇ ئاغىنەم مەلىسەپىنىڭ شوتىسى، ياخشى گەپنىڭ پىرى، ئامەت، بەخت – تەلەيىنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسى، شۇڭا مەن ئۇنى سىلەرگە شۇنداق دەپ تونۇشتۇرغان.

ئابىتنىڭ مېنى بۇنداق كۆككە ئۇچۇرۇپ ماختاشلىرىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. ئۇنىڭ ۋالاقلىشىدىن بېزار بولۇپ تۇرغىنىمدا قارا ساقاللىق يىگىت گەپ تېشىپ قالدى.

— قارا ئابىت، بىز ياخشىلارنىڭ ئىشىنى قىلىشقا تۆرەلگەن ئادەملەر، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — پۇلۇڭنى يانچۇقۇڭغا سال، پۇل ئۆزىمىزدە يېتەرلىك، بىز بۇ يەرگە ساڭا ئىشىنىپ، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىنلا كىرگەن، بىزمۇ ئوغۇلبالىچىلىق قىلغاندىن كېيىن، سېنىڭمۇ ئوغۇلبالىچىلىق قىلىشىڭغا ئىشەندۇق. ئەمسە بىز كەتتۇق.

مىلىيامۇن ھەمراھىنى باشلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئابىتمۇ ئۆيگە كىرىپ پەلتوسىنى كىيدى.

— قايتىمەن، ھېلىمۇ يېلىم بىلەن چاپلاپ قويغاندەكلا ئولتۇردۇم بۇ ئۆيدە، خوش، ماڭا ئاخىرقى ھېسابتا تېخى تولۇق جاۋاب بەرمىدىڭغۇ؟

— بولىدۇ، ئەگەر سېنىڭ نامرات ئائىلىلەرگە قىلغان ياردىمىڭ ھەقىقەت بولسا، مەن ئالدى بىلەن ماتېرىيال ئىگىلەپ ئاندىن بۇ ئىشنى چىغىرىققا چىقىراي، باشلىقىمۇ سېنىڭ ئىشلىرىڭنى ئاڭلىدىمغۇ، ئەمدى ماڭىمۇ ئاسان بولىدۇ. شۇ ئادەملا ماقۇل دەۋەتسە، ئىش پۈتتى دېگەن شۇ.

— ئەمدى گەپ ئوچۇق بولدىغۇ، — دېدى ئابىت، — سېنىڭدەك شائىرلار ماقالە يازغاندا قىلنى پىل قىلىپ پەردازلايدىغۇ، مېنى بىر نېمىنى يوق نامرات ئىدى، يېڭى سىياسەت بىلەن ھالال ئەمگەك قىلىپ ياكى سودا – سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈز مىڭ سوملۇق دەسمايىسى بار يېڭى زاماننىڭ بېيىغا ئايلاندى دەيسەن – دە، ھازىر يېزىۋاتقىنىڭنىڭ قايسى بىرى يۈزدە يۈز راست دەيسەن، قانداق؟

ئابىت گېپىنى توگىتىپ سوئال نەزەرىدە ماڭا تىكىلدى. كاللامدا مىڭ بىر خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاخىرى ئۇنىڭغا ئىشنىڭ ئەسلى تەكتىنى چۈشەندۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئېغىز ئاچتىم:

— ھازىرقىدەك گەپ قىلساڭ بولمايدۇ ئابىت، سېنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭ ئۆزۈڭنىڭ كۆز قارىشى، ھازىر گېزىتتە ئادەم تونۇشتۇرۇش سەن دېگەندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، راست ھېلىقى بىر يىللىرى يالغان نەرسىلەرمۇ يېزىلىپ كەتكەن. ھازىرچۇ؟ دەۋر ئۆزگەردى، يالغانچىلىق قىلىشقا، يوقنى بار قىلىشقا، كۆپتۈرۈپ ئۇچۇرۇشقا، پاكىت ئويدۇرۇشقا بولمايدۇ. سېنى گېزىتكە يېزىش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، قىلغان ئىشلىرىڭ ھەقىقىي، ئۈلگىلىك بولۇشى شەرت؛ ئىككىنچىدىن، گېزىتخانا تەھرىر ھەيئىتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن، بولۇپمۇ باش مۇھەررىرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆز

تەشكىلىتىنىڭ ماقۇللۇقى، ھېچبولمىغاندا
ئاساسىي قاتلامنىڭ ماقۇللۇقى بولۇشى كې-
رەك. شۇلار سېنىڭ ئىش - ئىزلىرىڭنىڭ
راستلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى شەرت،
بولمىسا...

— بولدى، چاتاق يوق، — مەيدىسى-
گە ئۇردى ئابىت، — مەن بېيىدىم، بۇ
راست، بۇنى بىلىسەن، بۇنى قانداق دې-
سەڭ قاملىشىدۇ.

— بولىدۇ، قېنى يېزىپ باقاي، مەن
ئۈچ كۈندىن كېيىن سېنى ئىزدەپ
بارىمەن.

— ياق، مېنى تاپالمايسەن، سېنى
ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمىكىن.

— تاپالايمەن، مۇخبىر نېمىنى
تاپالمايدۇ.

— ئاداش، ئۇنداق بولسا مانا مۇ-
نۇنى تۇرمۇشۇڭغا ئىشلىتەرسەن، ھازىرچە
مۇشۇ بەش مونەكنى ئېلىپ تۇرغىن،
گېزىتتە نامىمنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ-
نىڭدىن ئاشۇرۇپراق قىلارمەن.

— بۇ ئىشىڭ توغرا بولمىدى، — مەن
خۇددى ئوت ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك شۇر-
كىنىپ كەتتىم، — بۇ... ھازىر بىز تەنقىد
قىلىۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقان پارا ئېلىش،
شەخسىيەتچىلىك...

— ئال، ئال بۇنى ئاز كۆرۈۋاتامسەن - يا؟ — ئابىت قويۇن يانچۇقىدىن
يەنە يۈز سوم ئېلىپ قوشتى، — مە، مۇنۇ
ئالتە موكنەنى يانچۇقۇڭغا سال.

— ياق، ياق... ئۇنداق قىلما،
بولمايدۇ.

— بوپتۇ، يەنە سىلكىنەي، بىلىمەن،
ئالمىغىنىڭ يەنە سىلكىن دېگىنىڭخۇ.

— ياق، ياق ھەرگىز ئۇنداق
ئەمەس.

ئابىت ھىجىيىپ قويۇپ يېنىدىن بىر
باغلام پۇل ئېلىپ ئىچىدىن تۆت يۈز سوم-
نى ئايرىپ ئالدى - دە، ئۈستەل ئۈستى-
دىكى بايىقى ئالتە يۈز سوم پۇلغا قوشۇپ
قويدى.

— مۇنۇ مىڭ تىزىنى ئالغىن، مېنىڭ
نامىمنى گېزىتكە چىقىرىۋەت، بۇ بەك مۇ-
ھىم، گەلەنتېردىكى ھېلىقى ھاماقەتلەر
كۆزىنى يوغان ئېچىپ قويۇشسۇن.

— ياق، ئابىت بۇ پۇلنى ئالسام
بولمايدۇ، ئەگەر قىلغان ئىشلىرىڭ راستلا
بولسا، بۇنىڭسىزمۇ ئارزۇيۇڭنى ئەمەلگە
ئاشۇرىمەن، ماڭا ئىشەن.

— شۇنداقتىمۇ، بۇ سېنىڭ تاپان
ھەققىڭ بولسۇن، ئالغىن، كۆڭلۈمدە
ئوقەت قىلىپ يۈرگىنىمدە ئاچ قالسامۇ
كىشىگە يالۋۇرمايتتىم، ئاچلىق كىشىگە يې-
لىنىشتىن ياخشىراق جۇمۇ. لېكىن بۈگۈن
مەن ساڭا يالۋۇرۇۋاتىمەن. مە، ئال.

تەڭقىسلىقتا نېمە دېيىشىمنى بىل-
مەي تۇرۇپ قالدىم. ئابىت پەلتوسىنىڭ
تۈگمىسىنى ئېتىپ، شىلەپىسىنى كىيىپ
چىقىپ كەتتى. ئۈستەل ئۈستىدىكى پۇللار
مېنى ئال، دېگەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.
قوروغا چىقتىم، ئابىت بىردەمدىلا كۆز-
دىن غايىب بولغانىدى.

* *

ئۆتكەن ھەپتىدە بولغان شۇ ئىشلار
تېخىچە كاللامنى چىرمىۋالغانىدى. شۇ
كۈنى ئابىدىنىم ئاكا بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ
چارۋا ماللارنى قىشلىق ئاپەتتىن قۇتقۇ-
زۇش توغرىسىدا نەق مەيدان ھەرىكىتىدىن

مۇرەتلىك خەۋەر تارتىشىمنى تاپشۇردى.
دەل شۇ چاغدا مەن ئابتىنىڭ ماتېرىيالى
ئۈستىدە ئىزدىنىپ بېقىشنى ناھايىتى ئېھ-
تىيات بىلەن ئوتتۇرىغا قويدۇم.
— بولىدۇ، ئىزدىنىپ كۆرۈڭ، — دې-
دى ئۇ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن،—
چىنلىق ئاخباراتچىلىقنىڭ جېنى. ئەگەر
ئۇ بېيىغاندىن كېيىن ھەقىقەتەنمۇ نام-
راتلارنى يۆلىگەن بولسا، تەشۋىق قىلىشقا
ئەرزىيدىكەن، بىراق...
— بۇ قېتىمقى مۇخبىرلىق يولۇمدا
«ئويمان بايتوقاي» بىلەن «چولاق تام»
قىمۇ يولۇقۇپ ماتېرىيال ئىگىلىگەچ كې-
لەي، قانداق دەيسىز؟
— بوپتۇ، دېگىنىڭىزچە بولسۇن،
ياخشى ئىگىلەرسىز. كېيىنچە تونۇشتۇر-
سىڭىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئاسان بولىدۇ.
باش مۇھەررىرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن
يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك
ئېلىپ تاشلانغاندەك بولدى. ئۇ، مەندىكى
ئۆزگىرىشنىڭ بىرەر شەپىسىنى بىلىپ قال-
غاندەك قىلامدۇ- قانداق؟ ئىككىمىزنىڭ
يەك سودىسىنى ھېچكىم كۆرمىگەن تۇرسا،
يۈرىكىم نېمىشقا بۇنچىلىك شىددەتلىك
ئۇرىدۇ. ئابتىنى گېزىتتە تونۇشتۇرۇش
مەسىلىسىدە تۇنجى رەت ئۇتتۇقلۇق قەدەم
باسقىنىمدىن شۇنداق ھېسسىياتتا
بولۇۋاتىمەنمۇ- يە؟
يولبويى ئاشۇنداق گادىرماش خى-
ياللار كاللامنى چىرمىۋالغاچقا ئاپتوبۇستى-
كى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ- چۇرۇڭى، يوللاردا
ماشىنا توختىغاندا چۈشۈپ- چىققانلارنىڭ
قىيا- چىياسى قۇلىقىمغا كىرمىدى. بىراق،
چەت، تاغلىق يېزىغا يەنە ئۈچ كۈندىن
كېيىن بارسامۇ بولاتتى، شۇڭا «ئويمان-
بايتوقاي» بىلەن «چولاق تام» دا ئابتى-
نىڭ ئىشلىرىنى ئۇقۇشۇپ بېقىش ئۈچۈن،
«ئويمان بايتوقاي» يېزىسىدا ئاپتوبۇستىن
چۈشۈپ ئۇدۇللاپ يېزىلىق ھۆكۈمەت بى-
ناسىغا باردىم. ئۇ بىنا خىش بىلەن پې-
شايۋانلىق قىلىپ قوپۇرۇلغانىدى. تېخى
چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى توشمىغاچقا،
يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانىلىرى قۇ-
لۇپلاقلىق ئىدى، سائىتىمگە قارىدىم،
ئىشقا چۈشۈشكە يەنە يېرىم سائەت بار
ئىكەن. بىنانىڭ پېشايۋىنىغا قەدەم قويۇ-
شۇمغا قىشنىڭ ئاجىز ئاپتىپىغا قاقلىنىپ
ئولتۇرغان بىر مومايغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ،
سېمونىت تۈۋرۈكنىڭ قېشىدا كونا چاپانغا
ئورۇنۇپ ئولتۇراتتى. ئۈچىنچى ئاي بول-
غاچقا كۈن ئوچۇق بولسىمۇ، سوغۇق ئۆز
كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.
— ئانا، قانداق ئەھۋاللىرى؟ بۇ
يەردە ئولتۇرۇپ قاپلىغۇ؟ — دېدىم مو-
مايغا يېقىنلىشىپ. ئۇنىڭ يۈزىنى سان-
سىز قورۇقلار قاپلىغانىدى. تارمۇشتەك
قاتتان ئىنچىكە قوللىرى گويا ھېلىلا
سۇنۇپ كېتىدىغان يالغۇز قورايدەك تىت-
رەپ تۇراتتى.
— ئولتۇردۇم بالام، نەدىن كېلىشىڭ؟
— شەھەردىن چىقتىم، مەن مۇخبىر.
— مۇخبىر دېگىنىڭ نېمىسى بالام؟—
سورىدى موماي ھەيران بولۇپ.
— مۇخبىر دېگەن گېزىتخانىنىڭ
ئادىمى، مۇشۇنداق يېزا- قىشلاقلاردىكى
ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرنى خەلققە
تونۇشتۇرىدۇ.
— مۇنداق دېگىن بالام. يېزىدىن
بىر ماڭدام نېرى بارماي ئۆمرى ئۆت-
كەن مەندەك موماي نېمىنى بىلىدۇ

دەيسەن.

— نېمە ئىش بىلەن كېلىۋىدىڭلە بۇ يەرگە؟

— سورىساڭ گەپ تولا ئوغلۇم، ئۆيۈم «چولاق قارىياغاچ» تا، مېنىڭ ئۈچ توخۇيۇم بار ئىدى، ئاخشام ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ، ئاشۇ جۇۋاينىمەكلەرنىڭ كۆزى مېنىڭ گۆش توخۇلىرىمغا چۈشۈپتۇ، كاتەكنى بۇزۇپ ئاپتۇ، كاتەكنى شەھەردىن چىققان ئابىت جادا دېگەن بىرى ياساپ بېرىۋىدى...

— نېمە، ئابىت جادا دېگەنمۇ؟ — دېدىم تەئەججۈپ بىلەن.

— ھە، شۇ، سەن بىلىدىكەنسەن-دە، ئۇنى. بولتۇر، ئۇ مۇشۇ سەھراغا مەشرەپ ئوينىغىلى چىقىپ، كەچتە مەست كېلىپ مېنىڭ توخۇلىرىمنى ئوغرىلىماقچى بولۇپ، كاتەكنىڭ ياغاچلىرىنى بۇزۇۋاتقاندا ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدىم. ماڭا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى... بۇ گەپنى ئىنس-جىنسغا تىنمىغانمەن، بۈگۈن ساڭا ئېيتىۋاتىمەن. مۇشۇ يەردىلا قالسۇن ئوغلۇم.

— ئىسىملىرى دىلەرەمخانمۇ؟

— ھە، سەن ئىسمىمنى قانداق بىلىۋالدىڭ بالام؟

— ئاشۇ ئابىت جادا ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئۇ سىزگە تېخى بىر ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىپ ھەق ئالمىدىم، دېگەنىدى راستمۇ؟

— نەدىكىنى؟ ئۇ كاززاپ بۇزۇۋەتكەن كاتىكىمنى ياساپ بەردى، — ئاچچىق بىلەن داۋام قىلدى دىلەرەمخان ئانا، — ماڭا ئۆي سېلىپ بەرگۈدەك مادارى بولغان بولسا، توخۇلىرىمنى ئوغرىلايتتىمۇ؟

— «چولاق قارىياغاچ» تا سىلىدىن باشقا يەنە دىلەرەمخان ئىسىملىك بىرەرسى بارمۇ؟

— يوق، يوق، شۇ مېنى دەيدۇ، — دېدى موماي ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەنە ئۇلۇغلارمۇ كەلدى، مەن كېپىمنى دەپ قويۇپ كېتەي، چۈشتىن قايرىلىپ قالدى، ئاغزىمغا گىياھ سالمىدىم، ئۇ كاززاپنىڭ «چولاق تام» بىلەن «ئويمان بايتوقاي» دا قىلغان ئىشلىرىنى مۇنۇ ئۇلۇغلاردىنمۇ سوراپ باقارسەن.

مومايىنىڭ ئۇلۇغلار دېگىنى يېزا كادىرلىرى ئىدى. ئالدىمىزغا كېلىپ كۆرۈشكەن گەۋدىلىك ئادەم يېزا باشلىقى ئىدى، ئۇ مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ ئۇنى يولغا سالغاندىن كېيىن، بۆلۈمىگە كىردۇق.

— مۇنداق دىڭ، — دېدى يېزا باشلىقى ماڭا قەغەزگە موخوركا سېلىپ سۇنۇۋېتىپ، — چېكىپ بېقىڭ، سەھرا موخوركىسى، ئابىت جادا ھەققىدە سوراۋاتامسىز؟ راست، ئۇ، ئۈچ يېزىغا ئۈچ تونىدەك خىمىيە ئوغۇتى يۆتكىگەن، لېكىن دېھقانلار ئۇنىڭغا ئالدىنىپتۇ، ئابىت جادا بىزنىڭ ئالدىن بېيىغان بىرقانچە دېھقانلىرىمىزغا باشقا نەرسە ئارىلاشتۇرۇلغان خىمىيە ئوغۇتى سېتىپ ئۇلارنى پېقىش قىلىۋەتتى. بىرىنچى سورتلۇق يېرى بار بۇ بىچارىلەرنىڭ يەرلىرى شورلىشىپ، شۇ يىللىقى زىرائەتلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ھازىر ئاشۇ ئابىت جادا دېگەنگە ئاشۇ دېھقانلارنىڭ غەزىپى كۈچلۈك. شۇ ئىشتىن كېيىن، ئىزمۇ بۇ تەرەپلەرگە قايتا قەدەم باسمىدى.

يېزا باشلىقىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىم پىررىدە قايغاندەك بولدى. قەلەم

تۇتقان قوللىرىمۇ تىترىدى، نېمە دېيىشىم مۇمكىن.

— ئۇ نەپسانىيەتچى ئوغرىنىڭ قىلمىشلىرىنى تازا پاش قىلىپ كېزىتكە يازساڭلار بولىدۇ ئۇكا، — دېدى يېزا باشلىقى ئۈن ـ تىنسىز ھالدا كېتىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، — خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋاسى چىقىپ كەتسۇن ئۇنىڭ.

يولدا كېتىۋاتىمەن. گادىرماش خىياللار كاللامنى چىرمىۋالغاچقا ئۆزۈمنىڭ قايسى يېزىغا كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلەلمىدىم. بايا غۇژژىدە تۇتقان ئاچچىق قىمىدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماپتىمەن. يېزا باشلىقىنىڭ ئارقامدىن ۋارقىراشلىرىغىچە قۇلاق سالماي، قىشنىڭ قار ـ مۇزلىرى پۈتۈنلەي ئېرىپ بولمىغان يېزا يولىدا ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە كېتىۋەرگەنمەن. مانا ئەمدى بۇ يولنىڭ قاياققا بارىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ئۇياق ـ بۇياققا تەلمۈردۈم. ئەتراپىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مەن موخوركا چېكىپ بىر پەس تۇردۇم، بەختىمگە يارىشا كەينىمدىن ئېشەك ھارۋىلىق بىر بوۋاي يېتىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بوۋا.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم، يول قاياققا؟

مەن بوۋايغا ئۆزۈمنىڭ «چولاق تام» غا ماڭغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— ۋاھ، ئۇنداقتا مەنزىلىمىز بىر ئىكەن، مەنمۇ شۇ چولاق تاملىق. تېرىلغۇ يەرگە قىغ توشۇۋاتىمەن. نېمە ئىشقا مېڭىۋىدىڭ، ئوغلۇم؟

— «چولاق تام» دىكى بۇرام بوۋاي دېگەن كىشىنى تونۇمسىزا؟

— ۋاھ، تۆگە مىنىپ، تۆگە ئىزدىگەندەكلا ئىش بولدىمۇ نېمە؟ ماڭا قارىغىنا، ئالدىڭدا تۇرغان مۇنۇ بوۋاي كىمدەك تۇرىدۇ؟

— بۇرامكاممۇ؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ، — سىزنى خىزىر يولۇقتۇردىمۇ قانداق؟ يولۇممۇ قىسقىراپتۇ، مەشەدىلا پارالاشمايمىزمۇ؟

— توختا، بۇ نېمە دېگىنىڭ ئوغلۇم، سەن بىزگە مېھمان، مۇخبىر دېدىڭمۇ ھە، ھە... تاختا ـ تاختا قەغەزلەردىكى گەپلەرنى تىزىپ چىقىدىغانلار سىلەركەنسىلەر ـ دە، گەپ دېگەننى مارجاندەك تىزىۋېتىدىكەنسىلەر، مەن ئۇنى نەۋرەمگە ئوقۇتۇپ ئاڭلايمەن.

نېمە دەيمەن، بوۋاينىڭ بۇ ساددا، سەمىمىي سۆزلىرىگە كۈلۈپلا قاراپ تۇردۇم. ئېشەكنىڭمۇ قەدىمى ئىتتىكلەپ قالدى.

— شەھەرلىك سودىگەر ئابىتنى تونامسىلا؟ — سورىدىم تۇساتتىن گەپ تېپىپ.

— ئابىت جادىنىمۇ؟ — بۇرامكام ئىتتىك بۇرۇلۇپ سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا تىكىلدى، — ئۇ ھارامزادىنى تونۇيمەن، ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك تونۇيمەن، ئۇنى سوراپ قالدىڭمۇ ئوغلۇم.

— «چولاق تام» دىكى بۇرام بوۋاي بىلەن «بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە»لەرگە بىر ھارۋا كۆمۈر بىلەن مال قىلىۋېلىش ئۈچۈن بەش قوي بەرگەنىكەن، شۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىر سوراپ ئېنىقلاي دېۋىدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — بۇرام بوۋاي ھەيران بولۇپ، چىرايى ئۆزگۈرۈپ كەتتى. بىر

پەستىن كېيىن، گېلىمنى قىرىپ قويۇپ سۆزگە كىرىشتى، — ئۇ ماڭا بىر هارۋا كۆمۈر چۈشۈرۈپ بەردىم دېدىمۇ؟ ئاشۇنداق باينىڭ ئېشىنى يېگۈچە، كەمبەغەللىڭ مۇشتۇمىنى يەيمەن جۇمۇ ئوغلۇم، ئۇنىڭ نېمە دېگىنى بۇ؟ ئوغۇل بالا دېگەن قىلغىنىنى دېمەمدۇ. ئۇ ماڭا بىر هارۋا كۆمۈر بەرمەمدۇ، خۇمدانغا كۆمۈر دىگۋارلاشقان چېغى، شۇ چاغدا ئۇ، كۆمۈر باسقان تىراكتورغا ئولتۇرۇپ چىقىپتىكەن، تىراكتور بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا پېتىپ قالدى، شوپۇر تىراكتور ئۈستىدىكى كۆمۈرنىڭ ئۇۋۇقىدىن چاق ئاستىغا تاشلاپ پاتقاقتىن چىقىۋالدى، شۇ چاغدا مەنمۇ ھە، ھۇ دېيىشكەنىدىم. ئابىت جادا، مۇنۇ كۆمۈرنى ئەكىرىۋالغىن، دېدى، مەنمۇ غورۇرۇمغا ئېلىپ:

نېمە قىلىمەن ئۇنى، دېيىشقانىنى شۇنداق پەس كۆرەمدۇ، ئۇ شەھەرلىكلىك، دېۋىسىدىم. بىزنىڭ موماي: ۋاي بوپتۇلا، ئەكىرىۋالايلى، يازدا تونۇرغا قالارمىز، دېدى، شۇنىڭ گېپى بىلەن پاتقاقنى تاتلاشتۇرساق بىر زەمبىل چىقتى، ئۇنىڭ بىر هارۋا كۆمۈر دېگىنى، بىر زەمبىل ئۇۋاق كۆمۈر. ئۇ يالغانچىنىڭ گۆرىگە ئوت كەتسۇن. مەشۇرگە بەش قوي بەردىم دېگىنىمۇ قىپقىزىل يالغان. بولتۇر كۈز ئۇ، مۇشۇ يەردە ئۆيمۇ ئۆي يۇرۇپ تېرە يىغىۋالدى، مۇشۇ يېزىنىڭ يۈگۈر-يېتىمىگە چاپىدىغان، توي-تۆكۈنىگە ئادەم چاقىرىدىغان مەشۇرنى يالىلۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا سالدى، كۈنلۈك بەرگەندىمۇ قانچىلىك بولاتتى، مەشۇرنىڭ چېكىدىغان تاماكىسىغىمۇ يەتمەيدۇ، ئابىت تېرىنى يىغىپ بولۇپ، كېتەر چاغدا مەشۇرنىڭ قولىغا ئون سوم پۇل تۇتقۇزۇپ قالغىنىغا پۇشقاق تېرىدىن بەشنى بەردى. مەشۇرمۇ بۇ يېزىدىكىلەرنىڭ شۇنچە كۆپ ئىشىغا يۈگۈرۈپ ئون تىيىن بەر، دەپ باقمىغان بولغاچقا، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلدى، مانا گەپ بىلەن ئۆيگىمۇ كېلىپ قالدۇق، قېنى، چۈش ئوغلۇم، ئۆيگە كىرەيمىز.

— رەھمەت بوۋامكا، — دېدىم هارۋىدىن چۈشۈپ، — مەھەللە كومىتېتىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپلا قايتمىسام بولمايدۇ.

— سەھرانىڭ قايمىقىنى يەپ، ئەتىكەن چايلىرىنى ئىچىپ كەتمەمسەن، قورقما، شەھەرگە كىرگەندە ئۆيۈڭگە بېرىۋالمايمىز.

بوۋام بوۋاينىڭ چاقچاقىدىن ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشتۇق. مەن بوۋامكامغا ئۆزرە ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم.

ئۇ مەھەللە كومىتېتىنىڭ باشلىقىنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بىر بالىنى ماڭا قوشۇپ قويدى.

مەھەللە كومىتېتىنىڭ باشلىقى مۇقۇمجاننىڭ ئۆيى كەڭ-كۇشادە ئىكەن. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى بىر تەخسە تۇخۇم قورۇپ شىرەگە ئەكىلىپ قويدى. مۇقۇمجان ساندۇقنىڭ كەينىدىن بىر شىشە هاراقنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى ۋە پىيالىگە تولدۇرۇپ قويدى.

— بىردەم-يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، ئۇكا، — دېدى ئۇ ئاغزىنى تاماشىپ قويغاندىن كېيىن، ئىنچىكە سىمدەك

بۇرۇتىنى قولىدا ئىككى ياققا سىلاپ قويۇپ، — كۆڭۈلنى كۆڭۈلگە باغلايدىغىنىمۇ مۇشۇ، بىر بوتۇلكا ھاراقتا قىرىق قىزنىڭ ئىشقى بار جۇمۇ ئۇكا.

ئۇ بىر پىيالە ھاراقنى بىر تىنىقتىلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئىچەرمەنلەردىن ئىكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، ئالدىمغا قويۇلغان بىر پىيالە ھاراقنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم:

— خاپا بولمىسىڭىز، بۆلۈپ ئىچسەم، مۇنداق ئىچىپ باقماپتىكەنمەن.

— مەيلى، مەيلى، مەن جاھىل ساقىيلاردىن ئەمەس، — دېدى ئۇ، ئارىدەك يوغان بارماقلىرى ئارىسىدا قىسىلىپ تۇرغان چوكىدا تۇخۇم قورۇمىسىنى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، — سىلەر بارماقتەك رومكىلاردا ئىچىپ ئۆگىنىپ قالغان-دە.

بىزنىڭ پاراڭىمىز باشلىنىپ كەتتى، گېپىمىزنىڭ ئاخىرى يەنە شۇ ئابىت جادىغا كېلىپ تاقالدى.

— ئۆزى ئۈچۈن ئۇخلىغان ئوغۇل بالا كىشى ئۈچۈن چۈش كۆرەتتىمۇ ئۇكا، — دېدى مۇقۇمجان قولىدىكى تاماكىنى قاتتىق شورىغاندىن كېيىن، ئىسنى غەرەپ بىلەن پۈۋلىۋېتىپ، — ئابىت جادا دېگەن ئادەمنى قارا باستۇرىدىغان مۇتەھەم ئىكەن، بىزلى بەكلا ئوڭدا قويدى جۇمۇ.

— ئۇنىڭ يېزىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنى ياساشقا مىڭ سوم، غول ئۆستەڭ چۆشۈرگىنى بېتون بىلەن ئىشلەشكە بەش يۈز سوم بەردىم دېگىنى راستمۇ، ئەگەر بۇ راست بولسا، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئىشىچۇ؟

— شۇنداق دېدىمۇ ئۇ؟ — مۇقۇمجان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — ئابىت جادا دېگىننىڭ كىشىنىڭ قولىدىن بىر نەرسە ئالغۇچە مەخمەل پىچاي، ئالغاندىن كېيىن، ئاغزىڭغا چىچاي، دەيدىغىنىدىن ئىكەن. ئانچە-مۇنچە رېمونت قىلسا يولغا سالالايدىغان ئۈچ تۆمۈر بۇقىمىز بار ئىدى، شۇنى ماڭا سېتىپ بېرىڭلار، مەن سىلەرگە يېڭى بۇقىدىن بىرنى ئەرزان باھادا ئېلىپ بېرىمەن، دەپ بىزگە بەك يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. بىز مۇزاكىرىلىشىپ، ئاخىرى بىر يېڭى تراكتور ئېلىپ بېرىش شەرتى بىلەن ئۇنىڭغا ساتتۇق. ساتقاندىمۇ قانداق ساتتىڭ دېمەمسەن، تۆمۈر-تەسەك ئورنىدىلا سېتىۋەتتۇق، ئۇزاقى يىلى ئەتىيازدا تراكتورلارنى ماشىنىغا بېسىپ كىرىپ كەتكەن ئادەم ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپلا كەتتى. سورۇشتۇرسەم گۇاڭجۇغا كېتىپتۇ، نېمە ئامال؟ كۈتۈشكە توغرا كەلدى، كېيىن بىرنەچچە قېتىم شەھەرگە كىرىپ ئىزدىدىم، ئۇنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قېلىپ كېكىردىكىدىن ئالاي دېۋىدىم، يەنە نومۇس كۈچىدىن چىرايلىق گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئابىت، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاران-ئاران بېسىۋېلىپ، ۋاپاغا جاپامۇ دېسە بىرگەن دېگۈلۈكمۇ؟! قېنى تراكتور، قېنى پۇل، ئەمدى مەن سېنى قويۇۋەتمەيمەن!

ئابىت مېنى چەتكە تارتىپ، ھازىر يېنىدىكى پۇلنى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. يېزىغا بىللە چىقتۇق، بىز ئۇنىڭغا يا تراكتورنى قايتۇر، يا پۇلىنى بەر، دېدۇق.

www.uyghurkitap.com

ئامال بولمىدى، ئۇ، بىزگە قۇرۇلۇش ئىشىنى قىلغۇزۇپ بېرىشكە ۋەدە بەردى، بىزمۇ نېرى ئويلاپ، بېرى ئويلاپ، قەرزداردىن پۈتكىنىمىزنى ئالايلى، دېدۇق-تە، غول ئۆستەڭنىڭ چۈشۈرگۈسىنى، چوڭ كۆۋرۈكنى ياساشنى تاپشۇردۇق. ئاخىرى ياسىدى. ياسىغاندىمۇ قانداق دېمەمسەن؟ يەنىلا ئادەم كۈچى ئۆزىمىزدىن بولدى، بار-يوقى بەش يۈز تەڭگىلىك ئوقەت چىقىرىپ دولىسىنى چىقىرىپ تۇردى، ئۇنىڭ ئىشلەتكەن سېمونتلىرى ئۆلچەمسىز بولغاچقا، كۆۋرۈكمۇ، چۈشۈرگىمۇ بىر يازدىلا بۇزۇلۇشقا باشلىدى. نېمىنى سوددىن كېسەل پۈتەر، دېگىنى شۇ، ئابىت جادا دېگەن بىزنى ئەنە شۇنداق ئوڭدا قويدى.

تاماقتىن كېيىن تالاغا چىقتىم. مارت ئېيىنىڭ كەچكى ئاسمىنىدا سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. يۇلتۇزلارغا قاراپ ئابىتنىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە ئۆزۈمنىڭ يازماقچى بولغان تەپسىلىي خەۋىرىم ئۈستىدە ئويلاندىم. كاللامدا تۈرلۈك زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئەۋج ئېلىپ كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى. كاللامدىكى خىياللارنىڭ تۈگۈنى ئاخىرى ئابىتنىڭ ماڭا بەرگەن مىڭ سوم پۇلغا يىغىنچاقلاندى. پۇلنىڭ قۇدرىتى شۇنچىلىك زورمىدۇ، ئۇنىڭ ماگنىتتەك تارتىدىغان سىرلىق ھېكمىتىدىن كىم ئۆزىنى چەتكە ئالالايدۇ؟! بۇنى قانداق قىلىش ھەققىدە ئۆزۈم بىر قارارغا كەلدىم، ئەتە ئەتىگەندە ئۆيگە دەرھال قايتىپ، يازماقچى بولغان «يەككە تىجارەتچىلەر ئاسمىنىدا پارلىغان نۇرلۇق چولپان» دېگەن تەپسىلىي خەۋىرىمنى ئوبدانراق ئويلاشمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ. جەمئىيەت ئالدىدا جاۋابكارلىقى ئېغىر بۇنداق ئىشلارنى ھاياتىڭدىكى ئەڭ زور ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندەك ئىش كۆرمىسەڭ ئاخىرقى ھېسابتا ناھايىتى يۇقىرى بەدەل تۆلەيسەن ...

* *

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ خېلى كۈنلەرگىچە ئارىسالدا بولۇپ يۈردۈم. ئويلىغانلىرىمنى باش مۇھەررىرگە ئېيتماقچىمۇ بولدۇم. لېكىن يالتايدىم. دېسەم-دېمىسەم ئۇ، گېزىت خەۋىرىمنىڭ ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلىش كېرەك، دەيدۇ. ئۇ چاغدا مېنىڭ ئويلىغانلىرىم پۈتۈنلەي بەربات بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە ئېڭىمنى سۈر باستى، يېڭىلا باشلىغان تەسۋىرىي خەۋىرىمنىمۇ ئاچچىقىمدا پۇرلەپ ئوتقا سالدىم. تاماكىنى ئارقا-ئارقىدىن چېكىپ ئۆيدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدىم. كۈن چۈش بولۇشقا تېخى خېلى بار ئىدى. ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆككەنىدى. ئۈستەلگە ئولتۇردۇم.

توساتتىن كىمدۇر بىرى ئىشىكنى چەكتى، خىيالىم بۆلۈندى.

— كىرىڭ! — دەپ توۋلىدىم ئورنىمدىن قوزغالمايلا. ئىشىك ئېچىلىپ دالاندا يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم. ئابىت دالان ئۆيدە ماڭا قاراپ ھىجىيىپ تۇراتتى.

— كەل، سارايغا كىرگىن، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ زورمۇ زور كۈلۈمسىرەپ.

— قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟ — دېدى ئابىت كىرىپسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — دۇمباق يېرىلىدىغان كۈنلەر يېقىنلىشىۋاتىدۇ، شۇڭا سېنى بالدۇرراق يېزىپ چىقىرىۋېتەرمىكىن، دەپ كېلىۋېدىم.

— قارا، ئابىت، — دېدىم ئاخىرى بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — گېزىتتە ئادەم تونۇشتۇرۇش سەن دېگەندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس جۇمۇ، گېزىتكە يېزىش ئۈچۈن سېنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىڭ ھەقىقىي، ئۈلگىلىك بولۇشى شەرت. ئىككىنچىدىن، گېزىتخانا رەھبەرلىكى قوشۇلۇشى، ئۈچىنچىدىن ئۆز تەشكىلاتىڭ ئىش ـ ئىزلىرىڭنىڭ راستلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك... مانا شۇنداق قىلغاندا سەنمۇ، مەنمۇ يەرگە قاراپ تىرناق تاتىلايدىغان ئىش بولمايدۇ.

— قىلغان ياخشىلىقلىرىمنى ئۆتكەندە ساڭا دەپ بەرگەنتىمغۇ، — دېدى ئابىت ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، — مانا شۇلارنى يېزىۋەرمەمسەن.

— ئۇ ئىشلىرىڭ پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق بولۇپ چىقتى ئابىت، — دېدىم قىلچە يۈز قاراپ ئولتۇرماي، — دېھقانلارنى ئالدىغان ئىشلىرىڭنى قانداق قىلىپ سېنىڭ ئۈلگىلىك ئىش ـ ئىزلىرىڭ دەپ يازىمەن. بۇ، ئۇلارغا ۋە گېزىتخانىغا بىر ھاقارەتقۇ، بۇ جاۋابكارلىقنى ئېغىر ئىش. ھۆددىسىدىن چىقالماي قالىمەن، بۇ ھەقتە ئۆتكەندە ساڭا ئېيتقانىدىم، مېنى قىينىما ئابىت، سېنى يازالمايمەن، راستتىنلا يازالمايمەن.

— سەن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىۋاپسەنغۇ، — ئابىت ھاڭ ـ تاڭ بولغاندەك ماڭا قارىدى، مەن تارتمىدىن ئۇنىڭ ئۆتكەندە بەرگەن مىڭ سوم پۇلىنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدۇم.

— يازالمايمەن! — دېدىم كەسكىن ھالدا، — بىرىنچىدىن، پاكىت ھەقىقىي ئەمەس، ئويدۇرما... ئىككىنچىدىن...

— توختىغىنا، — دېدى ئابىت قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا، — ئاشۇ نىنچىلىرىڭنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمامسۇ، پۇلنىڭ قۇدرىتىنى سەن تېخى تونۇپ يەتمەپسەن، يالغاننى راست قىلىپ تۈزەيدىغانمۇ ئۆزۈڭ، ساڭا دېدىمغۇ، مېنى يېڭى سىياسەت بىلەن پۇل تېپىپ بېيىدى، بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى، دەيسەن، بۇنىڭغا ئاز ـ تولا ئارىلاشتۇرۇۋەتسەڭ، بىرى سېنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇراتتىمۇ؟

— بۇ ئاخبارات چىنلىقى دېگەن قائىدىمىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇنىڭ جاۋابكارلىقى... راست تېخى ئۆز تەشكىلاتىڭ...

— تەشكىلاتىڭ؟... بىزنىڭ ھېلىقى ھاكىم ۋاقتىنى دېمەكچىمۇ ـ سەن، ئۇنىڭمۇ جاجىسى پۇل، تامغا دېگەننى چامغۇرنىڭ ئورنىدا باستۇرۇپ بېرەلەيمەن. گەپنىڭ نەق يېرىدىنى قىلە، يازامسەن ـ يازمامسەن؟ نېمانچە تىتىلغىنى چاينايسەن؟

ئابىت جادا ئۈستەل ئۈستىدىكى پۇلغا قاراپ قويۇپ، پەلتوسىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن يەنە بىر باغلام پۇل ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە تاشلىدى.

— مە، يەنە مىڭ سوم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ئەمدىغۇ يازارسەن. يەنە

نىمە قاراپ تۇرۇسەن، بىرلا يىزىپ چىقى-
رىپ قويۇشۇڭ ئىككى مىڭ سوم بولسۇن،
ئازلىق قىلماس، پەيت قولدىن كىتىپ
قالمىسۇن.
پۇلغا بىر هازا تىكىلىپ تۇردۇم،
ئادەتتە، قەلەم هەققىمۇ يىگىرمە سومغا
يەتمەيدىغان بىر تەپسىلىي خەۋەرنىڭ
خۇنىغا ئىككى مىڭ سوم بىرەي دەۋاتقان
تۇرسا...
ئاخىرى ئۆز ئويۇمنى ئابىتقا ئىيت-
ماقچى بولۇپ تەييارلاندىم، ئۇ مىنىڭ
جاۋاب بىرىشىمنى كۈتۈپ تاقىتى - تاق
بولۇپ تۇراتتى.
— ماقۇل، مەن سىنىڭ تەلىپىڭنى
ئورۇندايمەن، — دىدىم ئاخىرى، ئۇنىڭ ئال-
دىمغا قويغان ئىككى مىڭ سوم پۇلىغا
كۆزۈم قىزىرىپ، — لىكىن پەيت كۈتۈ-
شىمىز كىرەك، ئالدىراپلا تايغا توقۇم
توقۇغان بىلەن بولمايدۇ. يازغىنىم
گىزىتكە چىققۇچە بىرىگە تىنمايسەن،
داۋراڭ قىلمايسەن، گىزىتكە چىقىپ،
تارالغاندىن كىيىن، قانچىلىك داۋراڭ
قىلساڭمۇ ئۆلگۈرسەن، ئۇقتۇڭمۇ.
ئابىتنىڭ تۇتۇلغان چىرايى بۇ
سۆزۈم بىلەن تەڭلا گۈلدەك ئىچىلىپ
كەتتى،
— مانا، مانا، بۇ سۆزۈڭ كىشىنى تازا
يايرىتىۋىتىدۇ، ئاداش، — دىدى ئابىت
يۇزىدىكى تەرلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن
سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بۇ ئىشىڭ دۇرۇس
بولدى، — ئابىت شۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ
ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان ئىككى باغلام
پۇلغا كۆز قىرىدا قاراپ قويدى، — مەن
كىتەي، — كىتىشكە تەرەددۇتلەندى
ئابىت، — قاچان كىلەي؟ ماۋۇ ئاشۇ
گىزىتتىن يۈز پارچىنى ئىلىپ قوي،
قانچە كەتسە كەتسۇن،
— ئۇ ئاسان گەپ، ئۇنىڭدىن
خاتىرجەم بولغىن.
— گىزىتكە زادى قاچان چىقىرى-
سەن؟ شۇنى دىگىنە، — دىدى ئابىت
ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ.
— ئۇنىڭغا ئانچە ئالدىرىما، —
دىدىم مەن چۈشەندۈرۈپ، — گىزىتىمىز
هەپتىنىڭ جۈپ كۈنلىرى چىقىدۇ، مەن
سەن توغرۇلۇق يازىدىغان تەپسىلىي
خەۋەرنى ئەتىگىچە پۈتتۈرسەم.
— بۇ، ئامەتنىڭ ئۇنجىسى
دىگىن، — گەپ قىستۇردى ئابىت.
— ئۇنىڭدىن كىيىن، بىزنىڭ گىزى-
تىنىڭ باش مۇهەررىرىنىڭ تەستىقىدىن
ئۆتكۈزۈۋالسالا ئىش پۈتكەن بولىدۇ،
سەن ئەتە يازغان خەۋىرىمگە يەككە
تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ياكى بول-
مىسا شەهەرلىك سودا - سانائەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ
ئەپكىلىپ بەر، بۇ ئىشنى قىلالامسەن؟
— دىدىمغۇ، تامغىنى تۇرۇپ - چام-
غۇر ئورنىدا باستۇرۇپ بىرىمەن!
ئابىت شۇ ۋەدىنى بىرىپ بولۇپ
چىقىپ كەتتى. مەن شۇ ئان يىزىشقا
ئولتۇردۇم. قانچىلىك قىلساممۇ زادىلا
ئىلهام كەلمىدى. هىلىقى پاكىتلارنى
كەلتۈرۈپ «ياماقچىلىق»، «سۇۋاقچىلىق»
قىلدىم. بارا - بارا ئىككى مىڭ سوم ئۆز
قۇدرىتىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. قولۇمغا
نەقمۇ نەق چۈشكەن بۇ پۇل ئاسانلىقچە
قولدىن چىقىرىۋىتىدىغان پۇل ئەمەس - تە.
مانا شۇلارنى ئويلاپ ئىنچىكە بار-
ماقلىرىم ئارىسىدا چىڭگىمدە قىسىلغان

قەلەم ئاق قەغەز ئۈستىدە تىنىماي يورغىلاشقا باشلىدى. ئىلھامىمۇ شۇنداق كەلدى. كۆز ئالدىمدا يېڭى دەۋردە ھالال بېيىغان، بېيىغاندىمۇ نامرات دېھقانلارنى ئۇنتۇتمىغان بىر يەككە تىجارەتچى گەۋدىلەندى. ئۇنى ھېسسىيات، لىرىك تۇيغۇلار بىلەن يەنىمۇ بېيىتىپ، يېڭى زاماننىڭ يەككە تىجارەتچىلەر ئاسمىنىدا پارلىغان نۇرلۇق چولپان قىلىپ تازىمۇ گەۋدىلەندۈردۈم.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى، تەپسىلىي خەۋەرنى تىزىملاش ئىشخانىسىغا ئېپكىرىپ بەردىم. ئەتىسىلا بۇ خەۋەرنى ئىككىنچى بەت مۇھەررىرىنىڭ ئالدىدا كۆردۈم. ئۇ، گېزىتكە بېرىشكە تەييارلاۋاتاتتى. يۈرىكىم بىردىن دۇپۇلدەپ سوقۇشقا باشلىدى...

— ئۆز مۇخبىرلىرىمىزنىڭ خەۋىرىنى ئالدىن بېرىش شەرتى ئاستىدا تەپسىلىي خەۋىرىڭىزنى تەييارلىدىم، — دېدى ئۇ ماڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، — ياخشى يېزىپسىز. رەسىمىدىنمۇ بىرەر پارچە بېرىۋەتسەك قىممىتى تېخىمۇ ئاشاتتى. بەتمۇ كۆركەم چىقاتتى.

مۇھەررىرگە نېمە دېيىشىمنى بىلمەي بىر پەس تۇرۇپ قالدىم.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، بۆلۈمگە يەنە تىڭ ـ تىڭلاپ باردىم، ئىككىنچى بەت مۇھەررىرى ئالدىمغا چىقىپ:

— ماقالىڭىزنى باش مۇھەررىرنىڭ ئالدىغا قويدۇم، بۈگۈن كۆرۈۋەتسە، ئەتە باسمىغا بېرىمىز، — دېدى.

— شۇنچە تېزمۇ؟

— ياخشى ئەسەر مۇھەررىرنىڭ قولىدا تۇرغىنىنى نەدە كۆرگەنسىز؟ — مۇھەررىر شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ بۆلۈمگە كىرىپ كەتتى. مەن مۇخبىرلار بۆلۈمىگە كىرىپ ماتېرىيال كۆرۈشكە باشلىدىم. لېكىن ھەر قانچە قىلساممۇ كاللامغا چۈشمىدى... بىر چاغدا مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى غىچچىدە ئېچىلىپ، باش مۇھەررىر كىرىپ كەلدى. يۈرىكىمۇ ئىشىكنىڭ سىرلىق غىچىلدىشى بىلەن تەڭ جىغغىدە قىلىپ قالدى. باش مۇھەررىرنىڭ ماڭا قاراپ سىرلىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن يۈرىكىم تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللىي بەردىم.

— ماڭا بىر يولۇقامسىز، — دېدى ئۇ، — سىز بىلەن مۇزاكىرىلىشىدىغان ئىش بار ئىدى.

باش مۇھەررىر بىلەن پاراڭلىشىدىغان بۇ ئىشنىڭ زادى نېمىلىكى ماڭا ئايدىڭ، يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن، يا «غالىب» بولىمەن، يا «مەغلۇپ» بولىمەن.

— كېلىڭ سابىت، — دېدى ئۇ بۆلۈمىدىكى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، — ئولتۇرۇڭ، سىزنىڭ «يەككە تىجارەتچىلەر ئاسمىنىدا پارلىغان چولپان» ناملىق تەپسىلىي خەۋىرىڭىزنىڭ پاكىتى ھەقىقىي پاكىتلارمۇ ـ قانداق؟

— مۇخبىرلىق قىلىش ئارقىلىق ماتېرىيال ئىگىلىدىم، — دېدىم ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، — ھەقىقىي پاكىتلىق ئىشلار، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ، ئەجەپ بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ.

ئۇ ماڭا لەپپىدە بىر قاراۋېتىپ:

— توغرا ئىش ئەنى ئازدۇرمايدۇ

www.uyghurkitap.com

جۇمىڭ، — دېدى.

مەن لۆم-لۆم ئورۇندۇقتا گويا تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇۋاتاتتىم. پېشانەمدىن تەر ئاقاتتى. قول ياغلىقىمنى ئېلىپ سۈرتۈشكە ئاران ئۈلگۈرەتتىم، ئىشىم ئاشكارىلىنىپ قالغانمىدۇ، دېگەن ئوي مېنى چىرمىۋالدى.

— تامغىلىق خەۋەر، — دېدىم ئۆزۈمنى زورغا بېسىۋېلىپ، — بوچۇق يوق.

— بۇ كىشى توغرۇلۇق، — ئۆز كۆڭلىدىكى گەپنى ئاشكارىلىدى ئۇ، — ھېلىقى مىلليامۇن دېگەن يىگىتتىن باشقىچە ئىنكاس ئاڭلىۋالدىم...

يۈرىكىم جىغغىدە قىلدى. ھەي، ھېلىقى كۈنى ئابدىنىم ئاكا تالاغا چىققاندا، قار تازىلاۋاتقان ساقاللىق يىگىت ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋېدى، ئۇ شۇ چاغدا ئابىت جادىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ قويغانمۇ نېمە. ھەي، ئاشۇ ئىككى ئايەت نېمىشقىمۇ كەلگەن بولغىيدى.

شۇ ئەسنادا باش مۇھەررىرنىڭ ئىشخانىسىغا ئىككىنچى بەت مۇھەررىر كىرىپ كەلدى.

— ماقالىلەرنى كۆرۈپ بولدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئۈستەلگە يېقىنلىشىپ، — نابورغا بېرىۋېتەي، ساقلاپ قالدى.

— بەت تەرتىپىنى تۈزگەنمىدىڭىز؟ — سورىدى باش مۇھەررىر.

— تۈزگەن.

باش مۇھەررىر ماقالىلەرنى ئۇنىڭغا بەردى. مۇھەررىر ئىشىكتىن چىقىپ كەتكۈچە كۆزۈم تۆت بولدى. يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك، ئۇ ھازىرلا مۇھەررىرنى توختىتىپ، مېنىڭ يازغان تەپسىلىي خەۋەرلىرىمنى تارتىپ ئېلىۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تاكى مۇھەررىر ئىشىكتىن چىقىپ بولغانغا قەدەر يۈرىكىم ئورنىغا چۈشمىدى. مەن ئۇلۇغ-كىچىك تىندىم. ئابدىنىم ئاكا گەپ قىلمىغان بولسا يەنە قانچىلىك ئولتۇرۇشۇمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

— سىزدىن شۇنى سوراي دېۋىدىم، — دېدى ئۇ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — بولىدۇ، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ...

چۈشتىن كېيىن، ئەتە چىقىدىغان گېزىتنىڭ باسما نۇسخىسى چىقتى، مېنىڭ تەپسىلىي خەۋىرىم گېزىتنىڭ بېشىغا بېرىلگەنىدى. مانا ئاخىرقى بىر كۈن. مۇشۇ كۈن تىمتاس، شاۋقۇن-سۈرەنسىز ئۆتۈپ كەتسىلا غەلىبە مېنىڭ.

كەچتە گېزىتنىڭ ئاخىرقى باسما نۇسخىسى تۈزۈلۈپ چىقاتتى. شۇڭغىچە مەنمۇ مۇخبىرلار بۆلۈمىدىن چىقماي ماتېرىيال كۆرگەن بولۇپ ئولتۇردۇم. كۆزۈم قەغەزلەر دۆۋىسىدە بولغىنى بىلەن قۇلىقىم، دىققىتىم يەنىلا باش مۇھەررىر ئىشخانىسىدا ئىدى. لېكىن ھېچقانداق ئۆزگىچە ئەھۋال كۆرۈلمىدى، شۇڭا كۆڭلۈم توق ئولتۇراتتىم. كەچكە يېقىن كوررېكتور بۆلۈمىدىن ئىككىنچى بەتنىڭ ئاخىرقى باسما نۇسخىسى چىقتى. كوررېكتور گېزىتنىڭ ئاخىرقى بېسىلىش نۇسخىسىغا قول قويدۇرۇش ئۈچۈن باش مۇھەررىرنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇنى تاپالمىدى. ھەممە ئىش پۈتۈپ قول قويۇشقا كەلگەندە ئۇنىڭ بولمىغىنى نېمە ئىشتۇ؟

كوررېكتور گېزىتنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىغا قول قويدۇرۇش ئۈچۈن مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى.

مەنمۇ ئۇنىڭغا سۇكۇتىشىلا كىردىم.

— باش مۇھەررىرنى تاپالمىدىم، — دېدى ئۇ، مۇئاۋىن مۇدىرغا گېزىتنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى سۇنۇپ، — سىز قول قويۇۋېتەمسىز، ماشىنا بۆلۈمىدىكىلەر قاراپ قالدى، ئالدىرىتىۋاتىدۇ.

— بوپتۇ، كۆرەي، — ئۇ گېزىت نۇسخىسىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى ـ دە، بەزىبىر ئىملالارنى تۈزەتكەندىن كېيىن، «بېسىلسۇن» دەپ قول قويدى. كوررېكتور گېزىتنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى ماشىنا بۆلۈمىگە ئېلىپ كەتتى. بۈگۈن ئادەتتىكىدىن خۇشال هالدا ئۆيگە قايتتىم.

كۈتكەن كۈن يېتىپ كەلدى. ئەتىگەندىلا ئىشقا باردىم. يىغىن زالىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىمگىلا زالدا يالغۇز ئولتۇرغان ئابدىنىم ئاكىنى كۆرۈپ بىرئاز ئوڭايسىزلاندىم. لېكىن دەرهال ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم. ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى، ماڭا تىكىلدى، مەنمۇ غەيرىتىمگە كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇزايىدىن هارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

بىردەمدىن كېيىن، زالغا مۇھەررىر ۋە باشقا بەت مەسئۇللىرى يىغىلدى، ئارقىدىنلا بۆلۈمگە گېزىت تارقىتىدىغان قىز كىرىپ كەلدى. ئۇ ئابدىنىم ئاكىنىڭ ئۈستىلىگە خەنزۇچە گېزىتنىلا قويۇپ ئارقىسىغا ياندى.

— ئۇيغۇرچىسىچۇ؟ — هەيران بولۇپ سورىدى ئىككىنچى بەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، بەكمۇ تەقەززا بولۇپ تۇرغان بولسا كېرەك، بوينىنى غازدەك سوزۇپ ئۈستەل ئۈستىگە قارىدى، مەنمۇ هەيران بولدۇم. بىردىنلا قوقاس ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولدۇم، بۆلۈمدىكىلەر تەئەججۈپ ئىلكىدە بىر ـ بىرىگە قاراشتى. گېزىت نېمە ئۈچۈن چىقمىغاندۇ؟ ئادەتتە بۇنداق ئەھۋاللار بولمايتتىغۇ، ھەپتىنىڭ جۈپ كۈنلىرى، يەنى گېزىت چىقىدىغان كۈندە بۇنداق ئاسادىيي ئەھۋالنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟...

— بىرئاز كېچىكىپ چىقىدۇ، — دېدى بىر پەستىن كېيىن ئابدىنىم ئاكا.

گېزىتنىڭ كېلەر سانىغا بېرىلىدىغان ماقالىلەر ماقۇللاندى، ئىش ئەمدىلا ئاياغلاشقاندا گېزىت تارقىتىدىغان قىز گېزىتنىڭ بۈگۈنكى سانىنى ئېلىپ كىردى، مەن تەقەززالىق بىلەن يېڭى سانىنى قولۇمغا ئېلىپلا، ئىككىنچى بەتنى ئاچتىم، كۆزلىرىم بەت قۇرلىرىنى ئارىلاپ هارمىدى، ماۋزۇلار، قۇرلار كۆز ئالدىمدىن بىرمۇ بىر ئۆتتى، شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ماقالەمنى تاپالمىدىم. ئۇ گويا بىر سېھىرگىنىڭ قۇدرىتىدىن بۇ بەتتىن غايىب بولۇپ كەتكەندەك ئىدى.

— ئاخشام ئىككىنچى بەتتىن چاتاق چىقتى، — دېدى باش مۇھەررىر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — كەچتە بېسىلىدىغان گېزىت توختىتىلىپ، يېڭىدىن ماقالە سەپلەندى.

— كەچتە ھەرپ قانداق تىزىلدى؟ — هەيران بولۇپ سورىدى ئىككىنچى بەتنىڭ مۇھەررىرى كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن چەكچىيىپ قاراپ.

— ئىككىنچى بەتكە بېرىلگەن تەپسىلىي خەۋەردە، — دېدى باش مۇھەررىر ئۇنىڭ سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، — مەسىلە بولغاچقا قالدۇرۇلدى، ئېلىنغان ماتېرىيال

www.uyghurkitap.com

ساختا، ئويدۇرما، ئەگەر بۇ خەۋەر گېزىتكە چىقىپ كەتكەن بولسا، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلغان بولاتتى....

زالنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى. ئاندىن قۇلاق يېقىپ كۇسۇرلىشىشلار باشلاندى.

— سابىت بۈگۈندىن باشلاپ خىزمەتتىن توختايدۇ، — دېدى باش مۇھەررىر سۆزىنى داۋام قىلىپ، — تەكشۈرۈش يېزىشى كېرەك، مەسىلە تەلتۆكۈس ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، غەرەز، مەقسەت ۋە باشقا سەۋەبلەرمۇ تولۇق يېزىلىشى كېرەك...

بۆلۈمدىكىلەر تارقالدى. بوينۇمغا تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك، ئورنۇمدىن قوزغالماي بىر هازاغىچە ئولتۇردۇم. ئابدىنىم ئاكا ماڭا پارتىيە گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولۇش سالاھىيىتىمنى نېمە ئۈچۈن يوقاتقانلىقىم ھەققىدە نۇرغۇن سۆزلىدى. ئاچچىق ئەلەمدىن گېلىم قۇرۇپ، بېشىم پىررىدە قايدى...

شۇ كۈنى كەچتە گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. باللىرىم شېرىن ئۇيقۇدا تەۋرىنەتتى، مەن ئەلەم، پۇشايمان ۋە ئېچىنىش ئىلكىدە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئەتىگەندە تۇرۇپ ئەينەككە قارىسام كۆزلىرىم قىزىرىپ كېتىپتۇ، بېشىم قاپاقتەك بولۇپ قالغانىدى. ناشتىلىق چاي ئىچىشكىمۇ تاۋىم بارمىدى. ئايالىم باللارنى يەسلىگە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۈستەلىمگە كېلىپ تەكشۈرۈش يېزىشقا تۇتۇندۇم. بىردىنلا ئىشىك ئېچىلدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئابىت جادا قاپىقى سېلىنغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە تەكەللۇپسىزلا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىدىن ئۇنىڭ نېمىگە خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم.

— ئېست، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ساڭا ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەن، ماڭا تولا گەپ قىلىپمۇ ئاغزىمنىڭ نەچچە قەۋەت تېرىسى چۈشۈپ كەتتى. ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك مېنىڭ گېپىم ساڭا يۇقماپتۇ. سەن يەنە ئۆز بىلگىنىڭنى قىلدىڭ! مېنىمۇ ھوقۇق-مەنسەپتىن مەھرۇم قىلدىڭ، ئۆزۈڭمۇ ھەممىدىن قۇرۇق قالدىڭ! — دېدى ئابىت جادا زەردە بىلەن. ئۇنىڭ گېپى جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەن شۇ-دە. پۇشايمانىمدىن ئېقىۋاتقان تەرلەرنى ئېرتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

— بۇ... بۇ... مۇخبىرلىق ئىستىلىغا خىلاپ ئىشنىڭ ئاخىرى...

— ھەي، ئەخمەق! ئاشۇ ئىستىل-پىستىل دېگىنىڭنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايتتىمۇ؟ — ئۇ ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى، — نېمىگە قورقۇپ يۈرەتتىڭ، ھەممىسىنىڭ جاجىسى پۇل ئىدىغۇ، پۇل! سىيىر سىيلىغاننى بىلمەس، يامان بەرگەننى دەپ... يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغان ئابىت تېخى دۇنياغا تۆرەلگىنى يوققۇ، قېنى، پۇلنى چىقارغىنا، كېتەي...

مەن دەرھال تارتمىدىن ئۇنىڭ ئىككى مىڭ سوم پۇلىنى ئېلىپ قولىغا تۇتقۇزدۇم. ئۇ، تېخى پېچەتى بۇزۇلمىغان بۇ پۇللارنى قولىغا ئېلىپ كۆز ئالدىمدىلا ساناشقا باشلىدى.

— پۇلنى بىكارغا بەرسىڭمۇ سانىۋال،

دەپتىكەن! — ئۇ، سوغۇق ھەجىيىپ قو-
يۇپ ھەدەپ پۇل ساناشقا باشلىدى...



— سەن پرىنسىپلىق ماقالەڭنى يې-
زىۋال، مەنمۇ ئۆز ئىشىمغا ماڭاي، —
دېدى-دە، پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ئى-
شىكنى جاققىدە يېپىۋېتىپ ئۆيدىن چى-
قىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ماڭا بەكمۇ
ھار كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ مۇن-
داق قارا ئىكەنلىكىنى تېخى ھېس
قىلمىغانىكەنمەن...

مەن شۇ ھامان مىڭ پاتمان ئېغىر-
لىقتىكى يۈكنى شىلىلەمدىن ئېلىپ تاشلى-
ۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدىم.

ئەتىسى باش مۇھەررىرنىڭ ئىشخا-
نىسىغا كىرىپ تەكشۈرۈش قەغىزىمنى
تاپشۇردۇم. ئۇ يازغانلىرىمنى تەپسىلىي
كۆرۈپ چىقتى-دە:

— توغرا ئىش ئەرنى ئازدۇرمايدۇ،
مانا ئەمدى مەسىلىنى توغرا قويۇپسىز.
بىر چوڭ ئاپەتنىڭ ئالدى توسۇپ قېلىن-
دى، بىخ ھالىتىدە، بۆشۈكتىكى چېغىدىلا
بوغۇۋېتىلدى، بولمىسا ئۇنىڭ زىيىنىنى
تولدۇرۇۋالغىلى بولمايتتى ... — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بۆلۈمىدىن چىقىپ ساپ
ھاۋادىن نەپەس ئالدىم. بۇنىڭ بىلەن تەڭ
پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى روھىي بۇلغىنىشلار
يۇيۇلۇپ كەتكەندەك بولدى. روھىي پاك-
لىق نېمىدېگەن گۈزەل-ھە؟! ... رو-
ھىي پاكلىق دۇنياسىدا ياشاش كىشىلەر-
گە مەڭگۈ نېسىپ بولسۇن!

...

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

**تۈزىتىش**

8 - سان مۇندەرىجىدىكى س. يوركى «سېنى كۈتىمەن» دېگەننى ھ. ئاندىرات
«چىمەنلىكتە ياتقان قىز» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭلارنى سورايمىز.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

**مۇھەممەتجان سادىق**

# سەپەردىكى كۈنلەردە

1

ئۆتكەن يىل،
ھارپا ئاخشىمى ...
قايىنايتتۇق بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە،
تۇيغۇلاردىن ئوت يېنىپ ...
كىرىپ كەلدى بىر چاغدا
ئېگىز بوي،
سۆلەتلىك بىر جاناب.
خۇشخۇي ئىنىپ ...
ئادەتتىكى:
مېھمانىنىڭ ئورنى تۆردە،
كۆرۈشتۇق بىر - بىر قول بېرىپ،
ئىللىق!
بېقىڭ!
ياغدى ئۈستىگە ...
لەززەتلىك تونۇر كاۋىپى
كەلدى ئالدىنغا،
ئالدى جاي تەبەسسۇم
كىرىپ ھۆسنىگە ...
بىلدۇقكى: تاجىداركەن
بىر ۋىلايەتكە،
بۇگۈن ئۇ، قەدىناسلاردەك
ئوچۇق،
خۇش چىراي.
ھاياجان ئىچىدە ئاقار سۆزلىرى،
گويا ئۇ،
ھۆرمەتنىڭ ئاسمىنىدىكى
تولۇن ئاي.

2

مەن كەلدىم تاجىدارنىڭ ۋىلايىتىگە
شاپتۇل،
ئەنجۈر ... لەر
تازا مەي بولغان
ئېھ، سېخىي ئايدا
ئاقاتتى شادلىقنىڭ كەلگۈن - قىيانى،
كۆي چېچىپ،
گۈل چېچىپ
قەلبىمدىكى سايدا ...
قاراڭ، بۇ تەقدىرنى!
بارسام مەھكىمىگە،
ئولتۇراتتى
ھېلىقى
ھىجىيىپ گۈل چاچقان چىراي،
ھەيۋەت بىلەن ئالدىمدا ...
— «بېرىڭلار بىزنىڭ يۇرتقىمۇ!» —
دېگەنلىرى
خۇددى بىر ناخشىدەك
تۇرار يادىمدا ...

تونۇشتۇرۇش ئۇستەل ئۇستىدە،
قويمىدى قاراپ،
«قارشى ئالىمەن!» — دېدى ئۇ، ئاران.
بىللە بارغان كەسىپدىشىمغا
قارىدى:
ئەسنەپ،
ئاغزىنى —
ئېچىپ بەك يوغان.

3

راست، مەن ئاددىي بىر ئىنسان،
ۋە لېكىن پاك مېھرى ـ مۇھەببەتكە
تولغان دىلىم.
بېشىمدا نە تاجىم،
نە ئۇتۇغاتىم بار،
مېنىڭ سۆيگىنىم،
مېنىڭ شېرىنىم
ئىجاد ۋە ئىلىم.
بولدۇم ئوپالدا
ئاپئاق غوجامدا،
بەشكېرەمدە.
ئاھ، بىراق، ماڭا تەقدىر
قىلدى چاقچاق،
ئايالىم ياتىدۇ ئېگراپ ـ تولغىنىپ.
يېنىمدا ئاق خالاتلىق قىز،
تومۇرىغا ئاقماقتا قان.
بېشىمدا چاقماق ...
قانداق قىلاي؟!
ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟
بېشىمنىڭ قاتتىق ئىچى —
قاتتىق تېشى.
كونا بىر خىزمەتدىشىم تەسەللىي ماڭا،
كەلدى يېتىپ ساۋاقدىشىمۇ.
ئېغىر كۈنلەردە،
بىلىنىدىكەن خۇددى خىزىردەك
ئۆپكىسىنى قاقىدىلار ساڭا!

كۈن چۈشكەندە بېشىمغا
سايىۋەن بولغان،
جان ـ جىگەر دوستلىرىم،
سىلەرگە رەھمەت!
مېھرىڭلار بىلەن
كۆتۈرۈلدى غەم تۇمانلىرى،
ساقايدى سەللىمازا
دىلدىكى زەخمەت.
دوختۇرخانىنىڭ خۇش خۇي رەھبىرى،
مېھرىبان دوختۇر،
غەمگۇزار سېستىرالار،
ئېھ، ئاشپەز
سىلەرگە مىڭ ـ مىڭ تەشەككۇر —
يۈرىكىمدىن!
شۇ تاپتا
ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ،
ياش پونتانلىرى
ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك
كۆكرىكىمدىن!.
دوستلىرىم،
دوختۇرلىرىم،
سىلەردىن قەشقەرنى كۆردۇم
مېھرى ـ مۇھەببەت چاچىدىغان! ...
سىلەر پەرىشتىلەر،
خىزىرلار،
گۈلسىز تال ـ سۆگەتتىمۇ
گۈل ئاچىدىغان! ...

4

يەنە مەن مەھكىمىدە.
تاجىدار يوق!
قانچىدۇر نومۇرى ئۆيىنىڭ،
چۈشتە ئۇنى تاپالامدىمەن؟!
نومۇر قولۇمدا!
ئاھ، بىر مېھرى ـ شەپقەتنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۆزۈك ئېقىنلىرىدا
ئاقالامدىمەن؟!
تېلېفونغا چىقتى ئايالى.
يوق!
نەگە كەتكەندۇ؟!.
ھەسرەت قوشۇلدى ھەسرىتىمگە،
ئايالىم قان ئىچىدە!
كېيىم يار ئىدى،
ھاجىتىم بار ئىدى،
ئاھ، ئاشۇ «ھەزرىتىم» گە.
ساۋاقدىشىم كەلدى يېتىپ،
كۆرۈپتۇدەك تاجىدارنى:
كۆزى قىزارغان.
ئۆتكەن كېچە ئۇيقۇسىز
مەي ئىچىپ...
ساۋاقدىشىم ھالىمنى سۆزلىگەن ئاڭا،
ئاچمىغان ئېغىز،
ئەسنىگەن ئاغزىدىن
سېسىق بۇس چېچىپ...
شۇنچىلىك ئالدىراشمىدۇ؟!
يەتمىسە كۈندۈز،
كېچىچۇ؟!
كېچىلەر لەززەت شېرىن بەزمىدىن...
كېلىدۇ ئاڭا
قانداق نەپ،
قانداق بىر پايدا
مەندەك بىر ئاددىي

ئەھلى نەزمىدىن؟!
گۈل ئايلىنىپ،
چۆل ئايلىنىپ كېلەر بۇ تەقدىر،
بىلىمەن:
شۇ كۈنلەردە سەن
ئاسماندىكى ئاي...
ئاي سوغۇق،
مۇھەببەتسىز،
ئۆچكەن سەييارە،
ئۇنىڭدا سۇسىز،
ناخشا ـ ناۋاسىز تاشلىق ساي.
بىز ئادەمغۇ
يۈرىكى بار
يالقۇنلۇق تۇيغۇلار چېچىپ
كۆپۈلدەپ سوقۇۋاتقان.
يەنە بىر بارغىنىمدا،
كۆرەي سېنى شۇنداق ھالەتتە:
ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمىدا
مۇھەببەتلىك ناخشىلار ئوقۇۋاتقان!

5

قۇياشنىڭ قىممىتى:
كائىناتنى
يورۇتقانلىقى!
ئادەمنىڭ قىممىتىچۇ؟
كۆزدىكى ياشنى...
قۇرۇتقانلىقى!

مەھەممەتجان راشىدىن

## بىرى تىكەن، مىڭى گۈل، گۈلىستانغا ئوخشايمىز

### قىزىلگۈل

ئۈزۈپ قويۇپ سېنى باغدىن قىزىلگۈل
تېپچەكلەيمەن پۇشايماننىڭ دارىدا.

ئۈزمەس ئىدىم، گۈلىستانغا، ۋاي ئېسىت،
كىرگەن بولسام ئەس ـ ھوشۇمنىڭ بارىدا.

ئېچىناتتىم ياش ئۆلۈمگە چۈنكى مەن،
كەتسە بىراۋ مۇرادىغا يەتمەستىن.
بولۇپ قالدىم قاراپ تۇرۇپ قاتىلىك،
قانداق قىلاي ئەمدى ھەسرەت چەكمەستىن.

لەۋ ئاچمىغان بىر غۇنچەڭمۇ بار ئىكەن،
ئۈزۈپتىمەن ساڭا قوشۇپ ئۇنىمۇ.
تاڭلا بىر كۈن سورىقىدا «تەڭرى» نىڭ
قانداق ئېيتاي: مەن ئۈزگەن، دەپ، بۇنىمۇ.

يامان دەيدۇ ئاشىقلارنىڭ قارغىشى،
چوقۇم، مېنى قارغاپ قالدى بۇلبۇللار.
تىترەپتىكەن ھەسرەت بىلەن شۇنىڭغا،
سېنى ئۈزسەم، يېنىڭدىكى سۇمبۇللار.

بىلەتتىڭغۇ كۆزىن ئاچتى جانان، دەپ،
شۇ بۇلبۇللار تاڭ سەھەردە لەۋ ئاچساڭ.
سۆرەتتىڭغۇ بىر ۋىسالنىڭ پەيزىنى
مەي ئىچكەندەك مەست بولۇشۇپ، ھىدچاچساڭ.

ئاشىقىڭنى كۆرمەي تۇرۇپ كۆز يۇمدۇڭ،
ئۆلگۈرمىدى ھېچكىم سېنى ھىدلاشقا.
باغلار ئۈچۈن جىمى گۈلدىن ئۈزۈك ئۇز،
ئەمەسمىدى ئۈزۈك چاچقان ھىد باشقا؟!

مانا، بۈگۈن قولى بولۇپ جاللاتنىڭ
سېنى ئۈزگەن قوللىرىمغا مىڭ لەنەت!
جان تالىشىپ ياپراقلىرىڭ يىغلايدۇ،
قېنى، دەيمەن مېنىڭدىكى دىيانەت؟!

پىچىرلاشتى دەل ـ دەرەخلەر، بىر ياشنى
ئۆلتۈرۈشكە قانداق قولى باردى؟ دەپ.

ياۋۇزلۇقتا ئەيىبلەشتى: بىر قوينىڭ
قاشقىرى بولۇپ قارنىنى ئۇ ياردى! دەپ.

دېمەك، سېنى ئۈزۈپ قويۇپ، قىزىلگۈل،
شۇلارغىمۇ ياۋۇز بولۇپ قاپتىمەن.
ئۆز كۆڭلۈمنىڭ راھىتىگە بېرىلىپ،
ياۋۇز دېگەن ئاتاقنىمۇ ئاپتىمەن.

بىر بوۋاقنى بوغۇزلىغان ئوخشايمەن،
ياكى بوغۇپ بىر جانانىنى ئۆلتۈرگەن!
شۇملۇق پىرى ـ قۇزغۇن بولۇپ قاپتىمەن،
ياكى يانغىن دالىلارنى كۆيدۈرگەن!

كىمدىن قالدى بۇ قانخورلۇق، بىلمىدىم،
ئۆزى ئۈچۈن خاراب قىلىپ ئۈزگىنى.
چىقتى، نېتەي، بىر گۇناھسىز جان بولۇپ،
شۇ قولۇمنىڭ ھالاك قىلىپ ئۈزگىنى.

بىر نۆۋەتلىك ئالەمگۇ بۇ ھەر جانغا،
مۇراد تاپماق ھەر كىمدىكى ئارمانغۇ؟
سەن ۋىسالنى ئەزىز كۆرسەڭ جېنىڭدەك،
مەنمۇ شۇنداق ئارمانلاردا يانغانغۇ؟

زامىن بولغان ياش ئۆمرىگە بىر گۈلنىڭ
بۇ تەقدىردىن ئۆلۈم ياخشى ماڭىمۇ.
شۇڭا گۈلۈم، بۇ شېئىرنى، ئىشەنسەڭ،
يىغلاپ يازدىم ئۈزۈمگىمۇ، ساڭىمۇ.

ئۈزۈپ قويۇپ سېنى، نېتەي، قىزىلگۈل،
يىغلاپ ياتتىم پۇشايماننىڭ غارىدا.
ئەقىلسىزمەن، ئۈزمەس ئىدىم، شۇ باغقا
كىرگەن بولسام ئەس ـ ھوشۇمنىڭ بارىدا.

## ئارتىس قىزنىڭ ئانىسى

ئەسكى ياغلىق بېشىدا، ھېچكىمى يوق قېشىدا،
تىترەپ بارار كوچىدا ئارتىس قىزنىڭ ئانىسى.

ئۇلجا كەتكەن لەگلەك ئۇ، چۈشەر جايى چاتقاللىق،
ئۇلاپ بولماس يىپىدىن ئۈزۈلۈپتۇ تانىسى!

خازانغىمۇ ئوخشايدۇ بىچارىنى ئوخشاتساڭ،
قايسى دەرەخ شېخىدىن چۈشكىنىنى بىلمەيسەن.
خازان ئەمەس، دەرەخ ئۇ، قۇرۇپ كەتتى سۇ ئىچمەي،
راستكەن، ئەمما، دېگەن گەپ: دەرد تارتقانغا ئۆلمەيسەن.

ئۇ قېتىدىن كەلدى ئۇ بۇ شەھەرگە دەريانىڭ،
ئىزدىمەسكە قىزىنى مىسكىن كۆڭلى ئۇنىماي.
ئۆتۈپ كەتتى ئارتىس قىز ئەمما ئۇنىڭ يېنىدىن،
ئانا ھەيران قىزىنىڭ قالغىنىغا «تونۇماي».

يالاڭ چاپان يات قىلدى ئۆز قىزىنى ئانىغا،
كىم چىدايدۇ بۇ دەردكە؟ ئەمما ئانا چىدىدى.
قانچە - قانچە مۈشكۈلنى چەيلەپ كەلگەن بىلەن ئۇ،
ئەمما بۇ رەت بىچارە يىغىباشتىن جۇدىدى.

شەيتان بۇزغان ۋۇجۇدى غالىب كەلدى قىزىنىڭ،
قاراپ قالدى ئانىسى، كېتىپ قالدى بۇرالماي.
تاپتى ئانا شۇندىمۇ ياتىقىدىن قىزىنى،
قىزىم يەنە قايتار، دەپ ئۇندا ساقلاپ تۇرالماي.

بولۇپ قالدى پاناھ جاي قىز ياتىقى ئانىغا،
قىز بېشىغا غەم چۈشتى شۇ ئاخشامدىن باشلىنىپ.
پەرزەنتىنىڭ يېنىدا ئاتقۇزسىمۇ قانچە تاڭ،
قالدى ئانا بىراقتا كۆندۈزلىرى تاشلىنىپ.

قىز سەھنىدىن قايتقىچە ئانا يۈرەر كوچىدا،
قايتمىغىچە، چىنپۇتۇڭ، ئىچىلمايدۇ ياتىقى،
كېتىپ قالار نەگىدۇر يەنە يېنىپ ئويۇندىن،
ئانا بىلەن بولماستىن ئەسلى كارى - چاتىقى.

ئانا كېلەر ئايلىنىپ قانچە قېتىم ئىشىككە،
تەنھا ياتاق بوش، ئەمما كىرگۈزمەيدۇ قۇلۇپ پوش.

تۇن تەڭگەچە ئىشىكتە ئۆرە تۇرار بىچارە،
قىزى قايتىپ كەلگىچە نەلەردىندۇ، كۆڭلى خۇش.

شۇ ئايالنى سوراشتى ئارتىس قىزدىن قانچىسى،
جاۋابىدا بوپقالدى تۇغقىنىنىڭ تۇغقىنى.
ئىلىبۇىزوردىن كۆرگەندە پەخىرلەنگەن ئانىنىڭ،
بىكار بولدى، ۋاي ئىبىت، قىزنى ئىزدەپ چىققىنى.

ھەپتە يۈردى شۇ هالدا، كۈندۈزلىرى كوچىدا،
قىزى بىلەن ۋە لىكىن، قولتۇقلىشىپ ماڭمىدى.
قاقتۇرۇشقا نەدە پۇل ئايىغىنىڭ چەمنى،
قىزى تۇرۇپ چوغلۇقتەك، يىگى ياغلىق تاڭمىدى.

تىياتىرغا خۇمار ئۇ، ئالالمايدۇ بىر بىلەت،
ئەپسۇس، ئۇنى ئارتىس قىز ئىلىپ كىرمەس «ئانام» دەپ.
ئانا تۇرار تالادا ناخشىسىنى قىزىنىڭ،
ئاڭلىغاندا كانايدىن: ئاشۇ مىنىڭ بالام! دەپ.

قىز سەھنىدە يايرايدۇ، گۈرۈلدەيدۇ تۆۋەندىن
ياشاپ كەتسۇن تومەن يىل سىنى تۇغقان ئاناڭ! دەپ.
تۇرار ئۇنى قىزىم دەپ ئانا دائىم تالادا،
ئىشەنمەستىن بىر توپ ياش كۈلۈشمەكتە «ساراڭ!» دەپ.

هار كەلمەمدۇ ئانىغا شۇ كۈلكىلەر، شۇ سۆزلەر،
ئۇنى بىراق، سەھنىدىن قىزى چىقىپ ئاقلىماس.
چولپان بولۇپ سەھنىدە چاقنىغاندا ئۇ ئۆزى،
بولۇپ قالدى قەلبىدە «ئانا» سۆزى چاقنىماس.

ئانا كەتتى ئارماندا، ھەپتە ئۆتۈپ كۆزى ياش،
كەلگىنىگە بەزىدە پۇشايمانمۇ يەپ قالدى.
ئانىسىغا قىلغاننى بالىسىدىن كۆرمەس كىم،
يىراق ئەمەس، شۇ قىزمۇ ئانا بولاي دەپ قالدى.

**ئوخشايمىز**

ئۇلۇغلۇقتا ئىنسانلار ئاپئاق نانغا ئوخشايمىز،
يىرى تىكەن، مىڭى گۈل، گۈلىستانغا ئوخشايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خۇشاللىقى ئالەمنىڭ تۆرىلىدۇ بىزلەردىن،
كۈمۈش دېسەڭ كەم بولۇر، ئالتۇن كانغا ئوخشايمىز.
سەييارىمىز بىر بىزنىڭ، ئۈستىمىزدە بىر قۇياش،
ئىككى دۇنيا ئايرىلماس قەدىردانغا ئوخشايمىز.
كۆكۈللەردىن كۆكۈللەر ئىچكەن سۇنى ئوخشىتىش
دۇرۇس بولسا، مەن دەيمەن: خۇددى بالغا ئوخشايمىز.
بىز بار يەردە كۈكۈم يوق تاڭ ئاتقىچە كۈن پېتىپ،
رۇخسارىمىز ئايدىن ئۈز، ياققان شامغا ئوخشايمىز.
بايلىق، دەيمىز بىھېساب ھۆرمەت بىلەن ئىززەتنى،
تەسۋىرلىسەڭ تاجى بار خۇددى خانغا ئوخشايمىز.
ياپرىقىمىز، گۈلىمىز بۇ ئالەمنى بىر ئالدى،
دەرەخ دېمەڭ، ياق تېخى يېشىل تالغا ئوخشايمىز.
چولپانلىرى تۈمەننىڭ تۇمار ئاسسا ئەرزىيدۇ،
جامالىغا ئالەمنىڭ چەككەن خالغا ئوخشايمىز.
بىز بولىمىز ئەڭ ئاۋۋال يەر يۈزىنى ئويغاتقان،
تىلسىملارنىڭ كۆزىدە سۈزۈك تاڭغا ئوخشايمىز.
ئىنسان دېگەن ئىللەتسىز بولمايدىكەن شۇندىمۇ،
بىرلىرىمىز نۇرى يوق غۇۋا شامغا ئوخشايمىز.
بىرلىرىمىز، مىڭ ئەپسۇس، قانائەتنى بىلمەيمىز،
پايدا ـ نەپنىڭ ئالدىدا چوڭقۇر ھاڭغا ئوخشايمىز.
نەدە بولغاي دۇنيادا خەتەرلەردىن خالىي يول،
دەرياسىدا ھاياتنىڭ ئاققان سالغا ئوخشايمىز.
بىر قەترىدىن يارالدۇق، مۇھەببەتتىن تارالدۇق،
يىلتىز تارتىپ ئۇنسۇن، دەپ چاچقان دانغا ئوخشايمىز.
ئورۇن بەرمەس سەۋەنكە ئىنسانلاردا سەلتەنەت،
ياخشىلارغا ياراشقان شەرەپ ـ شانغا ئوخشايمىز.

## ياشىسۇن

يۆلەكسىزنى يۆلىگەنلەر ياشىسۇن،
يۆگەكسىزنى يۆگىگەنلەر ياشىسۇن.
ئاتا قەرزى، ئانا قەرزى ئۇلۇغدۇر،
شۇ قەرزنى تۆلىگەنلەر ياشىسۇن.
سىنىقىدا تۈمەن تۈرلۈك سىيگۈنىڭ
ئاۋۋال پۇلنى سۆيمىگەنلەر ياشىسۇن.

مال ـ دۇنيانىڭ پىراقىدا كۆل بولۇپ،
ئوت ـ چوغىدا كۆيمىگەنلەر ياشىسۇن.
چاۋاك چالماڭ، بىزدەك شائىر تۈمەننىڭ،
ئاۋۋال ھەقنى كۈيلىگەنلەر ياشىسۇن.
ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن دەرد تارتىپ،
ئۆزى راھەت كۆرمىگەنلەر ياشىسۇن.

قايدا يېتىپ، قايدا تۇرسا، ۋەتەندىن
ئۆزگە خىيال سۇرمىگەنلەر ياشىسۇن.
پەرىشتىدىن شەيتان تولا بەزىدە،
ئېزىتقۇغا كۆنمىگەنلەر ياشىسۇن.
يوقسۇزلۇقتا ئوتى ئۆچكەن بىراۋنىڭ
ئوچىقىنى پۈلىگەنلەر ياشىسۇن.

ھالىدىن كەتكەن غېرىبلارنىڭ بېشىدا
چىراغ يېقىپ تۈنىگەنلەر ياشىسۇن.
تەزىم قىلغىن بىلگەنلەرگە قەدرىڭنى،
ئەمگىكىڭنى كۆممىگەنلەر ياشىسۇن.
ئۇنتۇلمىسۇن ئارمان بىلەن كەتكەنلەر،
ئۇمۇدلىرى ئۆلمىگەنلەر ياشىسۇن.

ئابلىز دوشۇر

# تۇرمۇش لەرزىكلىرى

## قىسمەت

قىسمەتلەردىن تۇغۇلار قىسمەت،
بۇ جاھاندا ئىشلار زىيادە.
چۈش كۆرسەن شېرىن يا دەھشەت،
گاھ ئاتلىقسەن، گاھى پىيادە.

ئاسمىنىڭنى قاپلىسا تۇمان،
ئۆكۈنۈشلەر كۆزۈڭنى ئاچار.
كۆتۈردىڭمۇ ھەسرەت يۈكىنى،
تەئەججۈپكە ئورۇن يوق زىنھار.

چۈمۈلىلەر يۇرۇشەر ھەريان،
بارمۇ يوق سەن پەرۋايى پەلەك.
نۆۋىتىدە شۇ كىچىك جاندار
پىلنى ھەتتا قىلىدۇ «قىلدەك».

ئەجەب شېرىن ياشاش ئارزۇسى،
ئەمما قىسمەت يولۇڭنى توسار.
ئىمتىھاندۇر تۇرمۇش قايغۇسى،
يىگىتلەرنىڭ يىگىتىن تاللار.

## كوچىدا مىنىڭ دىلبەر

قاچان ۋە قانداقچە پەيدا بولغان ئاي
ھېچكىممۇ بۇ سىرنى يېشىپ بېرەلمەس.
مەيلى ئۇ بولمىسۇن ھىلال يا تولۇن،
يەنىلا شۇ بىر ئاي (باشقىسى ئەمەس).

ئاسماندا بىھېساب يۇلتۇز چوغلىنار،
ئەجەب ئىش يەنىلا تۈن باغرى قارا.

كېچىنى كۈمۈشتەك نۇرلارغا چۈمكەپ
ئاي تاكى ئەزەلدىن كەلمەكتە تەنھا.

دىلبەرلەر يولۇقار ھەر كۈنى ماڭا،
ۋە لېكىن يۈرەكتە ئىشقىڭ يېگانە.
قۇياش بول دېمەيمەن كۈندۈزدە ئەسلا،
تۈنلەردە ئاي بولساڭ بەس، شۇ كۇپايە.

## سەن نەگە كەتكەنتىڭ قار ياغقان كېچە

سەن نەگە كەتكەنتىڭ، قار ياغقان كېچە،
يېنىڭسىز خىيالىم چېچىلدى ھەر يان.
كۈمۈش رەڭ ئۇچقۇنلار سۆيسە مەڭزىمگە،
چۆچۈدۈم ئەتراپقا باقتىم پەرىشان.
سەن نەگە كەتكەنتىڭ قار ياغقان كېچە؟

مەشتە ئوت گۈرۈلدەر، سوغ ئۆتەر جاندىن،
دەرۋازا تۈۋىدىن كەتمىدىم بىر ئان.
ئاھ، ئەجەب كىملەردۇر ئۆتسە يېنىمدىن،
ئەيمىنىپ ئەتراپقا باقتىم پەرىشان.
سەن نەگە كەتكەنتىڭ، قار ياغقان كېچە؟

غۇنچىلار چۈش كۆرەر شېرىن ئۇيقۇدا،
چۈشىدە قۇچاقلار سېنى بىگۇمان.
ئامرىقىم، ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇدا
تۈن بويى يولۇڭغا باقتىم پەرىشان.
سەن نەگە كەتكەنتىڭ، قار ياغقان كېچە؟

## ئارمان يانار كۆڭۈلدە

ئالدىراشكەن ياشلىق ئەزەلدىن،
تاشلاپ كەتتى مېنىمۇ ئاخىر.
بىر چاغلاردا ئېيتقان غەزەلدىن
ئارمان يانار كۆڭۈلدە ھازىر.

خىرەلەشكەن قارىچۇق ئالدىدا،
قىزىلگۈلدەك چاغلار ياتىدۇ.
ئەل كۆزىدىن ئالغان دالدىغا،
دەريا بويى، باغلار ياتىدۇ.

خىيال يىپى ئۈزۈن بەك ئۇزۇن،
يىللار يىپقا تىزىلغان مارجان.
شالاڭلىشىپ بارماقتا سورۇن
ۋە ئۆچكىلى ئالدىرار گۈلخان...

سەبىيلىكتە ئۆتكەن سەۋەنلەر
تىرىلدۈردى ئۆلگەن زوقۇمنى.
ياشلىقتىكى يىتكەن گۆھەرلەر،
ئۆكۈنۈشكە سالماقتا دىلنى.

* *

ئالدىراشكەن ياشلىق ئەزەلدىن،
تاشلاپ كەتتى مېنىمۇ ئاخىر.
بىر چاغلاردا ئېيتقان غەزەلدىن
ئارمان يانار كۆڭۈلدە ھازىر...

## جۇدالىق

كائىنات ئالدىدا ئادەم قانچىلىك،
بىراق يۈرىكىگە كائىنات سىغار.
ئالەمنىڭ تەشۋىشى سىغقان يۈرەككە
يالغۇز مەن سىغمىدىم، سىغمىدىم زىنھار.

كائىنات ئالدىدا ئادەم قانچىلىك،
بىراق يۈرىكىگە كائىنات سىغار.
ئالەمنىڭ شادلىقى سىغقان يۈرەككە،
يالغۇز مەن سىغمىدىم، سىغمىدىم زىنھار.

## ئۆز سالمىقى بىلەن

تىنىق كۆلگە تاش ئاتتى بىگىت،
زۇمرەت ھالقا...
تەۋرەندى بىر پەس؛
چۆكتى تاش ئۆزىنىڭ سالمىقى بىلەن،
مۇڭ قالدى پەۋەس...

تىنىق كۆلگە گۈل ئاتتى بىگىت،
زۇمرەت ھالقا...
تەۋرەندى بىر پەس.
گۈل چاچتى جۇلا ئۆز سالمىقى بىلەن،
دىل شادلىقتا مەست...

## قامغاق ناخشىسى

يېشىللىقنى تالاشمايمەن قارىغايدىن،
قامىتىگە خۇشتارلىقىم كۆپايە.
جۇدۇن زەربى ئۆتتۇپ كەتتى جېنىمدىن،
شۇئىرلاشلار بىلىنىدۇ كىنايە.

يېشىللىقنى تالاشمايمەن قارىغايدىن،
قامىتىگە خۇشتارلىقىم كۆپايە.

بېزار بولدۇم شامال دېگەن نېمىدىن
ياردائلاردا قالدى سانسىز ھېكايە.

يېشىلىقنى تالاشمايمەن قارىغايدىن،
يېشىل پېتى ياشاۋەرسۇن ئەبەدكە.
يىلتىزىغا ئوخشىغاندا يىلتىزىم،
كىرمەس ئىدىم ئاخىرىدا لەھەتكە.

**ئەمەت چاپپار**

# جەڭچى غەزەللىرى

## چېلىشتا شان - شەرەپ قۇچتۇم

ئانا يۇرتۇم جاكار قىلدى ئۇرۇن ئالدىم قوشۇن - سەپتىن،
ساما سالدى يۈرەك شۇ چاغ قىيام بولغان مۇھەببەتتىن.

قەدەم باستىم يېڭىباشتىن، ئېشىپ پەللە تاغۇ - تاشتىن،
چېكىپ كۆردى يېڭى ھايات سوئال بېرىپ مۇشەققەتتىن.

ئىرادەمنى بوشاشتۇرماي، تېكىرقاپ ھەم قاراپ تۇرماي،
جاۋاب بەردىم ئوغۇلغا خاس كەمەر باغلاپ شىجائەتتىن.

شەرەپ قۇچتۇم كۈرەشلەردە كۈزەش مېنىڭ ئودۇمۇمدۇر،
گۈزەللىككە ئاتاپ دىلنى يىراق تۇردۇم قانائەتتىن.

### چەۋەنداز

بېلى چىڭ ئەر - يىگىتلەرگە باقار ئىلھام قىزى ھەر چاغ،
كېچە - كۈندۈز بولۇپ ھەمراھ قۇچاقلاپ چىڭ، ئېتىپ باخ - باخ.

ئەنە ئوغلان مىنىپ تۇلپار بولۇپ بەيگە ئۈچۈن تەييار،
تۇرار ھوشيار كۈتۈپ بۇيرۇق چېپىشقا تەمشىلىپ شۇ چاغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

چېنىققان ئۇ چېلىشلاردا، تېنى پۈتكەن جاسارەتتىن،
ئەگەر كۆرسە رەقىب ئۇنى كېتەر تىترەپ شۇئان لاغ ـ لاغ.

بېرىلگەندە ئاگا بۇيرۇق شامالدەك تېز يۈرۈپ كەتتى،
ئۇنىڭ ئالدىدا شۇ تاپتا گويا داڭگالچە ھەر بىر تاغ.

ئۇزاپ كەتتى ئۇزۇپ سەپتە كېچىپ دەريا، ئېشىپ تاغنى،
بېلىگە باغلىغان مەھكەم ئىرادە كەمىرى ـ بەلباغ.

باقار كۆزلەر ھەۋەس بىرلە ئاشۇ ئوغلان چەۋەندازغا،
ئىزىدىن چاقنىدى نۇرلار كۆرۈنمەس زەررىچە بىر داغ.

ئۇتۇپ چىقتى، شەرەپ قۇچتى ئوغۇلغا خاس شىجائەتتە،
ئەنە ئۇنى مۇبارەكلەپ كۆچۈپ كەلدى تۈمەن گۈلباغ.

## سەھەر سۆيگۈسى

تاڭ سەھەرگە ئوخشاپ گويا سۆيگۈ كەلدى سەھەردە،
يۈرىكىمدىن ئاقتى ھېسلار جانانىم سەن قەيەردە؟

تاڭ خورىزى چىللىماستىن تۇرۇپ كەتتىم تۆشەكتىن،
كۆڭلۈم ھامان سەندىدۇر يار تۇرساممۇ گەر ھەر يەردە.

يىراقلارغا سالدىم نەزەر ئوتلۇق سېزىم ئىلكىدە،
شۇ تاپ مېنىڭ ئىلھاملىرىم ئوخشاپ قالدى جەۋھەرگە.

ۋەتىنىمنىڭ بوز تۇپرىقى، گۈل ـ گىياھى، نېمىتى،
بۇ قەلبىمنى ئايلاندۇردى ۋالىلدىغان مەرمەرگە.

يەر سۆيگۈسى، يار سۆيگۈسى يىلتىزداشتۇر ھەمىشە،
قوش سۆيگۈنىڭ ۋەسلى گويا ئوخشايدىكەن سەھەرگە.

## بىخ

ئايرىدى يۇمران كۆچەتلەر مول ئوزۇق بەرگەچ زېمىن،
ساير بىدى بۇلبۇل غەزەلخان زوقلىنىپ تاپماي تىنىم.

پارلىدى بىخلار ۋىلىقلاپ يورىدى زېمىن كۆزى،
بۇ گۈزەل قۇتلۇق دىياردىن ياشنىدى ياپراپ دىلىم.

ئاشۇ بىخ، سالدى كۆڭۈلگە يېڭى ھېكمەتلىك خىيال،
نە خىيال كۆزگە كۆرۈندى بايلىقىم، ئەۋلادلىرىم.

بۇ ھاياتنىڭ بەلگىسىدۇر ئىز باسار ئەۋلاد دېگەن،
قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتلىرىمدۇر گۆھىرىم، يۈرەك قېنىم.

مەن باھار، ئەسلىم باھاردۇر، قىسمىتىم تەڭ كۈن بىلەن،
باغ شاھىد، دۇنيا گۇۋاھتۇر قەھرىمان ئەجداد — تېگىم.

ئىزلىرىم ئۆچمەس ئەبەدىي ئىز باسار ياش، بىخلىرىم،
تۈگىمەس سولماس باھاردەك مەڭگۈگە نەسلىم ـ بېغىم.

## نوتا

كەلدى كۆكلەم كۈلدى نوتا ھارغىچە ئەنبەر چېچىپ،
ھەر شېخىدىن چىقتى گۈللەر يۈزىنى قىزدەك ئېچىپ.

دىل ئارام تاپتى شۇ چاغ يۇمدى كۆزىن قاقشال دەرەخ،
باغرىدىن نوتا ئۈنۈپ كەلگەچكە ھەردەم ئىز بېسىپ.

مېھرىنى تۆكتى ئاڭا، بۇ ئانىمىز قۇتلۇق دىيار،
كەتتى دەريا كۆكسىدىن پاك سۈت ئېقىپ، شولا چېچىپ.

مېۋە بەردى ئەلگە شېرىن يېتىلىپ نوتا بوگۈن،
رەھمىتىنى قىلدى ئىزھار شېخىنى يەرگە يېقىپ.

ئەلگە بەرسەڭ مېۋىسىنى، كۆكلىسە نوتا، بىخىڭ،
تەڭ ياشارسەن يەر بىلەن ھەر بىر باھاردا بىخ يېرىپ.

## يۈرەك كۈلدى

باھار كەلدى، يۈرەك كۈلدى، دىلىمدا بىر پىلانىم بار،
باھار يەڭلىغ ياشاش ئۈچۈن گۈزەل پەللە ـــ نىشانىم بار.

مۇشەققەت دەشتىنى كەزدىم جانان ۋەسلىگە يەتمەكچۈن،
مۇھەببەت رىشتىنى باغلاپ پۈتۈشكەن يار ۋىسالىم بار.

كۆڭۈلگە پۈككىنىم ئەلنىڭ ئۈمىدى، ئارزۇسى، ئىستىكى،
نىشانىغا يەتمىكىم ئەھدىم ئۇڭا كامىل ئىمانىم بار.

خىيالىدىن پۈتمىگەي ھېچ ئىش شىمايلاپ يەڭ چېلىشماستىن،
ئىرادەم تاغ ئىرۇر مىسلى مېنىڭ ئەلدەك ھىماتىم بار.

بېغى ئەنبەر، تېغى ئىپار، سۈيى كەۋسەر ئانا يۇرتىنىڭ،
تارالغان ئەل ئارا نامى ئاجايىپ يۇرت - دىيارىم بار.

بايان ئەيلەي خىتابىمنى ئاشۇ يۇرت ئوغلىمەن غالىب،
ئاڭا جان پىدا ئەيلەش ئەركىم، ئىختىيارىم بار.

**بەگمەت يۈسۈپ**

# مەن ئۇلجىمۇ ياكى قەھرىمان

## تۇپراق، قار، سۆيگۈ

كەڭ دالىدا ئاپئاق قارلارنىڭ،
لەۋلىرىدە سىرىق سۇرمىلەر.
قارلىرىدىن تۆكۈلەر سۆيگۈ
تۇپراق ئاڭا مېھىرلىك دىلبەر.

كەڭ دالىدا ئاپئاق قارلارنىڭ،
لەۋلىرىدە سىرىق سۇرمىلەر.
چۈپلەشكەندە ئوت چۈشكەن لەۋلەر،
ئوتتەك يانار ئايدىڭ كېچىلەر.

كەڭ دالىدا ئاپئاق قارلارنىڭ،
لەۋلىرىدە سىرىق سۇرمىلەر.
ئوتتەك يانسا ئايدىڭ كېچىلەر،
سۆيۈشمىگەن قايسىبىر لەۋلەر.

كەڭ دالىدا ئاپئاق قارلارنىڭ،
لەۋلىرىدە سىرىق سۇرمىلەر.
سۆيۈشلەرنى كىمدىن ئۆگەندۇق؟
ئېيتىڭلارچۇ ھەي قىزىلگۈللەر ...

## باھار مېنىڭ، باھارگۈل سېنىڭ

ئاق چېچەكتىن ئېلىپ ئەندىزە،
ئاق پەردەك ياسىنىپ بىر قىز.
قىزىلگۈلنى قىسىپ چېكىگە
مىڭ ئۈمىدتە كەلسە يېنىمغا،
بوپ قالسەن نېمىشقا تىلسىز.

يەلپۈنىدۇ يېشىل رەڭ ئېلىپ،
دېڭىزىدا شامالنىڭ رومال
گۈل شېخىغا قاپتۇ ئىلىنىپ،
مەڭزىدىكى ياشتەك ئېسىلىپ،
ئەمدى ھېچكىم بولمىسۇن ھايال.

بىر كۆكۈلگە ئىككى خېرىدار،
مەن شېرىكمۇ ياكى سەن شېرىك؟
بۆلۈشەيلى تەگمىش - نېسۋە،
يېشىل دىللار بولمىسۇن سېرىق!

## مەن ئولجىمۇ ياكى قەھرىمان

ئالدىمدا كۈن ئارقامدا سايە،
مەن ئولجىمۇ ياكى قەھرىمان.
ھالقىشمىنىڭ گىرۋەكلىرىدە
مەن كۈندىنلا نىشان سورىغان.

سوئال قويدى يوچۇنلا بىراۋ،
قۇياش بىلەن نەسىلداشمۇ دەپ.
مەن يۇلتۇزنىڭ يىگىت قولدىشى
نۇر چېچىشتا يوقتۇر ئارتۇق گەپ.

يەر شارىدەك يوغان مۆجىزات،
سىستېمىدا ئالقانچە زېمىن.
كۆچۈپ باقساق قۇياشقا دەيمەن،
كىملەر قالار بۇ يەردە غەمكىن.

يەر شارىغا تۆرەلدۇق قاچان،
ۋە ياشايمىز قانچىلىك ئۇزاق؟
ئازغاشتۇرۇپ تۇرىدۇ بىزنى،
قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن سوراق.

بىلگىنىمىز شۇنچىلىك ئازغۇ
شۈكرىسىگە قىلىپ سوراقنىڭ.
كىم سىزغاندۇر ئۇپۇقتىن سىزىق،
ئەندىزىسىن ئېلىپ قۇلاقنىڭ.

مەن بىر قېتىم تۇغۇلغىنىمدىن،
ئۆلۈپ باقسام مىڭ قېتىم دەيمەن.
ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمگە ئۇچسام،
قابىل روھنىڭ ھېكمىتى بىلەن.

تۇيغۇن روھىم، ھەر بىرھالقىشتا،
سايىلارنى قويىمەن يېتىم.
ھەم قۇياشنى قويۇپ كۆكسۈمگە،
چېكىسىگە يازىمەن ئىسىم.

سايەم مېنى پايلاپ ماڭسىمۇ،
مەن قۇياشقا ماڭغاندا راۋان.
ئېيتىڭلارچۇ سىنچى دوستلىرىم،
مەن ئولجىمۇ ياكى قەھرىمان.

## مەن يېڭىلدىم سەندىن بۇ قېتىم

(بىر شائىر دوستۇمغا)

مەن يېڭىلدىم سەندىن بۇ قېتىم،
يەڭگىنىڭگە قىلمايمەن ھەسەت.
ئۇپۇق تامان يولىمىز ئۇزۇن،
تۈگىمىدى تېخى رىقابەت.

چىرايىڭنى كۆرگەن بىر قېتىم،
تونۇش ئىسمىڭ ماڭا يەنىلا.
چاقىرىدۇ بەيگىگە دائىم،
سەن تۈۋلىغان لىرىك ناخشىلار.

ئۇيقۇلاردىن بىزارى بولدۇق،
پەرۋاز قىلدۇق ئىلھام كۆكىدە.
جۇدۇنلاردا بولمىدۇق خازان،
مۇشكۇللەرنىڭ سىناق پەيتىدە.

سېنىڭ قەلبىڭ يانسا ئوت بولۇپ،
مەن ئاتەشتىن ياسىدىم يۈرەك.
سەن كۆزلىدىڭ مەن كۆزلىگەننى،
ئىككى دىلدا ئوخشاش بىر تىلەك.

سەن ئىزدىسەڭ ھاياتتىن مەنە،
مەن قۇياشتىن ئىزدىدىم زىيا.
سەن كېلىچەك ئىشقىدا كۆيسەڭ،
مەن ئەيلىدىم جېنىمنى پىدا.

× ×

مەن يېڭىلدىم سەندىن بۇ قېتىم،
يەڭگىنىڭگە قىلمايمەن ھەسەت.
ئارمانلار كۆپ، يولىمىز ئۇزۇن،
تۈگىمىدى تېخى رىقابەت...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالىمجان ئىسمايىل

# مەڭگۈلۈك سەھرا

(پوۋېست)

## 1

ئەتىگەنلىك چاي جىمجىت، ئىشتەيسىزلا ئىچىلدى. قاسىم سوپى قايمىقى چەلگىنىپ تۇرغان ئەتكەن چايدىن ئىككى-ئۈچ سۇمۇرۇپلا ئېمىشقىدۇر غىنقىدىلا بولۇپ قالدى. كېچىسى تۈزۈك ئۇخلىيالمىغاچقا شۇنداقمۇ، ئەتىگەندىن بۇيان پۈتۈن ئەزايى بوشىشىپ، بېشى خۇددى ئېغىر ئىچىۋېتىپ هاراق «چىشلىۋالغان» ئادەمنىڭكىدەك ئېغىر، تۇمانلىق بولۇپ هېچ نەرسىگە كۆڭلى تارتمايتتى.

— ناۋات سېلىپ چاي ئىچىپ باقاملا - يا؟

ئېرىنىڭ ئەتكەن چايىنى ئىچمىگەنلىكىنى كۆرۈپ سورىدى خۇماخان. ئۇ قاسىم سوپىنىڭ ئەكسىچە چايىنى ئىشتىها بىلەن، هۇزۇرلىنىپ ئىچمەكتە ئىدى. قاسىم سوپى ئۇنىڭ بىر كاللەك سېرىق ماينى توقاچقا توگۇرۇپ مالاشلىتىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ غىنقىدە بولۇپ تەتۈر قارىۋالدى.

— ياق، بىر نەرسە يېگىم يوق تۇرىدۇ. سەل تۇرۇپ ئىچەرمەن.

— بىر يەرلىرى ئاغرىۋاتامدۇ - يا؟ كېچىدىنمۇ ئۇخلىيالمىدىلا ...

— ئۇيقۇم قېچىۋالدىغۇ تاڭ.

— دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقسىلا بولمامدۇ؟

— هازىر دوختۇرخانىغا بارساڭلا بالنىستا يات دەيدۇ. بىر-ئىككى كۈن قاراپ باقاي قېنى ...

قاسىم سوپى بىر ئۇھ تارتىپ قويدى-دە، داستىخاندىن قوپۇپ مېهمانخانا ئۆيگە يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ پارانىڭ قىلغۇسىمۇ كەلمىدى. قانداقتۇر بىر تىتىلداش، بۇرۇقتۇملۇق ئىچىنى پۇشۇراتتى، يۈرىكى سىقىلغاندەك بولاتتى. ئۇ دېرىزە ئالدىدىكى يۇمشاق دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ خىيالغا چۆكتى. دېرىزىدىن ياز قۇياشىنىڭ يىللىق نۇرى شۇڭغۇپ كىرىپ يەردىكى گىلەم ئۈستىدە ئويناشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى رەڭدار كېپىنەكتەك گاھ بوشلۇقتا تىترەيتتى، گاھ گويا ئۈركۈگەن كىيىك بالىسىدەك ئوخچۇپ

سەكرەپ تاملارغا چىقىۋالاتتى، تۇرۇپلا ھاۋادا قىلچىتەك قىيپاش ئىز قالدۇرۇپ قاياقىدۇر مۆكۈنۈپ، ھايال ئۆتمەي يەنە پەيدا بولاتتى. قۇياشنىڭ خۇددى شوخ قىزلاردەك جىلۋىدىك ئويۇنى قاسىم سوپىنىڭ كۆڭلىنى قاپساپ تۇرغان غەمكىنلىك تۇمانلىرىنى بىرئاز تارقاتقاندەك بولدى. مانا شۇ قۇياش ئەتىگەندىن تاكى كەچ بولۇپ، ئالدىدىكى قەۋەتلىك بىنانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكۈچە ئۇنىڭغا ھەمراھ، ئۇنىڭغا گويا شۇ كۈنلەردە پەقەت قۇياشلا ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ ئانىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن ھەمراھ بولماقتا ئىدى. ئۆي ئىچى شۇنداق جىمجىت، پەقەت تام سائىتىنىڭ بىر خىلدا چېكىلىدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاسىم سوپى سائەتكە قارىدى، سائەت سەككىزگە ئون مىنۇت قاپتۇ. باياتىن بىنانى بىر ئالغان خىزمەتكە ماڭغانلارنىڭ پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشكەن ئاياغ ئاۋازى، ئىشىكلەرنىڭ قاتتىق-قاتتىق يېپىلغان تاراق-تۇرۇقى، مەكتەپ باللىرىنىڭ بىر-بىرىنى چاقىرىشقان ئاۋازلىرى ھەممىسى بېسىقتى. بىنا ئىچى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمدى.

نېمە قىلىش كېرەك؟

قاسىم سوپى ھەر كۈنى چايدىن كېيىن ئۆزىگە شۇ سوئالنى قوياتتى. بۇ سوئال ئۇنىڭغا بارغانچە ئازابلىق تۇيۇلىدىغان بولدى. مانا ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر زېرىكىشلىك، كۆڭۈلسىز ئۇزۇن كۈن باشلاندى. بۇ كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟ پوچتالىئون يېڭى گېزىتنى ئېپكېلىدىغانغا يەنە ئىككى سائەت بار. يېلىپىزوردا چۈشتىن ئىلگىرى ھېچنەرسە بەرمەيدۇ. ئۆيدە ئۇ قىلغۇدەك ھېچبىر ئىش يوق. ھەممە ئادەم خىزمەتكە كەتكەچكە، قورۇدا ئائىلە ئاياللىرىدىن باشقا بىردەم-يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇدەك تەڭتۇش ئەرلەردىن ھېچكىم يوق. خوماخان ئادەتتە چايدىن كېيىن گۆش-كۆكتات سېتىۋالغىلى بازارغا بىر چىقىپ كەتسە، بىر-ئىككى سائەتسىز كەلمەيدۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۇ تېخىمۇ يالغۇز قالىدۇ.

قاسىم سوپى دەسلەپكى كۈنلەردە كىتاب ئوقۇپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن كىتاب بىلەن ئانچە خوشى بولمىغاچقا ئۆيگە كىتابمۇ يىغمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ باللار ئوقۇپ تاشلاپ قويغان كىتابتىن بىر-ئىككىنى تېپىپ ئوقۇپ كۆردى. لېكىن بۇمۇ ئۇنى ئۆزىگە تارتالمىدى. نېمىشقىدۇر ئىككى بەت ئوقا-ئوقمايلا ئۇنى ئۇيقۇ باساتتى، شۇڭا ئۇ بۇ «ئەمەك» نىمۇ تاشلىدى. ئۇ تۇرۇپلا: ئۆزۈمنىڭ ئايرىم قورۇ-جايىم بولغان بولسا، ھويلىغا مېۋە-چېۋە، كۆكتاتلارنى قىلىپ شۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولاتتىم، دەپ ئارمان قىلىپ قالاتتى. قولىدا ھوقۇق بار چاغدا شۇنى نېمىشقا ئويلىمىغىدىكىن. دېمىسىمۇ قاسىم سوپىنىڭ تەلىيىگە چۈشتىن كېيىندىن تارتىپ تېلېۋىزور باشلىنىدۇ، بولمىسا بۇ ئۇزۇن كۈننى ئۇ قانداقمۇ ئۆتكۈزگەن بولاتتىكىن. ئۇ تېلېۋىزوردا نېمە بەرسىمۇ، ھەتتا كىچىك باللارنىڭ قونچاق ئويۇنلىرىنىمۇ ئالا قويماي كۆرىدۇ. بۇرۇن كۈندۈزى خىزمەت، ئاخشاملىرى مېھماندارچىلىق، ئۇ بۇ ئىشلار بىلەن تېلېۋىزورغا قاراشقا چولىسى تەگمەيتتى. ھازىر بولسا تېلېۋىزور قاسىم سوپىنىڭ بىردىنبىر دوست ھەمراھى، سىرداشى بولۇپ قالدى،

پەقەت مۇشۇ چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەكلا قىيىن بىر مەسىلە بولۇپ قالدى...

ماشىنىنىڭ سىرتتا ئۇزۇپ-ئۇزۇپ بەرگەن سىگنالى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى. قاسىم سوپى دىۋاندىن ئىتتىك تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. بىنانىڭ ئالدىدىكى ئاسفالت يولدا ئۇنىڭغا تولىمۇ تونۇش كۆل رەڭ «سانتانا» تۇراتتى. ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى ئۇنىڭ پاكىز سۈرتۈلگەن ئەينىكىدە يالتىراپ كۆزنى چاقنىتاتتى. كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقاپ، رەتلىك كىيىنگەن تونۇش شوپۇر ئىشىكنىڭ ئوچۇق ئەينىكىدىن قولىنى چىقىرىپ، ئاپئاق لاتا بىلەن ماشىنىنىڭ كۆرسەتكۈچ ئەينىكىنى ئېرىتىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ قاسىم سوپىغا بەش قولدەك تونۇش ئادىتى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئۇنىڭ ئالغۇنى بوش قويۇپ، رەسىملىك ژۇرناللارنى كۆرۈشكە باشلايدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق ئىشى. قاسىم سوپى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ ئىچىدە كۈلۈپ قويىدى. شۇ ئارىدا بىنانىڭ ئىشىكىدىن قولىدا ماتېرىيال سومكىسى كۆتۈرگەن، ساقال-بۇرۇتىنى پاكىز قىرىپ ياسانغان سېمىزغىنا كىشى ئالدىراپ چىقتى. ئۇ ماڭغاچ بويىنىدىكى گالستۇكىنى تارتىپ تۈزەشتۈردى، شلەپىسىنى ئالدىغا تارتىپ قويىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىشىكنىڭ ئۇتقۇچىنى تۇتتى ۋە نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك قايرىلىپ قاسىم سوپى بار بىناغا قاراپ قويىدى. قاسىم سوپىغا ئۇ ئادەم ئەتەيگە ئۇنىڭ دېرىزىگە قارىغاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكىنى نېمىدۇر قىسىۋەتكەندەك سىقىراپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك بۇرۇلۇپ دىۋانغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى-دە، تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. مەن نېمە دەپ قارىپ قالغاندىمەن، — دەپ ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلىدى ئۇ، — ئۇ چوقۇم مېنى كۆردى، يايراپ كەتتى... تازا خۇش بولۇپ كېتىۋاتقاندۇر ھازىر.

ئۆيگە سېمىزلىكتىن چايقىلىپ ئارانلا مېڭىپ خۇماخان كىردى.

— ۋاي خۇدايىم، ئۆيىنى دۇت قىلىۋېتىپسىغۇ؟ — ئۇ تەرىنى تۇرگەن ھالدا ئېرىگە قاراپ قويۇپ، بېرىپ بالكوننىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى، ئاندىن ئىنجىقلاپ ئېرىنىڭ قارشىسىدىكى دىۋانغا كېلىپ چۆكتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزى مايلىغاندەك پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېغىر پۇشۇلدايتتى، ئۇنىڭ دىۋانغا لىققىدە كەلگەن تېنى ھەربىر نەپەس ئېلىش بىلەن تەڭ خۇددى يەل بەرگەندەك كۆپۈپ يەنە بوشايتتى، قاسىم سوپىغا ئايالى كۈندىن-كۈنگە سەمرىپ بوشاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە شۇ بىر گەپنى تەكرارلىدى.

— بۈگۈن ھاۋا تۇتۇلامدۇ-نېمە؟ پۇت-قولۇم ئەجەب سىقىراپ كېتىۋاتىدىغۇ؟

قاسىم سوپى ئىندىمىدى، راستىنى ئېيتقاندا ئۇ بۇ سۆزدىن بىزار بولدى. كۈننىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆرمەمدىغاندۇ بۇ، ئۇنداق دېگۈچە قېرىلىق يەتتى دېمەمسەن؟ ھېلىمۇ ئاشۇ تولۇمدەك قورسىقىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ بۇ پۇتۇك....

خۇماخان ئېرىدىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن گەپنى يۆتكىدى:

— سىلىمىغانىلار، تۇركىيىدىن قايتىپ كەپتۇ، — ئۇ قاسىم سوپى ئاڭلىماي قالمىسۇن دېگەندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قويىدى، — ئەكىلىۋەتكەن نەرسىلىرى، دېگەن

نەچچە ساندۇق كېلىدۇ. سېلىمىخاننىڭ قوللىرى بىلەن ئاغزى ئالتۇنغا كۆمۈلۈپتۇ. تووا، خەقلەر ئەجەپمۇ تەلەيلىك ئىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنىمۇ قىلىپ ئولتۇرغان، ئۆزىنىمۇ پۇختىلاپ تۇرغان، يۇقىرىنىڭ ئالدىدا يەنە شۇنداقلار ياخشى، مەنسىپى كۈندىن - كۈنگە ئۆسىدۇ. ساداقەتلىك بىلەن ئىشلىگەن سىلى بولسائىلا پېنسىيىگە چىقىپ قاراپ ئولتۇردىكىلا...

سەنمۇ ئۆز ھالىڭ بىلەن، ئۆمۈر بويى كوتۇلداپلا ئۆتتۈڭغۇ... تووا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بۇ ئۆيدە ھېچبىر گەپ يوق ئىدى. ئەمدى ئايالىڭمۇ سېنىڭدىن رازى بولماي قالدىغۇ، بۇ تۇرقىدا ئەتە - ئۆگۈن كۆرىدىغان كۈنۈم بار ئوخشىمامدۇ؟ قاسىم سوپى ئەلەم بىلەن بىزار بولغان ھالدا ئايالىغا قاراپ قويدى.

خۇماخان ئېرىنىڭ كەيپىگە پەرۋا قىلماستىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— قىشلىق پەلتودىنلا بەشنى ئېپكەپتۇ، قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق، بىرى ماڭا شۇنداق ئوبدان كەلدى، — خۇماخان ئېرىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ دېدى، — سېلىمەخان سىلى ئېلىپ قالسىلا ئەرزانراق بېرەي دەيدۇ...

— سوۋېتنىڭ پەلتوسىنى ئالغىلى تېخى 3 - 4 ئاي بولمىدىغۇ، — قاسىم سوپى نارازى بولۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى.

خۇماخاننىڭ قاش - قاپىقى سوزۇلدى:

— تازىنىڭ نېمىسى بار دېسە، تۆمۈر تاغىقى، دەپ شۇ بىرلا پەلتۇ بىلەن قالدىم. ھېلىمۇ باشقا خوتۇنلارغا قارىغاندا ھېچنېمەم يوق، سىلى نومۇس قىلمىسىغان بىلەن مەن نومۇس قىلىدىكەنمەن، خەق كىمنىڭ ئايالى دېسە قاسىم سوپىنىڭ دەيدىكەن، سىلىچە بولسىغۇ مەن جۇلمەرەپ يۈرسەم ياخشى، خەقنىڭ ئەرلىرى قانداق ئەرلەركىن - تاڭ، ۋاي خوتۇن ئېلىڭلار، كىيىڭلار دەپ تۇرىدىكەن، مۇشۇ كۈندە توي - تۆكۈنلەرگە بېرىشتىنمۇ نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم...

خۇماخان قايناپلا كەتتى. ئۇنىڭ زەھەردەك ئاچچىق تەنە گەپلىرى قاسىم سوپىنىڭ مېڭىسىنى قوچۇپ كەيپىنى تېخىمۇ ئۇچۇردى. خۇماخاننىڭ خۇيى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان، ئەمدى بۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل دېمىدىكىمۇ بولدى. نەچچە كۈنگىچە سۆزلەپ مېڭەڭنى قوچۇيدۇ. ئاغرىپ يېتىپلىۋالىدۇ، ئالمىغان دېگەن نەرسىنى ئالمىغۇچە كۆڭلى تىنىم تاپمايدۇ... بوپتۇ، شۇ بىر نېمە بىلەن ئاغزىنىڭ بېسىلسا مەيلى بوپتۇ...

— پۇلىنى قانچە دەيدۇ؟

خۇماخاننىڭ ساڭگىلىغان قاپىقى ئېچىلدى.

— ئاتتە يۈز كوي دەيدۇ. ئۆزىنىڭمۇ شۇنچىلىكلىكى بار ئىكەن. قالغانلىرىنى مىڭ كويدىن تۆۋەن ساتمايمەن دەيدۇ.

قاسىم سوپى بىر ئۇھ تارتىپ قويدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن كىچىكرەك بىر ساندۇقنى ئالدى. بۇ ساندۇق ئۆيدە ئۇنىڭ ھېچكىمگە تۇتقۇزمايدىغان

مۇلكى ئىدى. بۇنىڭدا ئۇ پۇل چېكى، مۇھىم ھۆججەت، كىنىشكىلىرىنى ساقلايتتى. ئۇ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇقنى ئاچتى ۋە ئۇنىڭدىن پۇل چېكىنى ئېلىپ بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن چەكنى خۇماخانغا بەردى.

خۇماخاننىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ ئېرىنى بۇنداق تېز ماقۇل دەر دەپ ئويلىمىغانىدى. بۈگۈن نېمە بولدىكىن ياكى پېنسىيىگە چىققانلار ياۋاشلاپ قالامدۇ ـ يا؟ بەلكىم بۇ تەرىپىمۇ باردۇر، ئەمدى ئۇنى مېنىڭدىن بۆلەك كىم كۆزگە ئىلىدۇ... خۇماخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئېرىنىڭ ئىلگىرىكى قەھرلىك، سۈرلۈك سىيماسى بىردىنلا يوقالدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنى نەچچە كۈندىن بېرى بىئارام قىلغان قۇندۇز ياقىلىق پەلتو، چاي ـ تويلاردا خوتۇنلارنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىدىن ئوت يانغان، ھەسەت بىلەن پۇچۇلانغان ھالەتلىرى بىرمۇ بىر كېلىپ، ۋۇجۇدى قانداقتۇر بىر خۇشاللىق، رازىمەنلىكتىن يايراپ كەتتى.

— چۈشتە نېمە تاماق يېگىلىرى بار؟ ئەتىگەنمۇ تۈزۈك چاي ئىچمىدىلە؟ — خۇماخان ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى.

قاسىم سوپى چۈشىنىكسىز غۇدۇراپ قويدى.

— بولمىسا يېڭى گۆش ئېپكېلەي، ئوخشىتىپ پېتىر مانتا ئېتىپ بېرەيمۇ؟

خۇماخان يايراپ كەتتى. ئەمما قاسىم سوپىنىڭ يۈرىكىگە بىر ئاغرىق كىرىپ بىئارام بولدى. ئۇ ئايالىنىڭ تېزرەك چىقىپ كېتىشىنى، بىردەم خالىي قېلىشنى خالايتتى. خۇماخانمۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك، چەكنى يانچۇقىغا سالدى ـ دە، خۇددى كۆلگە ماڭغان ئۆردەكتەك ئېغاڭلاپ مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

قاسىم سوپى تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى ۋە كۈچەپ ـ كۈچەپ شورىدى. ئۆينىڭ ئىچى قويۇق ئىس بىلەن تۇمانلاشتى. قاسىم سوپىنىڭ خىيالىمۇ ئاشۇ تۇمانلىق ئىسلار ئارىسىدا يىراق ئۆتمۈشكە، ئۇنىڭ ئېسىگە پات ـ پاتلا كېلىدىغان ئاجايىپ شېرىن كۈنلەرگە كەتتى...

## 2

تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان ئاي شولىسى كىچىككىنە، پاكار ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇلۇڭدىكى بۇغلۇكتە كۆرەك جۇۋىغا يۆگىنىپ ياتقان قاسىمنىڭ كۆزى ئىشىكتە ئىدى. ئۇ سىرتتىكى ھەربىر شەپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. تۈن نىسپىدىن ئاشتى، توخۇلارمۇ چىللاپ جىمىقتى، لېكىن تېخىچىلا بىرەر شەپە ئاڭلانمىغىنى قاسىمنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويدى. كەلمەي قويارمۇ؟ چوقۇم چىقىمەن دېگەن ئىدىغۇ، خوش دېمەي قانداق كېتىمەن، يەنە قاچان كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولىدۇ، كىم بىلىدۇ، ئاھ خۇدا، ئەجەبمۇ شور پېشانە يارىلىپ قاپتىكەنمىز... ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قانداق چىدارمەن؟

ئۆي ئىچى مۇزلاپ كەتتى، تام ئوچاقتىكى جىگدە كۆتىكىمۇ كۆيۈپ ئۆچكەن،

رۇجەكتىن گۈرۈلدەپ سوغۇق كىرمەكتە ئىدى. قاسىم جۇۋىغا مەھكەم يۆگىنىپ توكۇلۇپ ياتاتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئاستا غىچىرلىغاندەك بولدى. قاسىم چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئىشىكتە ئۇزۇن جۇۋىغا يۆگىلىپ بىر ئايال تۇراتتى.



— قاسىم! — ئايالنىڭ تىترىگەن بوش ئاۋازى ئاڭلاندى.

قاسىمنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولۇپ كەتتى.

— خۇماخان! — قاسىم قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي ۋاتقان ئايالنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، — ئەجەب ۋاق قالدىڭغۇ؟

— ئاۋۇ ئۆلمەيدىغان قېرى ئۇخلىمايلا كەتتى، — دېدى ئايال ئاستا، ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى سوغۇقتىنمۇ ياكى ئەنسىزلىكتىنمۇ ئىشقىلىپ غال ـ غال تىترەيتتى، قاسىمنىڭ بۇرنىغا ئىسسىق ۋە ئاياللارغا خاس يېقىملىق پۇراق گۈپپىدە ئۇرۇلدى، — مېنى بەك ساقلاپ كەتتىڭمۇ؟

— چىقماسمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم، — قاسىم ئەندىكىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنى تۇتتى، — مۇزلاپ كېتىپسەن، كېلە.

قاسىم شۇنداق دېدى ـ دە، ئايالنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ كۆتۈرگەن پېتى بوغالۇككە ئېلىپ باردى ۋە ئاچچىق تەر پۇراپ تۇرغان جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە سولاپ مەھكەم قۇچاقلىدى. قاسىم ھاسىراتتى، كۆزىگە شۇ تاپتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەتتى، ئۇ ئايالنىڭ نازلىق ئېڭراشلىرىغا، يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماستىن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى...

قاسىمنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان ۋەھشىي تۇيغۇ ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى. ئۇ چەكسىز بىر ھۇزۇردىن بوشىشىپ، قۇچىقىدا ئۇنىڭغا چاپلىشىپ ياتقان ئايالنىڭ نازۇك تېنىنى سىيلاشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەمكىنلىك باستى، بىر دەمدىن كېيىن ئۇ كېتىدۇ، قاسىم يەنە شۇ گۆردەك ئۆيدە تىزىنى قۇچاقلاپ يالغۇز قالىدۇ، بۇ خۇشكە ئوخشاش كۆرۈنۈش يەنە قاچان كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى مۇشۇنداقلا ئۆتەرمۇ؟!

uyghurkitap.com

بۇلارنى ئويلاپ قاسىمنىڭ كۆڭلى ئەسكى بولدى. ئۇ تۇڭلۇكتىن چۈشۈۋاتقان ئاي شولىسىغا قارىغىنىچە ئاستا سۆزلىدى:

— خۇماخان!

— ھە.

— مەن تاغ ئارقىسىغا كېتەي دەيمەن.

— نېمىشقا؟ راست دەۋاتامسەن؟

— راست.

— مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنى ئاشۇ قېرىغا تاشلاپ كېتەمسەن؟

— كېيىن كېلىپ ئەكىتىمەن.

ئايال ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

— بولدى يىغلىما، كېلىمەن دېدىمغۇ!

— ئەر خەق دېگەننىڭ كۆڭلى قاتتىق بولىدىغىنى راست ئىكەن، مېنى مۇشۇ دوزاختا تاشلاپ قانداقمۇ چىدارسەن؟ ئەگەر سەن مېنى راستىنلا تاشلاپ كەتسەڭ دەرياغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن.

— ئەستاغپۇرۇللا...

— كەتسەڭ مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كەت. نېمە كۆرسەم سەن بىلەن بىللە كۆرۈمەن، قانداق كۈندىن تويدۇم، — خۇماخان يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى.

قاسىم ئويلىنىپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئاغزىدا كېتىمەن دېگىنى بىلەن خۇماخاننى تاشلاپ كېتىشكە ئۇنىڭمۇ كۆڭلى قىيمايتتى، ئۇنى دەپ قالاي دېسە ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

— قاسىم!

— ھە.

— ئاۋۇ قېرى زامان ئۆزگەرگىدەك دەيدىغۇ، يېقىنىنىڭياقى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ يۈرىدۇ. بىر گەپ بارمىكىن دەيمەن، سەن بىرەر خەۋەر ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— گەپقۇ جىق، كىم بىلىدۇ، جاھان نېمە بولۇپ كېتىدۇ تېخى.

— مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىرەر ئىش بولىدىغاندەكلا ئايان بولۇپ تۇرىدۇ، نېمە بولسىمۇ ئاۋۇ قېرى كۆزدىن يىتسە بولاتتى، — خۇماخان شۇنداق دېگەچ قاسىمنىڭ كەڭ كۆكرىكىنى سىيلىدى، — ئەگەر زامان ئۆزگىرىپ قالسا مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كېتەرسەنمۇ؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىغانسەن؟ ماڭا سەنلا بولساڭ بولىدى.

خۇماخان ھەر قېتىم قاسىمدىن شۇ ۋەدىنى ئالسىمۇ، لېكىن بىر ئەندىشە ھامان ئۇنى بىئارام قىلاتتى، بەزىدە ئۇ يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق يىغلاتتى. تەلەيسىزلىكى، بەختسىزلىكى ئۇچۈن قايغۇراتتى.

خۇماخان قاسىم بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىدى. خۇماخاننىڭ دادىسى مېيىپ ئايالىغا ئۈچ بالىنى تاشلاپ ئېرىپ بالدۇرلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان.

ئىككى ئاكىسى بولسا بۇ يەردە كۈن ئۆتكۈزۈشكە كۆزى يەتمەي ئارقا - ئارقىدىن تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كەتكەنىچە ئىز - دېرىكى بولمىدى. خۇماخان كېسەل ئانىسى بىلەن بىللە خۇدانىڭ بەرگىنىگە رازى بولۇپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارغا مەھەللىدە پەقەت قاسىملا ئىچ ئاغرىتىپ تۈزۈكرەك بىر نېمە تاپسا ئېپكېلىپ يوقلاپ تۇراتتى. لېكىن قاسىمنىڭ هال - كۈنىمۇ خۇماخانلارنىكىدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى، قاسىم بەش يېشىدىلا ئۆگەي دادىسىنىڭ قولىغا چۈشتى، تۈزۈكرەك ئوقىتىشنىڭ تايىنى يوق بۇ ئادەم پۇل تاپسىلا قىمار ئوينايتتى، نەشىنى تاماكىنىڭ ئورنىدا چېكەتتى. ئۇ خۇمارى تۇتسىلا پۈتۈن ئاچچىقى، دەردىنى قاسىمدىن ئالاتتى. قاسىم ئەمگەككىمۇ، دەشنام تاياققىمۇ پىشىپ چوڭ بولدى. قاسىم 16 ياشقا كىرگەندە ئانىسى بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. قاسىم ئەمدى تىرىك يېتىم بولۇپ قالدى. ئۆگەي دادىسى ئىككى كۈننىڭ بىرىدە ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىراتتى، بۇ ئازابقا چىدىيالمىغان قاسىم، ئاخىرى ئۆيىنى تاشلاپ يېزىدىكى ئەڭ چوڭ باي — ئىمىن هاجى بايغا چاكار بولدى.

ئون توققۇزنىڭ قارىسىنى ئالغان قاسىمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەمدى ياشلىقنىڭ تەلۋە بىر ئىشقى سارىسىمگە سېلىشقا باشلىدى. خۇماخاننىڭ سىيماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى بولماي، كېچىلىرى بىر ۋاقىتقىچە شۇنى خىيال قىلاتتى، ئۇ بايغا چاكار بولغاندىن بۇيان خۇماخان بىلەن كەمدىن - كەم كۆرۈشىدىغان بولدى. باي ئۇنى هارۋىكەش قىلىپ قويدى. ئۇ كۆپ چاغلاردا ناھىيە بازىرىغا، قوشنا يۇرتلارغا باينىڭ مېلىنى توشۇيتتى. بىر كۈنى بازاردىن يېنىپ كېلىۋاتقان قاسىم يېرىم يولدا خۇماخان بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. قاسىمنىڭ يۈرىكى ئوقچۇپ يايراپ كەتتى.

— بازارغا كىرگەنمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ خۇماخان هارۋىغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي.

— هەئە، ئۆيدە تۇز قالمىغانتى، — خۇماخان تارتىنىش بىلەن كۈلۈپ جاۋاب بەردى، ئۇ كۈلگەندە مەڭزىدە چىرايلىق بىر زىناق پەيدا بولۇپ قاسىمنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالدى. ئەجەبمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتىغۇ بۇ خۇماخان، قانداق قىلاي، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر چېكىپ باقايمۇ، يەنە باشقىلار بېشىنى باغلىۋېلىپ يۈرمىسۇن....

قاسىم بىردەم ئۇياق - بۇياقنىڭ گېپىنى قىلغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن سورىدى:

— خۇماخان!

— هە.

— ماڭا تېگەمسەن؟

خۇماخان ۋىللىدە قىزاردى.

— قېلىنسىن، — دېدى ئۇ بوينىنى تولغاپ تۇرۇپ.

خۇماخاننىڭ سۆزى قاسىمدا ئۈمىد پەيدا قىلدى.

— راست گېپىم خۇماخان، — قاسىم ئۇنىڭغا يېقىن سۈرۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — مېنى يېتىم دېمىسەڭ ئىككىمىز توي قىلايلى، مېنى سېنىڭدىن باشقا كىممۇ يارىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— مەن نەدە يېتىم دېدىم؟
— سەن دېمەيسەن، بىلىمەن، قانداق، رازى بولامسەن؟
— ئانامغا ئادەم قويۇپ باققىن.
— سەن ئۆزۈڭ رازىمۇ سەن؟
— دېدىمغۇ، ئاپام نېمە دەيدىكىن؟
قاسىمنىڭ كۆڭلى ئىمىن تاپتى. خۇماخان رازى، بۇنى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېيتىپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، ئۇمۇ قاسىمنى ئۇيلاپ يۈرگەن ئىكەن ـ دە، ئەمدى تويلۇق مال ـ دۇنيانىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك.
— مەن ئۆتكەن يىلقى ھەققىمنىمۇ ئالمىدىم، — دېدى قاسىم ئىشەنچ بىلەن، — بۇ يىللىق بىلەن قوشسام تويغا يەتكۈدەك ئالىمەن، ئاندىن چوقۇم ئۆيۈڭگە ئەلچى قويىمەن.
ئۇلار شۇنداق كېلىشتى. لېكىن «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا يەتكۈچە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك، خۇماخاننى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغان ئىمىن ھاجى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ ئەلچى كىرگۈزدى. ئاجىز ئانا ياق دېيەلمىدى. خۇماخاننىڭ كۆز ياشلىرى، يالۋۇرۇشلىرىمۇ كار قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئويلىمىغان يەردىن ئۇ باينىڭ كىچىك خوتۇنى بولۇپ قالدى. قاسىم قولدىن كەتكەن بۇ بەختنىڭ دەردى ـ ئازابىدا بىر مەزگىل ساراڭدەك بولۇپ يۈردى، بارا ـ بارا بۇ رەھىمسىز تەقدىرگىمۇ باش ئەگدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇماخان قاسىمدىن يۈز ئۆرۈمىدى، قاسىم قاچانلا شەرەت قىلسا، خۇماخان ئۇنىڭ قېشىغا چىقىپ تۇردى...
خۇماخان قاسىمدىن قايتا ـ قايتا ۋەدە ئېلىپ ئاندىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى قاسىمنى كۆزدىن نېرى قىلمايدىغان بولدى. باينىڭ ھۇزۇرىدا بولۇنغان پاراڭلارنى شۇ ھامان ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ تۇردى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ بىر تاڭ سەھەر خۇماخان ھولۇققان ھالدا قاسىمنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كىردى.
— باي قېچىپتۇ، — دېدى ئۇ قاسىمنى ئويغىتىپ ئەندىككەن ھالدا.
قاسىم ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.
— تۈنۈگۈن شەھەرگە كىرىپ چىقىمەن، دەۋاتاتتى. ئۆيدىكىلەرگە شۇنداق دەپ قويغانىكەن، ئاخشام ئىككى ئىنىسىنى ئېلىپ بەش ئاتلىق كېتىپتۇ. سارايدا قىيا-قويغانىكەن، ئاخشام ... شۇنىڭغا قارىغاندا، يېڭى ھۆكۈمەت راستتىنلا كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟! قاسىم، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟
قاسىمغا بۇ خەۋەر تولىمۇ تاسادىپىي تۇيۇلغاچقا نېمە دېيىشىنى بىلمەي تېڭىرقىدى، بىر تۇرۇپ بۇ خەۋەرگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، ناۋادا راست بولۇپ، خۇماخاننىڭ بېشى ئوچۇق قالغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ لېكىن ئۇ باينىڭ نېمە كاردا تۇرۇۋاتسا... جاھان راستتىنلا ئۆزگىرەرمۇ؟
— ئۇنداق بولسا سەن ئاناڭنىڭ يېنىغا كېتىپ تۇرغىن، — دېدى قاسىم بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، — خەلۋە سەل بېسىققاندىن كېيىن قالغان ئىشنى كۆرەرمىز.

خۇماخان ئۇنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولدى.

ئىمىن ھاجىنىڭ قاچقىنى راست بولۇپ چىقتى، خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھىندىستان تەرەپكە يول ئالغانمىش، نۇرغۇن ئالتۇن ـ يامبۇ بىلەن كەتكەنمىش. ھازىر باينىڭ مال ـ دۇنياسىنى باشقۇرىدىغان ئادەمنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى، مەھەللىگە كۈندە بىر يېڭى خەۋەر كېلىپ تۇراتتى، ھەممە ئادەمنىڭ قۇلىقى دىڭ ئىدى. ناھىيىگە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى كەپتۇ، دېگەندىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ يېزىغا كۆك كىيىم كىيىشكەن يوچۇن ئادەملەر چىقىشتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلىدىن كەلگەن قۇربانوپ دېگەن ھەربىي كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە كۈنگىچە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتى، كوچا تاملىرىغا شوئارلارنى يېزىپ چاپلاشتى. ھېلىقى ھەربىي كىشى قاسىمنى پات ـ پاتلا ئىزدەپ كېلىپ پاراڭلىشىپ كېتەتتى. ئۇ قاسىمغا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتى توغرۇلۇق چۈشەندۈرەتتى. قاسىمغا ئۇنىڭ سۆزلىرى مايدەك ياقاتتى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇقمىغان ھالدا پۈتۈن پائالىيەتلەرنىڭ ئاكتىپى بولۇپ قالدى.

خۇماخان ئاۋۋالقىدەكلا پات ـ پات قاسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇراتتى، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتتى. بىر كۈنى قۇربانوپ ئۇنى ئىشخانىغا چاقىردى ۋە خۇماخان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈش توغرۇلۇق ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى.

— بىز سىزنى دېھقانلار جەمئىيىتىگە رەئىس قىلماقچى بولۇۋاتىمىز، سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز ئالدىڭىزدا، شۇڭا ئۆزىڭىزنىڭ نامىڭىزنى بۇلغىماي، باينىڭ كىچىك خوتۇنى بىلەن چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىڭ، ئالىمەن دېسىڭىز ئۆزىڭىزدەك كەمبەغەل، ياللانمىلارنىڭ قىزىنى تېپىڭ...

قاسىم غەمگە پاتتى، ئۆزى بىلەن خۇماخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇنداق چوڭ ھاڭنىڭ بارلىقىنى ئۇ پەقەت قىياس قىلمىغانتى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنى خۇماخانغا قانداق دېسۇن؟ لېكىن دېمەي نېمە ئامال؟!

خۇماخان قاسىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەسلەپ ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغلىدى، ئۆز تەقدىرىدىن نالە قىلدى. بىردەمدىن كېيىن چاچراپ تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈردى، ئۇ يۈگۈرگەنچە خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ قۇربانوپقا ئۆزىنىڭ پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ھەتتا تەشكىل قاسىم بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا قوشۇلمىسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، خۇماخاننىڭ بۇ جۈرئىتى ئىشنى ئوڭغا تارتقۇزدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ، خۇماخاننىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭغا ئىمىن ھاجىدىن ئاجرىشىش قەغىزىنى كېسىپ بەردى. ئۇ خەتنى ئالغان كۈنى ئۇدۇل قاسىمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئەمدى ئۇنىڭ ئۆيىدىن كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق جىمجىتلا ئەر ـ خوتۇن بولۇپ قېلىشتى، ئەتىسى قاسىم ئۇنى ناھىيىگە پىيادە ئاپىرىپ قىزىل چىتتىن كۆڭلەكلىك ئېلىپ بەردى. خۇماخاننىڭ تويلۇقى شۇ ئۈچ مېتىر چىت بولدى.

www.uyghurkitap.com

— ماڭا ئېلىپ بېرىدىغىنىڭ مۇشۇلىمۇ؟ — دېدى خۇماخان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— پۇلۇمنىڭ بارى شۇ، قالغىنىنى كېيىن ئېلىپ بېرەرمەن.

— چېقىشىپ قويدۇم، — خۇماخان ئۇنىڭغا ئەركىلەپ سۈركەلدى، — ماڭا سەن بولساڭلا بولدى، لاتىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ...

قاسىم سوپى قولىنى كۆيدۈرگەن تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈردى-دە، ئورنىدىن تۇردى، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەي، ئەكسىچە ئۇنى غەمكىن قىلىپ قويدى. مانا شۇ ئىشلارغا ھېسابتا قىرىق يىل بوپتۇ، بۇ يىللار قاسىم سوپىنىڭ ئائىلىسىگە زور ئامەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بىر چاغلاردىكى باينىڭ ھارۋىكەشى كېيىنچە كاتتا كادىر بولدى. ساددا، قورايدەك زىلۋا خۇماخانمۇ ئۆزگەردى، ئۇنىڭ ئىسكەتىمۇ، مىجەز-خۇلقىمۇ...

3

ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئادەتتىكىدەك مېھمانخانا ئۆيدە ئۆز خىيالى بىلەن سىردىشىپ ئولتۇرغان قاسىم سوپى خۇماخاننىڭ كارىدوردا ماڭغىنىنى، ئىشىكنى ئېچىپ بىرى بىلەن تىنچلىق سورىشىپ پاراڭلاشقىنىنى، ئاندىن ھايال ئۆتمەي كەلگەن مېھمان بىلەن خوشلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن خۇماخان قولىدا باغاق كۆتۈرگەن ھالدا قاسىم سوپىنىڭ يېنىغا كىردى.

قاسىم سوپى ئايالىنىڭ قولىدىكى ئاق باغاقنى كۆرۈپ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ خۇماخاندىن سورىدى:

— كىمنىڭ نەزىرى ئىكەن؟

— ئابدۇرېشىت ئەپەندىنىڭ يەتتە نەزىرىگە ئېيتىپتۇ.

— كىم؟ — قاسىم سوپى ئاڭقىرالماي قايتىلاپ سورىدى.

— ئابدۇرېشىت ئەپەندىچۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ خالىدەمنىڭ ئابدۇرېشىت ئاكىلارچۇ؟ بىر دەمدىلا يەتتىسى بوپتۇ...

خۇماخان شۇنداق دېدى-دە، كۆرۈپ بېقىڭ دېگەندەك باغاقنى ئېرى ئولتۇرغان دىۋاننىڭ يېنىدىكى ئەينەكلىك ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ چىقىپ كەتتى.

قاسىم سوپى باغاقنى قولىغا ئېلىپ ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ ئوقۇپ چىقتى، ئوقۇغانسېرى ئەزايى مۇزلاپ، باغاق تۇتقان قولى تىترەشكە باشلىدى. گېلىنى نېمىدۇر سىققاندەك بولۇپ دېمى قىسىلدى، بولۇپمۇ «مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى» دەپ يېزىلغان ھەرپلەر گويا جان كىرىپ ھەر بىرى ئادەمگە ئايلىنىپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قاراۋاتقاندەك، ئۇنىڭ گېلىغا قاراپ ئۇنلارچە قوللار سوزۇلۇۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ باغاقنى ئۈستەلگە تاشلىدى-دە، قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان دېرىزىگە قارىۋالدى. لېكىن ئۇ نەگىلا قارىمىسۇن يەنىلا ئاشۇ باغاق، ئىسمى يوغان قىلىپ قارا رامكىغا ئېلىنغان كىشى، ئۇنىڭ بالىلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى. قاسىم

سوپىنىڭ كەيپى يەنە بۇزۇلدى. ئۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇرىدى. ئەتىگەندە نەدىنمۇ كەلدى بۇ باغاق، بۇنىڭسىزمۇ تارتىۋاتقان ئازابىم ئازمىدى، توۋا، بۇ نېمە ئىش، ماڭا كۆڭۈللۈكرەك بىرەر ئىش يوقمۇ زادى؟

قاسىم سوپى ئۇ ئادەمنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن ۋە ئۇنى ئەسكە ئېلىشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى ئۇنى ئەسكە ئېلىش كۆڭۈلنى غەش قىلىپ ئازابلايتتى، ئۆتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلىش ئەخمەق، نادانىنىڭ ئىشى، كىم بىخىر ئۆمۈر سەۋەنلىكسىز، توغرا ياشايمەن دېيەلەيدۇ، لېكىن...

ئۇ يىللار قاسىم سوپى ئۈچۈن ئامەتلىك يىللار ئىدى. يېزىدىكى ئىجارە كېمەيتىش - يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ئاكتىپى بولغان قاسىم دەسلەپ دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، كېيىن رايون باشلىقى بولدى، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش باشلانغاندا بولسا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يېزا خىزمەت بۆلۈمىگە باشلىق بولۇپ ئۆستى، شۇ ئارىلىقلاردا ئۇ خەت - ساۋاتىنىمۇ چىقىرىۋالدى. يۇقىرى تەشكىلنىمۇ ئۇنى ئۆگىنىش، كۇرسلارغا ئەۋەتىپ تۇراتتى، 1957 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ، مۇشۇ نازارەتنىڭ كەسپىي باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. قاسىم ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگىنىگە ھەيران ئىدى. ئۇنىڭ كەسپىمۇ، بىلىمىمۇ بۇ ئورۇنغا پەقەتلا توغرا كەلمەيتتى، بۇ يەردىكى ھەممە ئىش قەغەز - قەلەم بىلەن، بىلىم - سەۋىيە بىلەن يۈرۈشەتتى. قاسىمچۇ؟ ئۇ خەت - ساۋاتىنى يېقىندىلا چىقارغان، باشقىلار يېزىپ بەرگەن دوكلاتنى ھەجىلەپ ئارانلا ئوقۇيدىغان مەلۇماتقا ئىگە، ناھىيىدىكى چاغدىمۇ چاندۇرماي كۈن ئۆتكۈزگەنتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىلىدىغان ئىشى دېھقانچىلىقنىڭ گېپى بولغاچقا بىر نەرسە دېيەلەيتتى. لېكىن، بۇ ئورۇن ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى، ئۇ بۇ ئىشنى قانداق قىلالىسۇن؟

قاسىم سوپى خېلى بىر چاغلارغىچە بۇ يېڭى ئورۇنغا كۆنۈكەلمەي يېتىم بالىدەك يۈردى. ئۇنىڭ ئىشخانىدا قىلىدىغان ئىشى گېزىت، ماتېرىيال كۆرۈش ئىدى، بۆلۈمنىڭ پۈتۈن ئىشىنى باشقارمىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېشىت بېجىرەتتى، بۆلۈمنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۇ ئادەمنى خۇدادەك بىلىپ چوقۇناتتى، دېمىسىمۇ ئۇ شىنجاڭدىن تۇنجى قېتىم ئىچكىرىگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. خەنزۇچىنى سۇدەك سۆزلەيتتى، ئىدارىدە چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى.

بۆلۈمدە كۆپرەك ئابدۇرېشىتلا قاسىمغا گەپ قىلاتتى، خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئالاتتى. قاسىم بولسا ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەستىن ئابدۇرېشىتنىڭ پىكرىگە قوشۇلاتتى، قاسىم سوپى كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇرېشىت ئۇنى ئۆيىگە چاقىردى.

— ئۆي تامىقىمۇ سېغىنغانسىز، ئەتە يەكشەنبە، بىزنىڭكىدە بولۇڭ، — دېدى ئۇ خىزمەتتىن قايتىۋېتىپ.

ئابدۇرېشىتنىڭ ئۆيىدىن قاسىم سوپى كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ ياندى، ئابدۇرېشىتنىڭ ئايالى — زىلۋا قامەتلىك، چىرايلىق ئايال ئوخشىتىپ لەڭمەن قىلىپ بەرادى. ئىككى

ئەر بىرەر قەدەھتىن ئىچىشكەچ پاراڭغا چۈشتى. بىرنەچچە رومكىنى كۆتۈرۈپ سەل قىزىغان قاسىم سوپى ئابدۇرىشىتقا كۆڭلىدىكىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— ئا چۈجاڭ، مەن سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا خەنزۇچە قىلىپ بىر ئىلتىماس يېزىپ بەرسىلە، مەن ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ كېتەي، راست...

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دەيلىغۇ؟ سىلىمۇ پەملىگەنلا، مەن قارىسىلا بىر قارا تۇرۇك دېھقان، ھېچبىر مەكتەپتىمۇ ئوقۇمىغان، ماڭا بۇ يەردە نېمە بار؟!

— ئۇنداق دېمەڭ، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ قالىسىز.

— بولدى ئۆگەنمەيلا قوياي، مەن سىلىدىن رازى، ھەر ئىش بولسا مەسلىھەت سېلىۋاتىلا، ئۆگىتىۋاتىدىلا، لېكىن قولدىن كەلمىگەن ئىشقا زورۇققاننىڭ پايدىسى نېمە؟ ئۆزىنى سورىغان خاننىڭ ئالدىغا بارماپتۇ، دەيدۇ، مەن بۇنداق چوڭ ئىشنى قىلالمىغۇدەكمەن، كېيىن سىلىنىمۇ خىجالەتچىلىككە سېلىپ قويىدىغان ئىش بولمىسۇن.

ئابدۇرىشىت قانچە گەپ قىلسىمۇ قاسىم سوپى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى؛ ئاخىرى نائىلاج ئابدۇرىشىت ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ پارتكوم سېكرېتارى قاسىم سوپىنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. قاسىم سوپى بۈگۈن ئۆز تەقدىرىنىڭ بىر تەرەپ بولىدىغانلىقىنى پەملەپ دەككە - دۈككىگە چۈشتى.

— سېكرېتار گەپنى توغرىدىن - توغرا دېمەستىن، قاسىمدىن بۇرۇن نېمە خىزمەتلەرنى قىلغانلىقىنى، قانچىلىك ئوقۇغانلىقىنى، ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. ئاندىن باشقارمىدا ھازىر نېمە ئىشلارنى تۇتۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈردى.

— ئابدۇرىشىت چۈجاڭ بىلەن قانداق كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى سېكرېتار گەپ ئارىسىدا.

قاسىم سوپى دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— ئوبدان كېتىۋاتىمىز، ئۇ ئادەمغۇ قالتىس بىلىملىك ئادەم ئىكەن، شۇنىڭغا قارىماي نېمە ئىش بولسا مەسلىھەت سېلىپ تۇرىدۇ...

— شۇنداقمۇ؟— سېكرېتار خۇش ياقمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ دېدى، — سىزگە يۆتكىلىپ كېتىش ھەققىدە مەسلىھەتمۇ بەرگەندۇ؟

— يوغسۇ،— قاسىم سوپى ھودۇقۇپ كەتتى،— ئۇ ئادەم جىق تەربىيە بەردى، مەن ئۆزۈم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەكمەن. مېنىڭ سەۋىيەم تۆۋەن، خەنزۇچىنىمۇ ئۇقمايمەن، بۇ يەردە كۈنۈم بىكارلا ئۆتۈپ كەتكۈدەك... شۇڭا...

سېكرېتار قاسىمغا قاراپ كىنايە بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— شۇڭا يۇرتۇمغا كېتەي دەڭ، — سېكرېتار ئۈستەلدىكى قاسىم سوپىنىڭ يازغان ئىلتىماسىنى بىگىز قولى بىلەن چېكىپ قويدى، — يولداش قاسىم، سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز بولمىدى. سىز تەشكىلنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى يەرگە قويۇۋاتىسىز، ھەر

قانداق يېڭى بىر خىزمەتكە كۆنۈككىچە قىيىنچىلىق بولىدۇ، بۇنىڭغا چىدىمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— قىيىنچىلىقتىن قورقمىدىم، بىلىم ـ سەۋىيەم يەتمىگۇدەك.

— ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىسىز، كىم ئانىسىدىن تۇغۇلۇپلا ھەممىنى بىلىپ كېتىدۇ، مانا مەنمۇ ئىككىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان. كېيىن ئانچە ـ مۇنچە كۇرسلاردا ئوقۇدۇق، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بىر ئىدارىنى باشقۇرۇپ كېتىۋاتىمىز، سىزچە بولسا مەنمۇ سەۋىيەم تۆۋەن، دەپ كەتسەم بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ئابدۇرىشىت كەسپتە قابىلىيەتلىك ئىكەن. لېكىن سىزنىڭ سىياسىي خىزمەت قابىلىيىتىڭىز ئۇنىڭدىن يۇقىرى، سىز دېگەن ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، ئۆچكە قارشى، بەشكە قارشى ھەرىكەتلەردە ناھايىتى ئاكتىپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئىكەنسىز، بىز ئارخىپىڭىزنى كۆرۈپ چىقتۇق، شۇڭلاشقا پارتىيە تەشكىلى سىزنى مۇشۇ ئورۇنغا لايىق كۆرۈپ يۆتكەپ ئېپكەلگەن، سىزگە زور ئۈمىد باغلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز پارتىيە ئەزاسى، پارتىيە نەگە ئېھتىياجلىق دېسە شۇ يەردە شەرتسىز تۇرۇشى لازىم. ھازىر پارتىيە سىزگە ئوخشاش سىياسىي كۆرەش تەجرىبىسى بار كادىرلارغا مۇھتاج. ھازىر ئوقچىلار باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتىدۇ...

سېكرېتار ئالدىرىماي، ئۇزاق چۈشەندۈردى. ئاخىرىدا ئۇ قاسىمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان بىر خەۋەرنى ئېيتتى:

— سىزنىڭ كېتىمەن دېگىنىڭىز ئابدۇرىشىتقا ياغدەك خۇش ياقىدۇ، بىلەمسىز، ئۇ سىز توغرۇلۇق «ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىكەن، يۆتكىۋېتىڭلار» دەپ قېشىمىزغا نەچچە قېتىم كىردى، سىز بولسىڭىز ئۇنى ماختاپ بىر قىلىۋاتىسىز...

قاسىم ھەيران بولدى. بۇ گەپ راستىمىدۇ؟ ئىشەنمەي دېسە سېكرېتارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتىدۇ، بۇ ئابدۇرىشىت زادى قانداق ئادەمدۇ؟ ئادەم دېگەننىڭ ئالىسى ئىچىدە دېگىنى راست ئىكەن ـ دە، مەن ئۇنىڭ نەرىگە يۇتلاشتىم، شۇڭا ئىلتىماسىمنى گەپ قىلماي خەنزۇچە يېزىپ بېرىپتىكەن ـ دە... مېنى ـ زە ئۆز ئايىغىم بىلەن قايتۇرۇۋەتمەكچى ئىكەن ـ دە. شۇ قىلغىنىڭغا كەتمىسەمچۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەشكىلمۇ شۇنچىلىك ئۈمىد باغلاۋېتىپتۇ، ناۋادا راستتىنلا ھەرىكەت بولۇپ قالسا قاسماخۇنمۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ تۇرقىدا سېكرېتار ئابدۇرىشىتنى ياقتۇرمايدىكەن. بۇ تەرىپىنى ئوقۇۋالغىنىم ئوبدان بولدى...

— قانداق؟ — سېكرېتار قاسىمنىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز گېپىنىڭ قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى پەملىدى، — ماۋۇ ئىلتىماسىڭىزنى ئاپىرىپ ئاستا كۆيدۈرۈۋېتىڭ، مەندىن باشقا ھېچكىم ئوقىمىغان بولسۇن، قانداق؟

— ماقۇل.

— بۇندىن كېيىن ئابدۇرىشىتنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىڭ، نېمە گەپ بولسا مېنىلا ئىزدەڭ. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

قاسىم ئەمدى پارتكوم سېكرېتارى بىلەن پات-پاتلا كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى. سېكرېتار توغرا ئېيتقانىكەن، ئۇزۇنغا قالمايلا ئىستىل تۈزىتىش باشلاندى. قاسىم ئابدۇرېشىت قاتارلىق نوپۇزلۇقلار ئۈستىدىن شۇنداق «پاش» قىلىشلار ئېلىپ باردىكى، پۈتۈن ئىدارىدىكىلەر ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇلار ئادەتتە ھېچكىمگە ئارىلاشماي جىممىدە يۈرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ بۇنداق كارامىتى بارلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئابدۇرېشىت تېخىمۇ ئۇلگۇرەلمەدى، يالغان دەپمۇ ئاقتۇرالمىدى. ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىسىدا ئابدۇرېشىتقا قالپاق كىيگۈزۈلۈپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ كېتىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قاسىم باشقارمىنىڭ بىرىنچى باشلىقى بولۇپ ئۆستى.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتتى، بۇ جەرياندا قاسىم سوپى ئۇ ئىدارىدىن يۆتكىلىپ، ھازىرقى ئىدارىگە مۇئاۋىن نازىر بولۇپ كۆتۈرۈلدى. ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئامەتلەر، كېيىنكى ئەنسىز يىللارنىڭ سالغان دىشۋارچىلىقى بىلەن بولۇپ ئۇ ئابدۇرېشىت ئىسمىنى ئۇنتۇپمۇ كەتكەنىدى. يىگىرمە يىلدىن كېيىن بىر كۈنى ئۇنى ناتونۇش ئىككى ئادەم ئىشخانىغا ئىزدەپ كەلدى. قاسىم سوپى ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى كۆرۈپ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى ئۇقتى.

— بىز سىلى بۇرۇن بىللە ئىشلىگەن ئابدۇرېشىت ئىسىمىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق كېلىۋىدۇق، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.

قاسىم سوپىنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى ۋە ھولۇققان ھالدا سورىدى:

— ئابدۇرېشىت ئىسىمن ئۆزى نەدە؟

— تۈرمىدىن بوشانغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىدا دېھقان بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ.

— ئۆزى كەلدىمۇ؟

— ئۆزى ئاغرىقچان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئايالى ئەرز قىلىپ كەلدى.

— سىلەر نېمىنى ئېنىقلىماقچى؟

— ئۇ ئادەمنىڭ ئارخىپى نېمىشقىدۇر يىتىپ كېتىپتۇ، ھېچيەردىن ئىزدەپ تاپالمىدۇق، بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە ئەينى چاغدا خاتا قولغا ئېلىنغان دېگەن ئىنكاس بار. شۇڭا ئەينى ئەھۋالنى بىلىدىغانلاردىن ئېنىقلاۋاتىمىز. ئاڭلىساق شۇ چاغدا سىلى ئىدارىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش رەھبەرلىك ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن ئىكەنلا، ئۇ ئادەمنىڭ مەسىلىسى زادى قانداق ئىدى؟

ئۇزاقتا قالغان، ئۇنتۇلغان نەرسىلەرنى ئەسلەش، يەنە كېلىپ قاسىم سوپى ئۈچۈن ۋىجدانىنى ئازابلايدىغان ئاشۇ ئىشلارنى ئەسكە ئېلىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلدى، دۇنيادا ياخشى ئىشلار ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن، ئۇنى سورۇشتۇرىدىغان ئادەممۇ بولمايدىكەن، يامانلىقنىڭ بولسا ھامان سورىقى بولىدىكەن، قاسىم سوپى ھاياتىدىكى بۇ «سەتچىلىك»نى شۇنچە يىللاردىن كېيىن يەنە ئەسكە ئالارمەن دەپ ئەسلا ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دەرھال رەتلىك، پاكىز يۈرىدىغان، خۇش چاقچاق ئابدۇرېشىت، ئۇنىڭ ئارغىماقتەك ماڭىدىغان كېلىشكەن ئايالى خالىدە كەلدى، ئەينى چاغدا بۇ ئەر-خوتۇنغا ئىدارىدىكى ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلاتتى. ئۇلارغا چوقۇناتتى، ھازىر بولسا

ئۇلار دېھقان، چىراي-تۇرقى قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ ھەقچان قىرىپ كەتكەندۇ؟ بۇنىڭغا مەن سەۋەبچى بولمىدىممۇ؟

قاسىم سوپىنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر نەرسە سىقىۋەتكەندەك بولۇپ ئاچچىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن سول قولىدا كۆكسىنى چىڭ بېسىۋېلىپ ھەربىر سۆزنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇ چاغدا... بىر سىياسىي دولقۇن بولۇپ كەتتى، ناھەق ئىشلارمۇ كۆپ... ئابدۇرىشىتنىڭ مەسىلىسىمۇ ناھەق بولغان...

كەلگەن ئىككىسىلەن بىر-بىرىگە قاراپ يېنىك باش لىڭشىتىپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا، دېدى بايىقى گەپ سورىغان كىشى سومكىسىدىن نەچچە ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ قاسىم سوپىغا سۇنۇپ، — ئېغىر كۆرمەي ئەينى چاغدىكى ئەھۋال توغرۇلۇق بىر ئىسپات يېزىپ بېرەملا؟ سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇق.

— ھازىرلىمۇ؟

— ۋاقىتلىرى بولسا ھازىرلا يېزىپ بەرگەن بولسىلا، بىز ئەتە تۈۋەنگە ماڭماقچى ئىدۇق.

قاسىم سوپى نائىلاج قولىغا قەلەم ئالدى، ئۇ خەتنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي بىر دەم تېڭىرقاپ تۇردى، ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇرىشىتنىڭ ئۈستىدىن چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى تولىمۇ ئاسان يازغانىدى، كۈنىگە بەش-ئالتە پارچە يېزىپ چىقىراتتى، «شۇ يازغانلىرىڭغا مانا ئەمدى توي» دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن ئۆز-ئۆزىگە، ئۇ شۇ تاپتا ئابدۇرىشىت ئىمىنىنى ئاقلاش خېتى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى يازىدىغاندەك قىيىنالماقتا ئىدى.

ئۇ خېلى تەستە ئىككى ۋاراق ئىسپات يېزىپ، كەلگەنلەرنى يولغا سالدى. لېكىن شۇ كۈندىن باشلاپ ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بۇ ئاغرىقنىڭ سەۋەبىنى ئۇ بىر ئۆزىلا بىلەتتى. ئۇ ئۆيىدىكىلەرگىمۇ كەلگەنلەر توغرۇلۇق گەپ-سۆز قىلمىدى. نەچچە ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ باشقىلاردىن ئابدۇرىشىت ئىمىنىنىڭ مەسىلىسى ھەل بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، ئۇ ئاغرىق بولغاچقا ئۆز تەلىپى بويىچە پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى. قاسىم سوپى نەچچە رەت بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلىشنى، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراشنى نىيەت قىلدى، لېكىن ئابدۇرىشىتنىڭ تىللاپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى...

قاسىم سوپى باغاقتىن كۆزىنى ئېلىپ ئېغىر خورسىندى. ئۇنى تاشتەك ئېغىر، ئازابلىق خىياللار ئىسكەنجىگە ئالدى. ئۇنى نېمە دەپ نەزىرگە چاقىرغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئابدۇرىشىتقا ئۆز ۋاقتىدا نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بالىلىرى بىلمىگەندىمۇ، خالىدەنىڭ خەۋىرى بارغۇ ياكى مۇشۇ ئارقىلىق ئۇنى ۋىجدان ئازابىغا قويماقچىمۇ؟ بەلكىم مېنى كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاۋاتقاندۇ. مەيلى، خالىدە نېمە دەپ تىللىسۇن، كىشىلەر نېمە دېمىسۇن باراي، كېچىككەن بولسامۇ كەچۈرۈم سوراي، بولمىسا ئۇ دۇنيادا ئابدۇرىشىتقا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن.

www.uyghurkitap.com

يەكشەنبە كۈنى قاسىم سوپى نەزىرگە باردى. نەزىر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان زالنىڭ ئال-
دىدا ئادەم كۆپ ئىدى. تولىسى ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇرېشىت بىلەن بىللە ئىشلىگەن خىز-
مەتداشلار، قاسىم سوپىغا تونۇشلۇق ئادەملەر ئىدى. ئۇلار قاسىم سوپىنى كۆرۈپ تەتۈر
قارىشىۋالدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلىشىپ يېنىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇر
دەۋاتاتتى، قاسىم سوپى قورۇنغان ھالدا زالغا كىردى. مېھمان كۈتكۈچى يىگىت ئۇنى
ئادەم تولىمىغان بىر ئۈستەلگە باشلىدى، ھېلىمۇ ياخشى بۇ ئۈستەلدىكىلەر قاسىم سوپىنى
تونۇمايدىغانلار ئىكەن. ئۇلار قاسىم سوپىغا ئېرەن قىلمىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈ-
شۈپ ئاستا ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى، ئىشىك تۈۋىدىكى قاتار ئورۇندۇقلاردا بېشىغا ئاق
ياغلىق ئارتقان ئاياللار، قىزلار ئولتۇراتتى، قاسىم سوپىنىڭ كۆزى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى ئورۇق ئايالغا چۈشۈپ يۈرىكى جىغىغىدە قىلىپ قالدى. «خالىدە شۇمىدۇ؟»
دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، ئاق ياغلىق ئاستىدىن قاردەك ئاقار-
غان چاچلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ شۇنچىلىك ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدىكى، مۈك-
چىيىپ، بەدىنى بىر موماينا ئايلىنىپ قالغانىدى. قاسىم سوپى ئۇنى پەقەت چوڭ ـ
چوڭ كۆزىدىنلا تونىدى، جاپالىق يىللار ئۇنىڭ ئاۋۋالقى چىرايىنى، كۆپ ئادەملەرنى
ھەسەتكە سالغان ھۆسنىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ كەتكەنىدى، خالىدەمۇ قاسىم سوپى-
نى تونىدى بولغاي، ئۇنىڭغا ھەسرەت، مۇڭ بىلەن تولغان كۆزىدە ئۇزاق قارىدى.
قاسىم سوپىنىڭ كېلىدىن ئاشمۇ ئۆتمىدى، ئۇ يېنىدىكىلەرنىڭ تەكەللۇپلىرىغا
«ئاش زىيان قىلىدۇ» دەپ قويۇپ، تاۋاققا قولمۇ ئۇزارتمىدى. ئۇ دۇئانىڭ تېزرەك تو-
گۇلۇشىنى كۈتتى، ئاخىرى دۇئامۇ ياندۇرۇلدى. قاسىم سوپى قوپۇپ ئۇدۇل خالىدەنىڭ
ئالدىغا باردى، خالىدەمۇ ئۇنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالدى.
— ئەلەكمۇلىللا، خالىدەم، — دېدى قاسىم سوپى تىترىگەن ئاۋازدا، — ئابدۇرېشىت
قازا قىلىپ كېتىپتۇ، مەن ۋاقتىدا ئۇقالماپتىمەن.
ئايال ئېسەدەپ يىغلىماقتا ئىدى.
— رەھمەتلىك ئابدۇرېشىتنى ئۇنتۇماپىلا، رەھمەت سىلىگە، — دېدى خالىدەم ئۆكسۈپ
تۇرۇپ، — ھايات چېغىدا سىلى بىلەن بىر كۆرۈشسەم دەپ تولا دەيتتى، شۇ ئارمىنىغا
يېتەلمەي كەتتى. رەھمەتلىك سىلىگە رەھمەت ئېيتماقچى ئىدى، بىزنىڭ يېزىدىن قايتىپ
كېلىشىمىزگە كۈچ چىقىرىپىلا، سىلىگە كۆپ رەھمەت، رەھمەتلىك ئۆز ئاغزىدىن دېيىشكە
ئۈلگۈرەلمىدى...
خالىدەنىڭ نالىلىق سۆزلىرى قاسىم سوپىنىڭ كۆڭلىنى ئېزىۋەتتى، نومۇس، ئە-
لەمدىن يۈرىكى لازا قۇيغاندەك ئېچىشتى، ئۇ خالىدەدىن شۇ سۆزلەرنى كۈتكەنمىدى؟
ياق، ياق، ئۇنىڭدىن خالىدە ئاچچىق ئىككى ئېغىز تىللىغان بولسا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئا-
رام تاپاتتى، بۇنداق ئازابلانمايتتى. قاسىم سوپى خالىدەگە ئانچە ـ مۇنچە كۆڭۈل ئېيت-
تى ـ دە، ئۆيىگە قايتتى، يول بويى ئۇ خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدۈگۈنەتتى. بېشى
چىڭقىلىپ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولۇپ ئاندىن زىڭىلداپ ئاغرىپ
كېتەتتى. ئۇ يولدا ئۇچرىغان تونۇش ـ بىلىشلەرگىمۇ قارىمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا

خالىدەنىڭ يىللارنىڭ مۇشەققىتى چوڭقۇر ئىز سالغان مىسكىن، ھەسرەتلىك چىرايى، ئاللىق يىغىسى كەتمەيتتى، ئىنسانىنىڭ ھاياتى شۇنچىلىكلا ئىكەنغۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئەلەم بىلەن، — مەن ئۆز ۋاقتىدا نامەردلىك قىلمىغان بولسام ئابدۇرىشىت ھازىرلار-دىن ئۆلۈپ كەتمەس ئىدى، خالىدەمۇ بۇنچىۋالا قېرىپ سۇنماس ئىدى. ھەممىنى قىل-غان مەن. مەن گۇناھكار، مەن قاتىل... ھېلىمۇ خالىدە ماڭا ئىشىنىمەيدى. ئۇ مېنى تىللاپ، يۈزلىرىمگە تۈكۈرگەن بولسا بولاتتى قاسىم سوپى خالىدەدىن ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق كەچۈرۈم سورىماقچى، يۈرىكىنى بېسىپ ئۇنى قىيناپ كېلىۋاتقان بۇ يۈكتىن قۇتۇلماقچى ئىدى، لېكىن ئۇ جۈرئەت قىلالمىدى، يەنىلا بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ قايتتى، ئۇ ئەم-دى بۇ يۈكنى قەبرىسىگىمۇ ئېلىپ كېتەرمۇ؟... ئابدۇرىشىتقۇ ئۇ دۇنياغا كەتتى، ئەتە-ئۆگۈن بۇ كۈن ماڭىمۇ كېلىدۇ، مېنىڭ نەزىرىمگە خالىدە كېلەرمۇ؟ ھايات، جاھان دېگەن شۇنچىلىكلا ئىش ئىكەنغۇ، مەن ئەخمەق نېمىشقا بالدۇرراق بۇنى ئويلىمىدىم؟ مەن ئابدۇرىشىتقا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بىر ئۆمۈرلۈك كۆلپەت تېپىپ بەردىم، ئۇلارنى سەرسان قىلدىم. بۇ جىنايەتنى بىر ئېغىز «ئەپۇ» بىلەن يۇيۇۋەتكىلى بولامدۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، ئادەملەر نېمىشقا بىر-بىرىگە ئۆچ بولۇپ ياشايدۇ، بىز شۇنچىۋالا قىلىپ نېمىنى تالىشىمىز؟ ئاخىر بارىدىغان يېرىمىز ئوخشاشلا قارا يەر ئىكەنغۇ؟...

قاسىم سوپىنىڭ يۈرىكى تېز-تېز سانجىشقا باشلىدى.

## 4

دالان ئۆيدە خۇماخانىنىڭ كىم بىلەندۇر تىنچلىق-ئامانلىق سوراشقان ئۇنلۇك ئاۋازى مېھمانخانىدا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان قاسىم سوپىنىڭ دىققىتىنى بۆلدى، ئۇ ئىشىككە قۇلاق سالدى، ئاڭغىچە ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە پاكىنەك كەلگەن دېھقان چىراي كىشى بىلەن ئون يەتتە ياشلار چامىسىدىكى زىلۋا بالا ئەيمەنگەن ھالدا كىردى. قاسىم سوپى بۇلار كىم بولغىيدى، دەپ تەئەججۈپ بىلەن باقتى.

— تونۇمايۋاتامال نېمە؟ — مېھمانلارنىڭ كەينىدىن كىرگەن خۇماخان ئېرىگە كا-يىش ئارىلاش مۇراجىئەت قىلدى، — توۋا ماۋۇ ئادەمنى، بىزنىڭ بۇ ئادەم كۆزدىن قېرىدى قارىسىلا... گايىت ئاخۇننى ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟

ئىشىكتە قاسىم سوپىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كىشى ئوڭايسىزلانغاندەك بو-لۇپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

قاسىم سوپى ئەمدى ئېسىگە ئالدى ۋە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى:

— ھوي، ھوي... سالامۇئەلەيكۇم... گايىت ئاخۇنمۇ سىلە، مانا-مانا، — قاسىم سو-پى ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ مېھماننىڭ ياغاچتەك قاتتىق قوللىرىنى ئىككى قوللاپ قىسىپ كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا باشتىن-ئاياغ سەپسالدى، — قانداق شاماللار ئۇچۇ-رۇپ كەلدى سىلىنى، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، قېنى يۇقىرىغا ئۆتسىلە، يۇقىرىغا.

مېھمان يەرگە سېلىنغان ئوتقاشتەك گىلەمگە قاراپ بىر ئۆزىنىڭ پۇتىغا قاراپ ئەيمەندى.
— چىقىۋەرسىلە، ھېچقىسى يوق.
— ئەستا، — مېھمان پۇتىنى بىر-بىرىگە قىقىپ ئېھتىيات بىلەن چامدىدى، — تازا سەنئەت بولىدىغان بولدى.



گايىت ئاخۇن دىۋانغا ئۆتتى، بالىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى، ئاندىن مېھمان دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن ئۇ باشقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ تېچلىق سوراشتى، قاسىم سوپىنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.
— مانا تىنىچ-ئامان بولساقلا كۆرۈشىدىكەنمىز، — دېدى قاسىم سوپى مېھمانلارغا باشقىدىن زەن سېلىپ، — بۇ يىگىتنى تونۇيالمىدۇققۇ؟
— بۇ بىزنىڭ بالىلارنىڭ كىچىكى، سىلە بار چاغدا تۇغۇلغىنى شۇ...
— ھە، ۋاي شۇ بومزەكمۇ بۇ، ماۋۇنىڭ چوڭ يىگىت بولۇپ كەتكىنىنى، بۇنىڭ ئېتىنىمۇ مەن قويۇپ قويغان ئەمەسمۇ، رۇستەمغۇ؟
— يادىلىرىدا بار ئىكەن.
— نېمىشقا يادىمدا بولمىسۇن؟ بۇنىڭ ئۇزىرلىقچە داڭگال يەيدىغىنىمۇ يادىمدا، — قاسىم سوپى بالىغا قاراپ كۈلدى، — ھازىرمۇ يەپ قويامسەن يا تاشلىدىڭمۇ؟
بالا ئىزا تارتىپ يەرگە قارىۋالدى. گايىت ئاخۇن ئوغلىغا قاراپ دېدى:

— مانا، قاسىم داداڭىزنىڭمۇ ئېسىدە بار ئىكەن ئەمەسمۇ، بۇ بالا قارىسىلا، خۇدا-
نىڭ قۇدرىتى بىلەن سىلەرمۇ كەتتىڭلار ئۇ خۇيىنى ئۆزىدىن - ئۆزى تاشلىۋەتتى،
ئالدىن ئۆزۈنغىچە سىلەرنى سوراپ ئارام بەرمىدى. ھەرقايسىلىرى بىلەن ئۇرۇق -
تۇغقاندەك بولۇشۇپ قاپتىكەنمىز، ئۆيدەمۇ گەپلىرىنى تولا قىلىشىمىز. يا سىلەرگە
بىرەرقاتار ئۆتۈشلۈك بولمىدى، خىزمەتتىكى ئادەمگىمۇ تەس، بارىمەن دەپلا قوپۇپ
كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا رۇستەم ئىككىمىز بىر يوقلاپ كېلەيلى دەپ كېلىپ
قالدۇق.
— ئوبدان بوپتۇ، تىنچلىق بولسا كۆرۈشكىلى بولىدىكەن، بىزمۇ سىلەرنىڭ گې-
پىڭلارنى قىلىشىپ تۇرىمىز، توختىخان ياخشى تۇرغاندۇ؟
— ئوبدان...
خۇماخان چاي ئېپكىردى. چاي ئىچكەچ گايىت ئاخۇن كېلىش مەقسىتىنى
ئېيتتى:
— باللارنىڭ چوڭلىرى بىزنى دوراپ دېھقان بولۇشتى، ھال - كۈنلىرىمۇ قەدىر
ئەھۋال، مۇشۇ رۇستەم نېمە بولدى ئوقۇشقا قەۋەتلا خۇشتار چىقتى، ئۇنى ئوقۇدۇڭ
بولدى قىبل دېسەك زادى ئۇنىماي ئىمتىھان بەرگەنتى، ئۆقىساق ئالغان نومۇرىمۇ تو-
شۇپ قالغان چېغى، لېكىن ھازىرغىچە قەغىزى چىقمىدى، بۇ كۈندە بەزى ئېگىز - پەس
ئىشلارمۇ بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ بالا ئۆرۈمچىگە بېرىپ باقىلى دەپ بېشىم-
نى ئوچاق قىلىۋەتتى، شۇڭا قاسىم ئاخۇن چوڭ خىزمەتتە بولغاندىن كېيىن ياردەم
قىلار دەپ كېلىپ قالدۇق، سىلى بىر يول كۆرسەتسىلە، بىزنى ئۆزلىرى بىلىلا...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇماخاننىڭ چىرايى ئۆزگەردى.
— بۇ ئادەم ھازىر پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى، ھازىر ھوقۇقى يوق، — دېدى ئۇ
ئالدىراپ گايىت ئاخۇننىڭ گېپىنى بۆلۈپ.
قاسىم سوپى ئايالىغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويدى.
— بۇ يىگىت دېھقان بولمايمەن دەپتۇ - دە؟ — دېدى ئۇ تارتىنىپ ئولتۇرغان بالىغا
قاراپ ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى، — قانچە نومۇر ئاپسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟
— ئۈچ يۈز تۆت يېرىم.
— بۇ يىللىقى نومۇر چېكىچۇ، قانچىكەن؟
— ئۈچ يۈز بەش دەيدۇ.
— ئۇنداقتا يېرىم نومۇر كەلمەيدىكەن - دە، چوڭ ئىش يوق ئىكەنغۇ.
— شۇنداق بولارمۇ؟ يا بۇ بالىمۇ ئوشۇقراق يازماپتۇ، نومۇر قويغان ئەپەندىمۇ
يېرىم نومۇرغا نېمانچە پىششىقلىق قىلىپ كەتتىكىن تاڭ، — گايىت ئاخۇن ئىلتىجا بى-
لەن قاسىم سوپىغا يالۋۇردى، — ئەسلىدە ھەرقايسىلىرىنى بۇنچىلىك ئىشقا ئاۋارە قىل-
مىساق بولاتتى. مۇشۇ بالىنىڭ يىغىسىغا تۇرۇپ بولمىدى، بىز بۇ يەردە سىلىدىن
باشقا بىر كىشىنىمۇ تونۇمايدىكەنمىز قارىسىلا، بىر ياردەم قىلسىلا...
گايىت ئاخۇننىڭ بىچارىلەرچە يالۋۇرۇشى قاسىم سوپىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتتى.

— خاتىرجەم بولسىلا، قولىمىزدىن كېلىشىچە ماڭىمىز، رۇستەم ئۆزىمىزنىڭ بالىسى بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۈستىگە نومۇرىمۇ توشۇپ قالىدىكەن، چاتاق يوق ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇنىڭ چارىسىنى قىلغىلى بولىدۇ.

قاسىم سوپىنىڭ بۇ گېپىدىن گايىت ئاخۇننىڭ كۆڭلى ئىمىن تاپتى، دەرۋەقە قاسىم سوپىدەك چوڭ ئەمەلدار مەيدىسىگە ئۇرۇپ لەۋزە قىلىۋاتسا ئۇ نېمىدىن ئەندىشە قىلىدۇ، خۇداغا شۈكرى، بىزنىمۇ ئۇنتۇماپتۇ، پېشانەڭ ئوڭ ئىكەن بالام، مۇرادىڭغا يېتىدىغان بولدۇڭ... گايىت ئاخۇن ئوغلىغا ئىشىك تۈۋىدىكى توپا باسقان سومكىنى شەرەت قىلدى. رۇستەممۇ چۈشىنىپ سومكىنى دادىسىغا ئېپكېپ بەردى.

— بىز قۇرۇقلا كېلىپ قالدۇق، — دېدى گايىت ئاخۇن سومكىنى ئېچىپ، ئاندىن قېلىن قاتلانغان كۆل رەڭ سارجىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە بولاق قەنتنى تىزدى. سومكىنىڭ بۇلۇڭىدىن ئاغزى ياغاچ شىنا بىلەن مەھكەم ئېتىلگەن تۆمۈر تۇڭنى ئېلىپ بىر چەتكە قويدى، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، — بىز ئالدىراپ ئازراقلا بىر نېمە بىلەن كېلىپ قالدۇق، بۇغۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ لايىقلىرىدا ئەمەس، كېيىنچە يەنە رازى قىلىۋالارمىز. ماۋۇ ئەنجۈر مۇرابباسى، قاسىم ئاخۇن ياخشى كۆرەتتى دەپ توختىخان ئۆزى قايناتىپ بەردى...

— ۋۇي بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، خۇماخان گەپ قىلىڭلا، — قاسىم سوپى ئوڭايسىزلىنىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— ئۆزۈڭلا كېلىۋەرسەڭلا بولاتتى ئەمەسمۇ، — خۇماخانمۇ تەكەللۇپ قىلدى.

— بىرەر مالنى ئۆلتۈرۈپ كېلەيلىمۇ دېگەن، شۇنىسى ھاۋا ئىسسىق بولۇپ قالدى، خۇدايىم بۇيرۇسا قىشقا جەزمەن يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

— بۇ ئىشلىرى بولمىدى گايىت ئاخۇن، — دېدى قاسىم سوپى ئاخىرى، — مۇنداق قىلايلى، بۇ نەرسىلەر بەك ئارتۇقچە بولۇپ كەتتى، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى ئۈچۈن بوپتۇ ماۋۇ مۇرابباسى ئالايلى، قالغان نەرسىلەرنى سومكىغا سېلىپ قويسىلا، قانداق دېدىم خۇماخان؟

خۇماخان باياتىن ئۈستەلدىكى سارجىنىڭ نەچچە مېترلىقىنى كۆڭلىدە مۆلچەرلەپ، ئۇنى نېمە كىيىشىنى ئويلاپ بىر قارارغا كېلەلمەي ئاۋارە ئىدى. ئېرىنىڭ گېپى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، لېكىن ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن گايىت ئاخۇننىڭ ئۇنى ھەرگىز قايتۇرۇپ ئالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ قويدى:

— شۇنداق قىلسىلا، سىلى بالا-چاقىلىق ئادەم، بىزگە لازىمى يوق...

خېلى دە-تالاشتىن كېيىن خۇماخان ئويلىغاندەك بۇ نەرسىلەر خۇماخاننىڭ تۆگە ساندۇقىدىن ئورۇن ئالدى.

گايىت ئاخۇنلارنىڭ كېلىشى قاسىم سوپىنىڭ زېرىكىشلىك تۇرمۇشىغا خاتىمە بەرگەندەك ئۇنىڭ كەيپىنى كۆتۈردى. ئۇ خۇماخانغا بازاردىن يېڭى گۆش ئېپكىرىپ ئوبدان بىر تاماق ئېتىشنى بۇيرۇپ بولۇپ، گايىت ئاخۇن بىلەن تۈگىمەس پاراڭغا

چۇشۇپ كەتتى، يېزىدىكى ئېسىدە قالغان كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ سوراپ چىقتى، ئۇلار كەتكەندىن بۇيانقى يېزىدا بولۇپ ئۆتكەن يېڭىلىقلارنى ئەستايىدىل بىر قىزىقىش بىلەن سۈرۈشتۈردى. گايىت ئاخۇنمۇ بۇ ئادەمنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى يايراپ كەتتى.

— يادىڭىزدا بار ئىكەن، — دېيىتتى گايىت ئاخۇن تۇرۇپ - تۇرۇپ ھەيران بولۇپ.

قاسىم سوپى ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. يىگىرمە يىل، ئاسان گەپمۇ؟

ئۇ راستىنلا بۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدى. ھاياتىدىكى ئەڭ مۇشەققەتلىك، خورلۇق بىلەن ئۆتكەن ئۇ ئازابلىق كۈنلەرنى ئەسلەشنىمۇ خالىمايتتى، بۈگۈن گايىت ئاخۇننى كۆرۈپ ئاشۇ كۈنلەر، ئاشۇ ساددا كىشىلەر تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، شۇنداق ئېنىقكى، خۇددى بۇ ئىشلار تۈنۈگۈنلا بولۇپ ئۆتكەندەك...

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى قاسىم سوپى ئۆي - ۋاقىنى قارا ماشىنىغا بېسىپ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن مۇشۇ گايىت ئاخۇنلار تۇرغان «قاراتاش» مەھەللىسىگە چۈشتى. قاسىم سوپى ئۆز تەقدىرىنىڭ شۇنداق بەلگىلەنگەنلىكىگە ھېچ چۈشىنەلمەيتتى، ئۇ زادى يېزىغا ھەيدەلگۈدەك نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدى؟ تارىخى بولسا پاك، ئازادلىقتىن بۇيانقى ھەممە ھەرىكەتلەردە ئاكتىپ بولۇپ كەلدى، پارتىيە نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى قىلدى، شۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۆسۈپ مۇئاۋىن نازىر بولغانىدى. بۈگۈنگە كېلىپ بۇ ئىشلار ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ ئۇنىڭغا «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «قارا يىپ» دېگەندەك قالپاقلارنى كىيگۈزۈشتى، نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرمىگەننى كۆردى، ئاخىرى مانا يېزىغا ھەيدەلدى، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ناھەقچىلىك ئەمەسمۇ؟ لېكىن ھازىر سېنىڭ بۇ دەردىڭنى كىم ئاڭلايدۇ؟ بوپتۇ، يېزا مەن بىلمەيدىغان يەر ئەمەس، قولىقىم تىنىم تاپسىلا مەيلى...

قاسىم سوپى ئاخىرى ئۆزىگە شۇ تەسەللىنى بېرىپ ئۆزىنىڭ يېڭى ماكانىغا كەلدى. «قاراتاش» ناھىيىدىن ئەڭ يىراق بولغان «شەرق شامىلى» گۇڭشېسىنىڭ تاغ باغرىغا جايلاشقان ئەترىتى ئىدى. ئەزالار قەدىمىي يوسۇندا تارقاق ئولتۇرۇشاتتى، ئەترەت باشلىقلىرى بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارنى ئەترەتنىڭ كونا، يېرىمى ئۆرۈلگەن ئامبىرىغا ئورۇنلاشتۇردى.

— ئەترىتىمىزدە مۇشۇنىڭدىن باشقا ئۆي يوق، — دېدى قاپىقى يامان دۈيجاڭ سالقىن پوزىتسىيىدە، — يازغىچە مۇشۇنىڭدا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار!

ئامبارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاسىم سوپىنى يىغا تۇتتى، ئۇنىڭ ئېسىگە شۇ ھامان ئىمىن ھاجى بايغا چاكار بولۇپ ئىشلىگەن چېغىدىكى ئۆيى كەلدى. ئۇمۇ بۇ ۋەيرانە ئامباردىن تۈزۈكرەك ئىدى. كۆرىدىغان كۈنىمىز بار ئىكەن - دە، دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن، — ھېچ بولمىغاندا تازىلاپمۇ قويمىغىنىنى كۆرمەمدىغان.

— مۇشۇنىڭغىمۇ شۈكرى، — دېدى ئۇ ئەترەت باشلىقىغا ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەترەت باشلىقى كەتتى. قاسىم سوپى باللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئامبارنى

www.uyghurkitap.com

سۈپۈرۈپ تازىلىدى. ئاش قويدى، كېگىز - كېچەكلەرنى سىلىپ ئامبارنى ئادەم ئولتۇرغىدەك قىلدى. شۇلارنى قىلغىچە ئۇلارنىڭ ئۆيى دېگىدەك ھالى قالمىدى. قورساقمۇ ئېچىپ تارتىشىپ كەتتى. ئەمما چاي قايناتقۇدەك يا ئوچاق، يا ئوتۇن يوق ئىدى.

شۇ ئەسنادا ئۆيگە دوغىلاق كەلگەن بۇرۇتلۇق كىشى سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى.

— جايلىشىۋېلىشتىڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ.

قاسىم سوپى بۇ ئادەمنى ئەتىگەن ئىشىك ئالدىدا كۆرگەنىدى. ھازىر ئۇقتىكى، بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ تام قوشنىسى گايىت ئاخۇن ئىكەن.

— ھەقاچان چاي - پايمۇ ئىچىشمىگەندۇ، بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپ چاي ئىچىڭلار، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە ئۆزى باشلاپ ئالدىدا ماڭدى.

گايىت ئاخۇننىڭ ئايالى — ئېگىز، ئورۇق ئايالمۇ بۇ يېڭى قوشنىلارنى يىللىق قارشى ئالدى ۋە چامغۇر سېلىپ ئەتكەن سۇيۇقئاش بىلەن مېھمان قىلدى. قورساقنىڭ ئاچقانلىقىدىنمۇ بۇ ئاش قاسىم سوپىغا بەلەكچە تېتىپ كەتتى. كېيىنچە ئۇ خېلى بىر زامانلارغىچە توختىخاننىڭ ئاشۇ كۈنكى سۇيۇقئېشىنى داتلاپ يۈردى.

قاسىم سوپىلارنىڭ گايىت ئاخۇنلار بىلەن تونۇشۇشى شۇنداق باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خۇددى ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن بولۇشۇپ كەتتى. قايسى ئۆيدە ئوبدانراق تاماق ئەتسە يەنە بىرىنى چاقىراتتى. گايىت ئاخۇن ھەر قېتىم ئوتۇن ئەكەلسە تېگىنى قاسىم سوپىلارغا چۈشۈرۈپ بېرەتتى، توختىخان بولسا خۇماخاننىڭ نېنىنى يېقىپ، كىرلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى، قاسىم سوپى بىلەن خۇماخان بۇ قوشنىلىرىدىن تولىمۇ رازى ئىدى.

— گايىت ئاخۇنلارغا قوشنا بولۇپ قالمىغان بولساق نېمە كۈنلەرنى كۆرەتتۇقكىن، — قاسىم سوپى پات - پاتلا شۇنداق دەيتتى.

— بۇمۇ تەلىيىمىز.

— ئاسىيەنى شۇنداق كېلىن قىلىۋالغۇم بار.

— بىزنىڭ ئەخمەتمۇ ئىش - پەش تارتىپ يۈرگەندەكمۇ قانداق؟

— بۇنى بىر دېمەڭلا، ئاسىيەنى ئېلىپ كېتەلمەيدۇ.

— ئاسىيەغۇ بەلەن قىز، مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن...

لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئورۇمچىدىن كەلگەن بىر پارچە ئالاقە ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى، قاسىم سوپى يېزىغا قانداق تۇيۇقسىز چۈشكەن بولسا شۇنداق تۇيۇقسىزلا قايتىدىغان بولدى. ئۆي ئىچى خۇشاللىققا چۆمدى. خۇماخان ھاياجىنىنى باسالماي يىغلىۋەتتى.

ئائىلىدە پەقەت ئەخمەتلا مۇڭلىنىپ قالدى. ئۇ بۇ كۈنلەردە كېچىسى تۇيۇقسىزلا يوقاپ كېتەتتى، ئوشۇق گەپ قىلماستىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپلا قوياتتى، بەزىدە ئۇ نېمىدۇر دېمەكچى بولاتتى - يۇ، لېكىن يەنە يالتىيىپ قوپۇپ تالاغا چىقىپ كېتەتتى. قاسىم سوپىلار ماشىنىغا يۈك - تاقىنى بېسىپ ماڭىدىغان چاغدا گايىت ئاخۇننىڭ ئۆيىدىكىلەر ھەممىسى ئۇزىتىپ چىقتى، قاسىم سوپى شۇ چاغدىلا ئاسىيەنىڭ شۇ نەچچە كۈن ئىچىدە

ئورۇقلاپ، تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، ئۇ ئەخمەتتىن كۆز ئۈزەلەيتتى، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى، ئايرىلىش ھەممىدىنمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاسىم سوپىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

قاسىم سوپى خوشلاشقان چاغدا گايىت ئاخۇنلارغا ئۇرۇمچىگىچە بىرىپلا خەت يازىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى بەرگەنىدى. ئەمما بۇ گەپلەر شۇ «قاراتاش» تىلا قېپقالدى. يېڭى تۇرمۇش، ھىمزەتنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ، ئۇنىڭ گايىت ئاخۇنلارنى ئەسلىگىدەك ۋاقتىمۇ، چولىسىمۇ بولمىدى، بىرەر يىلدىن كېيىن بولسا ئۇ «قاراتاش»نى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى...

مانا شۇ ئىشلارغا ئون نەچچە يىل بوپتۇ، بىر چاغلاردا تۇغقاندەك بولۇشۇپ كېيىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن گايىت ئاخۇننى كۆرۈپ قاسىم سوپى خىجالەتچىلىكتىن نېمە قىلارنى بىلمەي قالدى، خۇددى قەرزداردەك ئوڭايسىزلاندى. گايىت ئاخۇندىن بالىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ دورەم بىر ياخشىلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇ گايىت ئاخۇن بىلەن تەڭ كېچىگىچە مۇڭداشتى. «قاراتاش» تا ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەشتى، قاسىم سوپى خېلىدىن بۇيان بۇتچىلىك ئېچىلىپ يايرىمىغانىدى، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپلا قالدى. لېكىن خۇماخان ئۇنىڭ كەيپىنى باشقىدىن ئۇچۇردى.

— بۇلار خېلى تۇرامدۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ قاسىم سوپى ئۇخلىغىلى كىرگەندە، خۇماخان ئۇلارنىڭ پارىڭىدىن زېرىكىپ بالدۇرلا يېتىۋالغانىدى.

— قانداق؟

— مەن تېخى مۇشۇ يەكشەنبىدە ئاياللارنىڭ چاي ئولتۇرۇشىنى ئۆتكۈزمەكچى ئىدىم. بىزنىڭ ئۆيدە باشلىماقچى بولۇشقان.

— بىرەر ھەپتە كەينىگە سۈرسەڭلەر، چاي دېگەن قېچىپ كەتمەيدۇ، — دېدى قاسىم سوپى خۇش ياقمىغان ھالدا، — بۇلار شۇنچە يەردىن بىزنى پاناھ تارتىپ كەلگەن تۇرسا، بىز ياردەم قىلمىساق كىم قىلىدۇ.

— سىلى ساقاللىرىنى سۈرەپ ئاشۇ بالىنىڭ ئىشىغا ماڭامىلا؟

قاسىم سوپى ئايالىغا ئاچچىقى بىلەن ئالايدى.

— ماڭسام يامان كېتەرمۇ؟ بۇلار بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە ئاز ياخشىلىق قىلدىمۇ؟ بىز تېخى ئۇلار قىلغانىنىڭ ئونىنىڭ بىرىنى قىلمىدۇق، بۇلار كېلە-كەلمەي نېمە گەپ بۇ؟

ئېرىنىڭ تىرىككەنلىكىنى كۆرۈپ خۇماخان يۇمشاپ قالدى.

— ئۇنداقمۇ دېمىدىم، ئەمدى بارغانلىرى بىلەن گەپلىرى ئۆتمەي خىجالەت بولىدىغان ئىش بولامدىكىن دەيمەن.

— قىنى ئۇنىمۇ كۆرۈپ باقارمىز، — دېدى قاسىم سوپى قوپاللىق بىلەن ۋە تەتۇر قاراپ يېتىۋالدى.

ئەتىسى چايدىن كېيىن قاسىم سوپى، گايىت ئاخۇن بىلەن بالىسىنى ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا ماڭدى. ئادەمنىڭ زىچلىقىدىن ئاپتوبۇستا دەسسىگۈدەك يەرمۇ يوق ئىدى، قاسىم سوپىنىڭ دېمى سىقىلىشقا، بېشى ئايلىنىشقا باشلىدى، قېرىشقاندەك كاستيۇمنىڭ بىر پېشى يېنىدىكىلەرنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قېلىپ ئۇنى بىر يېنىغا سۆرەيتتى، ئۇ خېلى ھەپىلىشىپ ئاران دېگەندە پېشىنى سۇغۇرۇۋالدى، ئەمما كاستيۇمنىڭ بىر تۈگمىسى نېمىگىدۇر ئىلىشىپ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالدى. قاسىم سوپى پېنسىيىگە چىققاندىن بۇيان بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىم كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇشى ئىدى. ئىلگىرىكى ئىككى قېتىمدىمۇ مۇشۇ كۈننى كۆرۈپ بۇندىن كېيىن ئاپتوبۇسقا چىقماسلىققا قەسەم قىلىۋەتكەنىدى. لېكىن نېمە ئامال، بۇرۇنقىدەك ئىشىكتە ساقلاپ تۇرىدىغان ماشىنا ئەمدى بولمىغاندىكىن، مۇشۇنىڭغا چىقماي نېمە چارە، قاسىم سوپى ئەلەم بىلەن ئىچىگە تىنىپ قويدى.

ئۇلار ئىككى ئاپتوبۇس ئالمىشىپ قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى جايلاشقان مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدى. مېھمانخانا ھويلىسىدا ئادەم خېلى شالاڭلىشىپ قالغانىدى. قاسىم سوپى ئىلگىرى بۇ يەرگە باللارنىڭ ئىشى بىلەن نەچچە قېتىم كەلگەن، ئىمتىھاننىڭ باشلىقلىرى بىلەنمۇ تونۇشلۇقى بار ئىدى. ئۇ ئۈچ بالىسىنى شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئالىي مەكتەپلەرگە ئۇزاتقانىدى. شۇڭا ئۇ كىملەر بىلەن كۆرۈشۈشنى ياخشى بىلەتتى.

قاسىم سوپى رۇستەمنىڭ ئىمتىھان كىنىشكا نومۇرى يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى-دە، گايىت ئاخۇنلارغا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، دەپ قويۇپ بىناغا قاراپ ماڭدى، شۇ ئەسنادا ئىشىكتىن ئوتتۇرا ياشلاردىكى، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي كىشى ئالدىراپ چىقىپ كەلدى ۋە ھويلىدىكى كىشىلەر ئىچىدىن كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك كۆز يۈگۈرتتى، قاسىم سوپى ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلى ئىمىن تاپتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىزدىمەكچى بولغان ئادىمى — ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىنىڭ مۇدىرى دەل شۇ كىشى ئىدى. ئۇ كىشىمۇ قاسىم سوپىنى كۆردى. لېكىن سالقىنلا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ماڭماقچى بولدى. تۇرقىدىن ئۇ كىمدۇر بىرسىنى ئىزدەۋاتقانىدى. قاسىم سوپىغا ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسى شۇنچىلىك ھار كەلدىكى، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى. باشقا چاغ بولسا ئۇ تۆت ئېغىز گەپنى قىلىپ كېيدەيگىنىگە تويغۇزاتتى، قاسىم سوپى كىم، ئۇ كىم، تېخى ئۆتكەن يىللا ئۇ قاسىم سوپىغا يالۋۇرۇپ بىر ھەپتىگىچە بوسۇغىسىدىن كەتمىگەن نېمە ئىدى. بۈگۈن بولسا ئۇنى تونۇماسلىققا سېلىۋاتىدۇ.

قاسىم سوپى شۇلارنى ئويلاپ ئەلەمدىن بوغۇلدى، لېكىن نېرىدا ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان گايىت ئاخۇن بىلەن رۇستەمگە كۆزى چۈشۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى-دە، مۇدىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى. مۇدىر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خۇش ياقمىغاندەك قىياپەتتە ئاڭلىدى، ئارىلاپ ئەتراپقا قاراپ قوياتتى.

— قاسىمكا، — دېدى مۇدىر قاسىم سوپى ئۇزارتقان نومۇر قەغىزىگە ئېرەڭسىمىگەن ھالدا قاراپ قويۇپ، — نومۇر توشمىسا ئامال يوق، بۇ يىل تۈزۈم بەك قاتتىق، ھازىر

نومۇرى توشقانلارنىمۇ مەكتەپلەرگە ئالغۇزالماي بېشىمىز قېتىۋاتىدۇ. ئاۋارە بولمىسىلا بولارمىكىن...

قاسىم سوپى نېمە دېيىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. مۇدىر شۇنداق دېدى-دە، سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، مېنىڭ جىددىي بىر يىغىنىم بار ئىدى، — دەپلا ئالدىراپ كېتىپ قالدى. قاسىم سوپى خۇددى ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك نومۇر قەغىزىنى تۇتۇپ تۇرۇپلا قالدى. يۈرىكىنىڭ بىر يېرى سىيقىراپ ئاغرىپ كەتتى. ئەلەم، خورلۇقتىن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرارمەن دەپ پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. ئاشۇ كېدىيىپ كېتىۋاتقان ئادەم تېخى ئۆتكەن يىلىلا ئۇنىڭ كەنجى ئوغلىنى 30 نومۇر كەملىكىگە قارىماي ئوقۇتلىق ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلغانىدى، لېكىن ئۇ بۇ خىزمەتنىڭ ھىسابىغا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، لېكىن ئوقۇغان كەسپى قاسىم سوپىلارنىڭ ئىدارىسىگە زادىلا توغرا كەلمەيدىغان ئوغلىنى ئۇنىڭغا تاڭدى. ئۇ ئىش تولىمۇ ئاسان، پەقەت بىر تېلېفون بىلەنلا ھەل بولغانىدى. شۇ چاغدا شۇ مۇدىر: «بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر قانداق ئىش بولسا بىز تەييار قاسىمكا» دەپ ئىتتەك كۈچۈكلەنگەنىدى. ھازىر بولسا ئۇ خۇددى ئىلگىرى تونۇشمايدىغان ئادەمدەك ئۇنىڭغا پرىنسىپلارنى چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ، بۇ پرىنسىپلارنى قاسىم سوپى بىلمەمدۇ؟ ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىلىدۇ، مەنپەئەت، ھوقۇق ئالدىدا بۇنداق پرىنسىپلارنىڭ خۇددى تاڭدىكى تۇماندەك ئۆزلۈكىدىن يوقاپ، ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنداق دېگۈچە تۇپتوغرىلا سېنىڭدە ئەمدى ھوقۇق يوق، لازىمىڭ قالمىدى، دېسەڭ بولمامدۇ، ۋۇ يۈزسىز كاززاپ، نائەھلى، — قاسىم سوپى ئىچىدە مۇدىرنى غەزەپ بىلەن تىللىدى، — توختاپتۇر، مەن تېخى سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىلا كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قالمىدىم، مۇشۇ قىلغىنىڭغا مۇشۇ بالىنى ئالغۇزمايدىغان بولسام قاراپ تۇر.....»

قاسىم سوپى ئەتىسى مۇئاۋىن نازىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈشتى، ئەمما ئۇمۇ پەقەت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا قارىتىپ: نومۇرى يېقىن ئىكەن، پرىنسىپ بويىچە ئويلىشىپ كۆرۈڭلار، دېگەن باغاقچىنى يېزىپ بەردى. قاسىم سوپى بۇنى كۆتۈرۈپ يەنە ئىشخانىغا كەلدى. ھاكاۋۇر مۇدىر خەتنى كۆرۈپ مىيىقىدا ئاچچىق كۈلۈپ قويدى-دە،

— سىلى ئەڭ ياخشىسى رەئىسلەردىن بىرەرسىگە قەستىقلىتىپ كەلسىلە ئىش ئاسانلا پۈتىدۇ، شۇنداق قىلسىلا، — دېدى.

قاسىم سوپى بۇ يەردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆزى ياخشى تونۇشىدىغان ئالىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى، پارتكوم سېكرېتارلىرى بىلەن كۆرۈشتى. لېكىن ئۇلار ھەممىسىلا كېلىشىۋالغاندەك «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى رەسمىيەت ئۆتىمىسە بىزدە ئامال يوق» دېگەن جاۋابنى بەردى. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن ۋەھىمىلىك سوئال ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى، ئۇنىڭ قاپىقى ئېچىلماس بولدى. بۇ ھالنى گايىت ئاخۇنمۇ سېزىپ تۇراۋاتاتتى.

— ئۆزلىرىنى تولا ئاۋارە قىلىپ جاپا سالدۇق، — دېدى گايىت ئاخۇن، بىر كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، — بىز ئەمدى قايتايلىمىكىن.

— نېمىشقا؟ — قاسىم سوپى ئەندىكىپ ئۇستىنىڭ خۇماخانىغا قارىدى. خۇماخان قاپىقىنى سۈزگەن هالدا يەرگە قاراۋالدى.

— هۆكۈمەتنىڭ قانۇنىغا توشماپتۇ، بۇ بالىمۇ بىرەر نومۇرنى ئوشۇق ئالالمىغاندىن كېيىن ئەمدى ئۆز گۇناھى ئۆزىدە، بىزنىڭ يۇرتتا «قوناق شېخىنى بادىر بولماپتۇ، دېهقان بالىسى كادىر» دېگەن تەمسىل بار، شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ بالىمۇ كادىر بولۇش پېشانىسىگە يېزىلمىغان ئىش دېسىلە، هەرقايسىلىرىنى جىق ئاۋارە قىلىپ قويدۇق، سىلىدەك ئادەم هەل قىلالمىغاندىن كېيىن بىز ئاۋارە بولمىساقمۇ بولغۇدەك، بىز قايتىلى ئەمدى.

— ئاران بىر كەلگەندە، نەچچە ۋاقىت تۇرۇشسىلا، يەنە بىر يولىنى قىلىپ باقىلى، — قاسىم سوپى ئوكا يىسىزلانغىنىدىن نېمە دەپ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمىدى، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى بەئەينى بىر گۇناھكاردەك هېس قىلماقتا ئىدى. گايىت ئاخۇن ئۆز قارارىدا چىڭ تۇردى.

— رەهمەت، ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى شۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ كەلگەن، بېرىپ يېغىشتۇرمىساق بىز دېهقان خەق شۇنىڭغا قاراشلىق دېسىلە، ئەمدى ئۆزلىرىمۇ خىزمەتتىن بىكار بولۇپلا، قوشۇن پېششىقلىرىدا خۇماخانىنى ئېلىپ بىزنىڭ يۇرتلارغا بېرىشىپ تۇرۇپ كېلىشسىلە، سەهرامۇ ياخشى بولۇپ قالدى.

قاسىم سوپى قانچە تۇتسىمۇ گايىت ئاخۇن ئۇنىمىدى، شۇ ئارىدا خۇماخان ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئۇلارغا تەييارلاپ قويغان ئادەمگەرچىلىكنى ئەكىلىپ قويدى. قويۇلغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ قاسىم سوپىنىڭ چىرايى ئۆزگەردى. ۋوجۇدىغا مۇزدەك پىتىرەك ئولاشتى، ئۇ ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى.

— مېگىنىشىڭلار تويۇقسىز بولۇپ قالدى، ئەسلىدە تۇرساڭلار بولاتتى، — دېدى قاسىم سوپى ئوكا يىسىزلانغان هالدا، ئۇنىڭ كۆزى رۇستەمنىڭ غەمكىن، مۆڭلۈك چىرايىغا چۈشۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، — ئوغلۇم، روهىڭنى چۈشۈرمە، بۇ يىل بولمىسا كېلەر يىلى باشقىدىن ئوقى، ئوبدان تىرىش، مەنمۇ بالدۇرراق بىر يولىنى قىلىپ تۇرىمەن، راست، ماقۇلمۇ؟

رۇستەمنىڭ چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى، ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى. لېكىن بېشىنى يەردىن كۆتۈرمىدى، ئۇ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، — دېدى گايىت ئاخۇن، ئاندىن دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

گايىت ئاخۇنلار كەتتى. قاسىم سوپىنىڭ يۈرەك كېسىلىگە يېڭى بىر كۆڭۈل ئاغرىقى قوشۇلدى. ئۇ خېلى كۈنلەرگىچە گايىت ئاخۇنلارنى كۆڭلىدىن چىقىرالمىدى.

5

قاسىم سوپى ئەمدى يەكشەنبە كۈنىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تاقەتسىزلىنىك بىلەن كۈتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ كۈنى ئۇ ئۆزىگە بارغانچە قەپەستەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتقان

ئۆيىدىن ئازاد بولۇپ ئاتوي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا بارىدۇ، ھازىر ئۈرۈمچىدە ھەم-
مە ئېغىلىشلارنى يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى، ئىلگىرى ئۇ
گەرچە ئاستىدا ماشىنىسى بولسىمۇ باغاقىنىڭ جىلمىقىدىن كۆپىنچىسىگە بارالمايتتى، ھا-
زىر ئۇ ئىمكانىيەتلىك يەرگە ئېرىنمەي بارىدىغان بولدى، چۈنكى ئۇ توي - تۆكۈن باھانى-
سىدا تونۇش - بىلىشلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، بىردەم - يېرىم دەم مۇڭدىشىدۇ، جەمئىيەتتىكى،
ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئارىسىدا بولۇۋاتقان يېڭىلىق، ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر
تاپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىدۇ.
پاۋادىل يافاق كەلمەي قالغان تەقدىردىمۇ يەكشەنبە كۈنى باللار، نەۋرىلەر چوڭ ئۆيىنى
يوقلاپ كېلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاسىم سوپى يالغۇزلۇق، زېرىكىشلىكتىن ئازاد بولۇپ،
بىر كۈن كۆڭۈللۈك ياشاپ قالىدۇ، ئۆي ئىچىمۇ خۇددى ھېيت بولغاندەك جانلىنىپ
قالىدۇ.

بۈگۈن مانا يەكشەنبە، نېمىشقىدۇر بۇ يەكشەنبە ياخشى كەلمىدى: قاسىم سوپى
باغاقلارنىڭ بۇرۇنقىدىن بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتاتتى، ئۇ ئاخشام ئاد-
يالىدىن باللارنىڭ كېلىدىغان خەۋىرىنى ئاڭلىدى، شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى كۈنلەردىن
ئەتىگەنرەك تۇرۇپ، خۇماخاننى بازاردىن بىر نەرسىلەرنى ئېپكېلىپ قويۇشقا ئالدىراتتى،
خۇماخانغا گۆشلەرنى پارچىلاپ ياردەملىشىپ بەردى.

سائەت ئوندىن ئاشقاندا بىرىنچى بولۇپ چوڭ ئوغلى ئەخمەت چىرايى ساپ-
سېرىق، كۆكۈش كۆزى كىشىگە چېكەتكىدەك قادىلىپ قارايدىغان ئورۇق ئايالى بىلەن
10 ياشلار چامىسىدىكى چىراي تۇرقى ئاپىسىغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىغان
قىزىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. جىمجىت ئۆي ئىچى بىردىنلا ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولدى.
قاسىم سوپى نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ ئەركىلەتتى:

— ۋاي، مېنىڭ قىزىم قالتىس نوچى بولۇپ كېتىپتىغۇ، — دېدى ئۇ نەۋرىسىنىڭ
ئۇستىدىكى چۆرىسىگە تور تۇتقان گۈللۈك كۆڭلەكنى كۆرۈپ.

— سوۋغىتىڭىزكى، — دېدى قىز خۇشلۇقىنى باسالماي.

— شۇنداقمۇ؟

ئەخمەتنىڭ ئايالى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— شىرىپ ئاكامنىڭ سوۋغىتىن قېيىن ھەدىسى كەلگەنتى، ئۈلۈشكۈن بىز ئۆيىگە چا-
قىرىۋالغانىدى، چېگرىدىن ھېچ نەرسىمىزنى ئۆتكۈزمىدى، دەپ، مۇشۇ كۆڭلەك بىلەن روباش-
كىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، كۆڭلەككۇ دىلنۇرغا ئوبدان كەلدى، روباشكىسى خۇدا-
يىم بار تاغاردەكلا بار.

— ئەمسە ماڭا كېلەمدۇ - نېمە؟ — خۇماخان ئىتتىك سورىدى.

رىزۋاننىڭ چىرايى بىر ئۆڭۈپ ئىززىغا چۈشتى.

— سىلىگىمۇ چوڭ، — دېدى ئۇ تەرىنى پورۇشتۇرۇپ، — ئۆزبېكچە چاغلاپ ئالغان
بولسا كېرەك، ئۇ ئايال دېگەن سىلىدەك ئىككى ھەسسە كېلىدۇ، مانتا ئەتكەن،
ساناپ تۇرسام مانتىدىن ئونبەشىنى يېدى، قاچان سافا سۇنۇپ كېتەركىن دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆزۈم تۆت، خەقلەرمۇ دەيدىغان، راستتىنلا ئۆياقنىڭ ئاياللىرى قىلىقسىز سەھ-
رىيىدىكەن، تېخى ئاخشىمى تارتقان خورىكچۇ ھە ئەخمەت؟!... — ئۇ ئېرىنىڭ
قايسى ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقالماي قاتار ئىشىكلەرگە بويۇنداپ قاراپ
قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ۋاي خۇدايىم، سوۋېتلىك دېگەننى كۆتمەكمۇ
بىر مۇشكۇل ئىكەن... ھە راست ئاپا، ساتىدىغان ئۆتۈكلىرى بار ئوخشايدۇ، سىلى
ئالامىلا؟

قاسىم سوپى ئەمدى گەپنىڭ نېمىگە قاراپ يۆزلىنىدىغانلىقىنى سېزىپ ئېرىقى ئۆيگە — ئوغلى ئەخمەتنىڭ قېشىغا كىردى. ئەخمەت دىۋالدا ئولتۇرۇپ كېزىت كۆرۈۋاتاتتى، ئۇ پات-پاتلا گېزىتتىن بېشىنى ئېلىپ كارىدوردا ئاۋازىنىڭ بارىچە چاقىلداپ سۆزلەۋاتقان ئايالىغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قوياتتى، قاسىم سوپى ئوغلىنىڭ ئايالىنى تولا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرىدىن بىلەتتى، راستىنى ئېيتقاندا بۇ كېلىنىنىڭ مىجەزى، قىلىقلىرى قاسىم سوپىغىمۇ ياردىمايتتى، كىيىم دېسە ئۆلۈپ بېرەتتى، ئۆي بىلەن ئانچە كارى بولمايتتى، تويىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ پات-پاتلا غىدىلىدىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قاسىم سوپى بۇ ئىشتا خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ خۇماخانغا تاپا قىلدى:

— مانا تاپقان كېلىنىڭلار، — دېدى بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئايرىلىشماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇماخانغا ئاچچىقلىنىپ.

— بىزنىڭ ئەخمەتتىمۇ بار. ھازىر ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسىلا خېتىڭنى ئال دەيدىغان بولۇۋالدى.

— زادى باشتىلا قىلمايدىغان توي ئىدى، ئەخمەتنى ئۆزىمىز زورلاپ قويدۇق.

— ئەخمەتنىڭ رايىغا بارساق ئاشۇ سەھرالىق ئاسىيەنى ئېلىپ بەرسەك بولادۇ، — خۇماخان ئاغرىنىش بىلەن دېدى، — مەنمۇ سىلىنىڭ ئابرويلىرىنى ئويلىدىم، خەق نېمە دەيدۇ، قاسىم سوپىغا شەھەردىن كادىرنىڭ بىرەر قىزى چىقماي ئوغلىنى سەھرادىن ئۆيلەپتۇ، دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشىدۇ، بۇنداق گەپنى كۆتۈرۈش ئابرويمۇ؟ رىزۋانمۇ يامان قىز ئەمەس، ئۇمۇ يوغان بىر نازىرنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى، ئەخمەتتىن قېلىشقۇچىلىكى يوق، خىزمىتى بار، بولمىدىمۇ، سىلى بۇ ئىشقا بېشىڭلىنى قاتۇرماڭلا، ئۆزلىرى ئوڭشىلىپ قالىدۇ.

خۇماخان دېگەندەك ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كېيىنچە تۈزۈلۈپ قالدى. بالىلىق بولدى، مانا ئۇلار ئۆي تۇتۇشقىلى ئون يىل بولدى. تىنچ كېتىۋاتىدۇ، لېكىن ئەخمەت بولسا كۈندىن-كۈنگە شۇكلەپ، جىمغۇر بولۇپ قالدى.

بىر كەمدە ئاياللار ئېرىقى ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى-دە، رىزۋاننىڭ قولاقنى يارغۇدەك ئاۋازى بېسىقتى، قاسىم سوپى ئوغلىنىڭ جۇدەڭگۇ چىرايىغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— كاينىت ئاخۇنلار كېلىپ كەتتى.

ئەخمەت گېزىتتىن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى.

— قاچان؟
— بىر ھەپتە بولدى.
— نېمىشقا كەپتۇ؟
— كەنجى ئوغلى داشۆگە ئىمتىھان بەرگەنىكەن، شۇنىڭ ئىشى بىلەن كەپتۇ.
— قانداق بولدى، قايسى مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ؟
— ئۆتەلمىدى، — قاسىم سوپىنىڭ چىرايى يېقىمسىز تۈرۈلدى، — يېرىم نومۇر كەملەپ قاپتۇ.
— يېرىم نومۇر؟ سىز مېڭىشىپ بەرمىدىڭىزمۇ؟
— ھەي بالام، بۇ يىل بەك چىڭ بولۇپ كېتىپتۇ، ئامال بولمىدى.
ئەخمەت كۆڭلى قالغاندەك بولۇپ خورسىندى.
— ماڭا خەۋەر قىلىپ قويغان بولسىڭىز بوپتىكەن دادا، بىزنىڭ يېقىن ئاغىنىلەردىن بىر ـ ئىككىسى بۇ يىل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا چىققانتى ئەمەسمۇ، بىر ئامالىنى قىلغىلى بولاتتى، تۈزۈمنى مىڭ چىڭ دېگەنبىلەن ئىپىنى قىلغانلار يەنىلا ئۆتۈپ كېتىۋاتمامدۇ، بىزنىڭ ياقۇپ مۇدىرنىڭ قىزى ئىككى يۈز يەتمىش نومۇر ئالغانتى، تونۇگۈن ئاڭلىساق تېخى ئىچكىرىدىكى بىر ئالىي مەكتەپكە كېتىپتۇ، ھازىر يەنىلا شۇ...
قاسىم سوپىنىڭ يۈزى خۇددى ئۆمۈچۈك ماڭغاندەك چىمىلداپ كەتتى، ئوغلىنىڭ گەپلىرى ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلىپ كۆڭلىنى غەش قىلدى، مانا ئەمدى بالىلارمۇ ئۇنى قولىدىن ئىش كەلمەس ئادەمگە چىقىرىۋاتىدۇ، ئەخمەت كۆڭلىدە ماڭا نېمىشقا دېمىدىڭ دەپ دادىسىدىن ئاغرىندى. دەرۋەقە ئەخمەتكە نېمىشقا دېمىدىم، ۋاي ئىست، ئىست...
دالانىڭ ئىشىكى ئالدىراش چېكىلدى، ئۆيگە قاسىم سوپىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئادىل ئالتە ياشلار چامىسىدىكى ئوغلىنى باشلاپ كىردى. خۇماخان ئۇنىڭ بىلەن بۆلەكچىلا قىزغىن ئەھۋاللاشتى، نەۋرىسىنى ئەركىلىتىپ سۆيدى:
— ئاۋۇ ئۆيگە كىرىڭ بالام، دىلنۇر ئاچىڭىز قورچاق كۆرۈۋاتىدۇ.
ئوغۇل يۈگۈرگىنىچە تېلېۋىزور بار ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
— دىلئارا كەلمەپتىغۇ؟ — سورىدى خۇماخان ئوغلىدىن.
— ئازراق ئىش چىقىپ قالدى، — دېدى ئۇ كاستيومىنى كىيىم ئىلغۇچقا ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ئاشخانىنى ئىملاپ سورىدى، — نېمە تاماق يەيمىز؟
— پېتىر مانتا قىلايلى دەۋاتىمەن، بىردەمگىچە ئايگۈزەلمۇ كېلىپ قالارمىكىن.
— ئۇ نەگە كەتكەنتى؟
— ئاخشام بىر دوستۇمنىڭ چېيى بار دەپ كەتكەن، بۇ قىز ـ زە، ئەجەب قاقشىتىپ كېتىۋاتىدۇ.
— ھازىر داشۆسىڭىنىڭ ھەممىسى شۇ، سىلەرمىچۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىپ ئالىسىلەر، دادام قېنى؟

خۇماخان بېشى بىلەن مېھمانخانا ئۆيىنى ئىشارەت قىلدى-دە، ئۆزى ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئادىل كىرىپ دادىسى بىلەن ئاكىسىدىن بىر قۇر ئەھۋال سوراپ ئاندىن ئۆزىنى دىۋانغا تاشلاپ ھارغىنلىق بىلەن ئۇھ تارتتى.

— ئاخشام ئىدارىدىكى بىر قانچەيلەننى ئۆيگە چاقىرىۋالغان، شۇلارنى ئۇزىتىمىز دەپ ھېچ ھالىمىز قالمىدى، بىزنىڭ مەي جوزىچاڭ ئاجايىپ ئوچۇق، ئويۇنچى ئادەم ئىكەن، مېھمانلار بىلەن تەڭ ئولتۇردى، تېخى قىزىپ قېلىپ: بۈگۈن تاڭنى ئاتقۇزۇمىز، كىم ئۇخلاپ قالسا كېلەر قېتىم مېھمانغا چاقىرىدۇ، دەپ شەرت چىقاردى. قالتىس ئادەم ئىكەن، سىزنى ئوبدان بىلىدىكەن، دادا، ئاخشام ئۇ بىزنىڭ روزى چۈجاڭنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىنى تەستىقلىغان ھۆججەتنىڭ چۈشكەنلىكىنى دېۋىدى، بىر نەچچىسى قىلارغا قىلىق تاپالماي قېلىشتى، ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا خېلى ئويۇنلارنى كۆرىمىز.

— پېنسىيەنىڭ تەشكىلىي ئىشىڭ قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى قاسىم سوپى ئۇنىڭدىن.

— تەستىقلاپتۇ. ئاخشام مەي جوزىچاڭ ئۆز ئاغزى بىلەن دېدىغۇ، سىزمۇ ئۇ ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ قويسىڭىز بولاتتى، ئۆيگە بىر چاقىرىپ قويامسىلەر-يا؟

قاسىم سوپى ئوڭايسىزلانغاندەك قىمىرلاپ قويدى.

— سەن تېخى ئۇ بۆلۈمگە يېڭىباچىچى تونۇسالىڭ، قانداق بولاركىن، سېنىڭدىن كونا، قابىلىيىتى يۇقىرىلار باردۇ؟

— ھەي دادا، سىزمۇ قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ئىقتىدارى، يەنە بىر نېمىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە كەپتۇ. مۇھىمى باشلىقنىڭ كۆڭلىگە ياقسىڭلا قابىلىيەتلىك دېگەن شۇ، شۇنداقمۇ ئاكا؟ سىز دىققەت قىلدىڭىزمۇ دادا، ھازىر نۇرغۇن ئادەم ئەمەلدار بولۇشنىڭ كويىغا چۈشتى، بۇ بىر ئېقىم، چۈنكى ئەمەلدار بولسا ھوقۇقلۇق بولىدۇ، ئۆي، ئۈنۋان، مۇئاش ھەممىسى شۇ ئەمەلگە باغلىق، ئەمەلدار بولمىغاندا پۇلۇڭ، ئىقتىسادىڭ بولۇشى كېرەك، ئۇ چاغدا سەن پۇلۇڭ بىلەن خېلى نەرسىلەرنى ھەل قىلالايسەن، مەن ئۆز ۋاقتىدا ئوقەتچى بولۇپ كەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىمەن، ئەمدى كېچىكتۇق، ھازىر گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا ئەمەل ئېلىش كېرەك، قانداق دادا، ئالدىمىزدىكى ئىشەنبىگە توغرىلايمىزمۇ، مەي جوزىچاڭ چوقۇم كېلىدۇ...

باياتىن گېزىتتىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغان ئەخمەت ئىنىتىك دادىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا تەئەججۈپمۇ، كىنايىمۇ، يەنە مەسخىرىمۇ باردەك قىلاتتى. قاسىم سوپى ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، شۇ ئارىدا داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەن خۇماخان ئادىلنىڭ تەرىپىنى ئالدى:

— چاقىرىپ قويايلى، — دېدى ئۇ ئېرىگە قاراپ، — ئادىلجان راست دەيدۇ، ھازىر قۇرۇق گەپكە مۈشۈكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ، ئۆزلىرىنىمۇ بىر مىسال قىلسىلا، مانا ئەمەلدىن قېلىۋىدىلا، ھازىر كىم ۋاي دەۋاتىدۇ، شۇنداقلا گەپ...

قاسىم سوپى مۇشكۈل بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك تۇيۇلغاندى. خۇماخاننىڭ ئاخىرقى گېپى ئۇنىڭغا نەشتەر بولۇپ سانجىلدى، ئۇنى سەگىتتى. دېمىسىمۇ توغرا، ئەمدى بالىلارنىڭ ئىستىقباللىنى ئويلىمىغاندا چاقىرىپ قويسىمۇ نېمىسى كېتەتتىمۇ، بولمىسا خۇماخاننىڭ كوت-كوت گېپىدىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟

— مەيلى، — دېدى ئۇ ئاخىرى.

ئادىلنىڭ كۆزلىرى ئويناپ، رازىمەنلىك بىلەن ھىجايدى، خۇماخاننىڭمۇ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ ئىتتىك سائىتىگە قاراپ ئادىلدىن سورىدى:

— تاماق تەييار بولدى، دىلئاراغا بىردەم ساقلاپ باقامدۇق؟

— ياق، ئۇنى ساقلىمايلى، كەلمەيدۇ.

— نېمىشقا؟ — قاسىم سوپى سورىدى.

— بىزنىڭ مەي جۇيجاڭ ئەتە مېھمان چاقىرىدىغان ئوخشايدۇ، ئاخشام ئۇ ئادەم دىلئارا پىچىنە بىر نەرسىلەرنى پىشۇرۇشقا ئۇستا ئىكەن، — ياردەملىشىپ بەرسە دېگەنتى، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى ئاغرىقچانچۇ، شۇڭا ئەتىگەندىلا شۇ يەرگە كەتتى.

ئەخمەت بېشىنى گېزىتتىن ئىتتىك كۆتۈرۈپ، ئادىلغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. قاسىم سوپى ئۇنىڭ بىر قارىشىدىكى ئەيىبلەش، نەپرەتنى ئېنىق ھېس قىلدى. ناۋادا دادىسى بولمىغان بولسا نېمىلەرنى دەۋېتەر بولغىيىدى؟ ئەخمەتنىڭ مىجەزى ئەسلىدىلا ئۇ مانا مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا ئون نەچچە يىل بولدى، مەكتەپنىڭ قاۋۇل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىرى، لېكىن نېمىشقىدۇر ھازىرغىچە بىرەر گورۇپپىغىمۇ باشلىق بولالمىدى، ئۇ بۇ توغرىلۇق تىنىپمۇ قويمايدۇ، ئادىلچۇ، ئۇ ئەسلىدە دېھقانچىلىق كەسپىنى ئوقۇغانىدى، ئەمما كەسپىنى بىر كۈنمۇ ئىشلىمىدى، خىزمەتكە چىققان سەككىز يىلدىن بۇيان تۆت ئىدارىگە يۆتكەلدى، ھازىرقى ئىدارىگە كەلگىنىگە تېخى بىر يىل بولمىغانىدى، مانا بۇ يەردە تەلىيى ئوڭ كەلگەندەك تۇرىدۇ، بۇ تۇرقىدا باشقارما دەرىجىلىك كادىر بولۇش ئېھتىمالى بار. قاسىم سوپى بىر تۇرۇپ ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى، بالىلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ ئادىللا ئۇنى دورىدى، ئۇنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىد چوڭ، لېكىن شۇنىسى ئايالىنى چىڭراق تۇتالمايدىغىنى بولمايدۇ....

— ئادىل ئىدارىسىدىكى يېڭىلىقلارنى سۆزلىمەكتە ئىدى:

— بىزنىڭ مەي جۇيجاڭ ئاجايىپ ئادەم ئىكەن، — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن، — بۇ ئادەم كەلگەندىن بۇيان ئىدارىنىڭ قىياپىتى ئاجايىپ تېز ئۆزگەردى، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن.

ئەخمەت مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سورىدى:

— قانداق ئۆزگەرتىۋەتتى؟

— قانداق دەمسەن؟ — ئادىل كۆزىگە يېپىلىپ چۈشكەن چېچىنى قولى بىلەن كەينىگە قايرىۋېتىپ، قىزىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئىدارىنىڭ ئىلگىرىكى باشلىقلىرى ئىشچى — خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى، پاراۋانلىقى بىلەن قىلچە كارى يوق، ھە، ھۆ دەپ

www.uyghurkitap.com

خىزمەتتىنلا تۇتاتتىكەن، پەقەت ھېيت - بايراملاردىلا ئاز - تولىدىن بىر نەرسە ئېلىپ بېرىدىكەن، مەي جۇيجاڭ كەلگەندىن بۇيان ھازىر باشقىچە بولۇپ كەتتى. ئىدارىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئىشخانىلارنى بىكار قىلىپ، ماگىزىن، رەسىمخانا قىلغۇزدى، ئىشخانىدىن 2 - 3 ئادەمنى مەخسۇس مۇشۇ دۇكانلارنى باشقۇرۇشقا ئاجراتتى، ئۇ ئادەم ئۇلار بولمىسىمۇ ئىدارىنىڭ ئىشى توختاپ قالمايدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاڭلىساق ھازىرغىچە 40 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇپتۇ، ھازىر بىزگە ھەر پەسىلدە مۇكاپات تارقىتىۋاتىدۇ، ئۇ ئادەم كېلەر يىلى بىر مېھمانخانا سېلىپ تىجارەت قىلدۇرىمەن، ئاندىن ئاستا - ئاستا شارائىت ھازىرلاپ، بىرەر شىركەت قۇرۇۋالساق دەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قالتىس پىلانلىرى بار ئىكەن...

— ئۇنداقتا سىلەرنىڭ ئىدارىڭنىڭ كەسپى ئۆزگىرىپتۇ - دە، — ئەخمەت مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى.

— نېمىشقا ئۆزگىرىدۇ؟ — ئادىل قىزىشتى، — ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن كېتىۋېرىدىغان گەپ، ھازىر كەسپىي خىراجەت يوقنىڭ ئورنىدىلا، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرساڭ ماشىنىلا رازى بولساڭ بولىدۇ. كۈنۈڭ غورىگىل ئۆتىدۇ. ئېپىنى تاپالىغانلار تۈرلۈك يوللار بىلەن پۇل تېپىپ، يۇقىرىنىڭمۇ بېشىنى ئاغرىتماي، ئاممىنىمۇ خۇش قىلىۋاتىدۇ، ھازىر كىم پۇل تاپالىسىلا شۇ نوچى.

ئەخمەت دىمىقىنى قېقىپ كۈلدى:

— قالتىس ئىكەن، — دېدى ئۇ.

— ئىشقىلىپ سىلەرنىڭ باشلىقىڭلاردىن ئۆلۈكى ئارتۇق، — ئادىل كىنايە بىلەن كۈلدى.

— بىزنىڭ باشلىقلار ئۇنى دورىمايلا قويسۇن، بولمىسا ھەممە ئادەم پۇل تاپىمەن دەپ يۈگۈرسە باللارنى كىم ئوقۇتىدۇ؟

— سىلەر شۇنداق دەپلا ئۆتىسىلەر، ھازىر بىز قايسى يىلدا كېتىۋاتىمىز، بۇنىڭ بىلەن كارىڭلار يوق، ھازىر دېگەن رىقابەت دەۋرى.

— سېنىڭچە رىقابەت دەۋرىدە ھەممە ئادەم سودىگەر بولۇشى كېرەككەن - دە؟!

ئادىل قولىنى سىلكىدى:

— سەن چۈشەنمەيدىكەنسەن، سەن باللارغا تۆت ئەمەلنى ئۆتسەڭلا بولىدۇ، — ئادىل ئەخمەت بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى خالىماي دادىسىغا مۇراجىئەت قىلدى، — دادا، سىز دەپ بېقىڭا، مەي جۇيجاڭنىڭ قىلغىنى خاتامۇ؟

قاسىم سوپى ئوغلى سورىمىسىمۇ باياتىن بېرى ئىككى ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئىچىدە مۇھاكىمە قىلىپ، ئەقىل تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ ئولتۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ شۇ تاپتا قايسىسىنىڭ پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئاڭقىرالمايلا قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەخمەت ياۋاش، ئۆزىنىڭ ھازىرقى خىزمىتىگە قانائەتلىنىدۇ. تۇرمۇشتىمۇ ئارتۇق تەلىپى يوق، بۇ تەرىپى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ، باللارنىڭ ئىچىدە چوڭ ئۆيگىمۇ ئەڭ كۆيۈنىدىغىنى شۇ، لېكىن بىرلا يېرى ئادىلدەك تۇرمۇشقا ئېپى يوق. ھازىر ياۋاشلىق بىلەن جان باققىلى

بولامدۇ؟ قانچە ياۋاش، قانچە قانائەتچان بولساڭ شۇنچە زىيان تارتىسەن. قاسىم سوپىنىڭ خىيالى ئۆزى خىزمەتكە قاتناشقان يىللارغا كەتتى: بىز خىزمەتكە قاتناشقان چاغدا ياۋاشلىق بىر ئارتۇقچىلىق ھېسابلىناتتى، خىزمەتتىن باشقىنى ئويلىمايتتۇق. 50 كوي مائاشقا قانائەت قىلاتتۇق. ئۇ دەۋر شۇنداق بىر چاغلار ئىكەن، كېيىنچە جەمئىيەت، تۇرمۇش ئاستا ـ ئاستا ھەممىنى ئۆزگەرتتى، زامانغا قاراپ ئىش قىلمىساڭ بىر چەتتە قېقىلىپ قالىدىغان گەپ ئىكەن... ئادىلنىڭ كەسپىي بىلىمى يېتەرلىك بولمىغىنى بىلەن جەمئىيەت ھەققىدىكى بىلىمى خېلى چوڭقۇر دەك قىلىدۇ، ياشاشنىڭ يوللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەندەك قىلىدۇ، ھازىر راستىنى ئېيتقاندا قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل. بولمىسا ئەخمەت ھازىرغىچە بىر يېرىم ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرمىغان بولاتتى، مانا مەن ئۆزۈم قانچىلىك ئوقۇغان، پەقەت كەچ كۇرستا ساۋات چىقارغانتىم، لېكىن شۇنچە يىل بىر نازارەتنى پىرقىرىتىپ يۈردۈم، ماڭا قارىغاندا ئادىلنىڭ قانداقلا بولمىسۇن ئالىي مەكتەپنى تۈگەتتى دېگەن دىپلومى بار، بۇ تۇرقىدا ئۇنىڭدا ئۈمىد بار، مېنىڭ ئىزىمنى مۇشۇ باسىدىغاندەك تۇرىدۇ، ساڭا قايىل مەن ئوغلۇم، ھەممە ئىشىڭ بولىدۇ، لېكىن... ئايالىڭنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىدىغان يېرىڭ بولمىسۇن. بۇ تەرىپىڭ مېنى دورىمىدى...

ئەخمەت بىلەن ئادىل دادىسىنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى، قاسىم سوپى چېچىلغان پىكرىنى يىغىشقا تىرىشتى. ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران، يېقىنقىچىلىك ئۇنىڭ خىياللىرى تولا چېچىلىدىغان، ھېلىلا ئويلىغان نەرسىنى بىر دەمدىلا ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، بۇ ياكى قېرىغانلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى ئىچ پۇشۇقىدىنمۇ، ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. مانا باياتىن ئادىلنىڭ سوئالىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى، بىر دەمدىلا ئۇنىڭ ئويىغا باشقا ئىشلار ئارىلىشىپ كەتتى، ھە...توغرا مەي جۇيجاڭنىڭ گېپىنى قىلغانىدى — ھە؟!...

تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشى ئۇنىڭ ئاران ئېسىگە ئالغان پىكرىنى ئۈزۈۋەتتى، ئادىل تېلېفوننى ئېلىپ ئىتتىك دادىسىغا ئۆرۈلدى:

— دادا، سىزگە كەپتۇ.

قاسىم سوپى ئېرىنچەكلىك بىلەن تېلېفوننى ئالدى. ئۇ دەسلەپ تېلېفون بەرگۈچىنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەندەك قايتىلاپ سورىدى. بىر دەمدىن كېيىن چىرايى ئۆزگۈرۈپ، تۇرۇپكا تۇتقان قولى تىترەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ئەخمەت سېزىپ قالدى ـ دە، ئىتتىك قوپۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نېمە بولدىڭىز دادا؟ كىمدىن كەپتۇ؟

قاسىم سوپى غال ـ غال تىترەپ سەنتۈرۈلدى. دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى، بۇ تويۇقسىز ئۆزگىرىشتىن ئىككى ئوغۇل چۆچۈپ كەتتى.

— دادا، نېمە بولدىڭىز؟

— تېلېفون نەدىن كەپتۇ؟...

بۇ ئەنسىزچىلىكنى ئاڭلاپ ئاشخانىدىن خۇماخان بىلەن رىزىۋانىمۇ يۈگۈرۈشۈپ

www.uyghurkitap.com

چىقىشتى. قاسىم سوپىنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى.

— ئايگۈزەل...— دېدى ئاخىرى ئۇ زۇۋانغا كېلىپ، — ئاخشام بىر ئىش چىقىرىشقان ئوخشايدۇ... ساقچى ئىدارىسى تېلېفون بېرىپتۇ...

— ۋاي خۇدايىم، — خۇماخان چىرقىرىدى، — نېمە دەيدىغاندۇ بۇ ئادەم، ۋاي ئەمدى قانداق قىلىمەن، نېمە رەسۋاچىلىق بۇ؟... بىزنى تىرىك ئۆلتۈردۇڭغۇ جۇۋايىنىمەك... ۋاي ئەمدى قانداق قىلاي؟...

خۇماخان ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاشقا باشلىدى، قاسىم سوپى بولسا نېمە قىلىشىنى بىلمەي بوغۇلاتتى، ئاخىر ئۇ خۇماخانغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— نېمە كاكىرايسەن!... ھەممىنى قىلغان سەن، ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىپ مانا ئەمدى تازا خۇلاسە چىقتى... ئوبدان بولدى...

ئەخمەت ئاستا سورىدى:

— قايسى پەيچۇسودىكەن؟

قاسىم سوپى ئېغىر بىر خورسىندى.

— كونىشەھەر پەيچۇسودا ئوخشايدۇ... ئادىل ئىككىڭلار بېرىپ بېقىڭلار.

ئىككى ئوغۇل ئالدىراپ چىقىپ كەتتى، ئۆي ئىچىنى كۆڭۈلسىزلىك قاپلىدى، ياتاق ئۆيدىن خۇماخاننىڭ مىشىلداپ يىغلىغان ئۈنى كېلەتتى.

6

بۈگۈن قورۇ ئىچى ئاۋاتلىشىپ كەتتى. قاسىم سوپى ئولتۇرغان بىنانىڭ ئالدىدىكى مەرىكە زالىغا كىرىپ-چىقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، زال ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىغا قاتار ئورۇندۇقلار قويۇلغان، ئۇنىڭدا قېتىپ كىيىنىشكەن سالاپەتلىك كىشىلەر ئورۇن ئالغانىدى. زالنىڭ ئالدىدىكى مەيدان رەڭگارەڭ كىچىك ماشىنىلار بىلەن توشۇپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

بۈگۈن بۇ يەردە يېڭى نازىر ئوغلىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. قاسىم سوپى تويدىن بالدۇرلا يېنىپ چىقتى. ئايگۈزەلنىڭ خاپىلىقىدىن كېيىن ئۇ تالا-تۈزگىمۇ كەمدىن-كەم چىقىدىغان، تونۇش-بىلىشلەردىن ئۆزىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇچراشقان كىشىلەر ئۇنىڭغا گويا بىر قىسما قاراۋاتقاندەك، قىزىنىڭ ئىشىنى سورايدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى، قاسىم سوپى بۇ سەتچىلىكنى شەھەرگە پۇر كەتتى، دەپ ئىشىنەتتى ۋە بۇ ئىش ئېسىگە كەلسىلا يۈرىكىگە تېخىمۇ قاتتىق ئاغرىق كىرىپ كېتەتتى. —

ئۇ دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ قورۇدىكى تاماشىنى كۆرمەكتە ئىدى. ئانچە چوڭ بولمىغان قورۇ ئىچى مېھمانلار بىلەن بەئەينى بازارغا ئايلانماقتا، بىر-بىرىدىن ھەشەم كىچىك ماشىنىلار كەينى-كەينىدىن كىرىشمەكتە ۋە ئۇنىڭدىن قاسىم سوپىغا تونۇش بولغان چىرايلار-كاستيۇمنى ئۈستۈپ چىققۇدەك قورساق سالغان، باشلىرىغا شۇ كۈنلەردە مودا بولغان چەت ئەلنىڭ شلەپىسىنى كىيىشكەن، يۈزلىرى پارقىرىغان ئەرلەر

بىلەن پۈتۈن ئەزايى چەت ئەلنىڭ كىيىملىرى بىلەن پۈركەلگەن، چاچلىرىنى بۈدۈر قىلىپ بويىۋالغان ئاياللار سالاپەت بىلەن ھال تارتىشقان ھالدا چۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار خۇددى تىياتىر كۆرۈشكە ماڭغان تاماشىبىنلاردەك سۆلەت بىلەن ئاشخانىغا قاراپ ئاقماقتا. توي ئىگىسى — دوغىلاق كەلگەن يېڭى نازىر قورۇغا كىرىۋاتقان ھەربىر ماشىنىغا ئىپتىخارلىق بىلەن زەن سېلىپ بويۇندايتتى، مەمنۇنلۇق بىلەن ھىجىياتتى.

مېھمانخانا ئۆيگە ياسىنىۋالغان خۇماخان كىردى. ئۇ ئەتىگەندىلا ھەمكارلىشىپ بېرىشمەن دەپ زالغا چىقىپ كەتكەنىدى.

— تويغا كىردىڭمۇ؟ — ئۇ ئېرىگە يېقىن كېلىپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى قاسىم سوپى خۇش ياقمىغان قىياپەتتە.

— بالدۇرلا يېنىپ كىردىڭمۇ؟

قاسىم سوپى ئايالىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. كۆڭلىدە بولسا خۇماخانغا ئاچچىقى كەلدى، ئۇ يېنىپ كىرمەي ئۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ، مېھمان كۈتىسۇنمۇ؟ يىتىم بالىدەك بويىنىنى قىسىپ يۈرسۇنمۇ؟ ياق، قاسىم سوپى ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلايدۇ... ئەسلىدە ئۇ قولۇم-قوشنا بولغاندىن كېيىن توي تۈگىگىچە ساھىبخانىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ مېھمانلارنى كۈتۈشنى ئويلاپ ئۆيدىن بالدۇرراق چىققانىدى، لېكىن يېڭى نازىر ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىغا تەكلىپ قىلماستىن مېھمانلار قاتارىدا زالغا باشلىدى، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا ئىدارىسىنىڭ ھازىرقى باشلىقلىرى، باشقا ئىدارىلەرنىڭ نازىرلىرى ئورۇن ئالغانىدى. قاسىم سوپى چۈشتىن يەۋالغاندەك بولۇپ نائىلاج ئىچكىرىگە ماڭدى. ئۇ يەردە بولسا ئىشخانا مۇدىرى ياسىن باشچىلىقىدىكى بىر توپ باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار سەپ تارتىپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ياسىن مۇدىر قاسىم سوپىنى كۆرۈپ خۇددى ئادەتتىكى بىر خىزمەتچى خادىم كىرگەندەك باش لىڭشىتىپلا قويۇپ ئۆزى ئالدىراپ ئىشىككە ماڭدى، قاسىم سوپى قايرىلىپ، ياسىننىڭ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان مۇئاۋىن باش پروكورور بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، قاسىم سوپىغا ياسىننىڭ مۇئامىلىسى قاتتىق ئەلەم قىلدى. ئۇ ئۆتتۇر كەلگەن بىر ئۇستەلگە ئولتۇرۇپ، ئەكەلگەن ئاشقىمۇ كۆڭۈلسىزلا ئاندا-مۇندا قول تەگكۈزۈپ قويدى. زالدىن ئۇزاپ چىققاندىمۇ ئۇنىڭغا يېڭى نازىر ئۇنى كۆرمىگەنگە سالغاندەك تۇيۇلدى، قاسىم سوپى خوشمۇ دېمەستىن ئۆيگە يېنىپ كىردى.

مېھمانلار ئۇزۇلمەي كېلىۋاتاتتى. قاسىم سوپى دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ بۇ ھەشەمەتلىك تويغا ئەلەم، ھەسەت بىلەن كۆڭۈلسىز نەزەر سالماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا قورۇغا كەلگەن ماشىنىلاردىن ئۆزگىچە ۋالىلداپ تۇرغان سۇر رەڭلىك «خانتاجى» ماركىلىق پىكاپ كىرىپ كەلدى-دە، زالنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ توختىدى. ماشىنىنى كۆرگەن يېڭى نازىر باشلىق مېھمان كۈتكۈچىلەر گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ماشىنىنى ئوراشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياسىن مۇدىرنىڭ ئېگىز، كېلەڭسىز گەۋدىسىمۇ پەيدا بولدى. ئۇ سېپىلدەك تۇرۇشقان كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئاخىر ئۇ يېڭى نازىرنىڭ يېنىغا ئۆتۈۋالدى ۋە يېنىدىكىلەرنى ئۆزىنىڭ

يوغان كەۋدىسىدە توسۇۋېلىپ، كەلگەن ئەربابىنىڭ قولىنى تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولىدى، ئاندىن چەبدەسلىك بىلەن مېھمانىنىڭ يېنىغا ئۆتۇپ ئەتراپىغا مەغرۇرانە باققان ھالىدا زالغا باشلاپ ماڭدى.

— ئاۋۇ ياسىنىنى قارىسىلا؟ — دېدى خۇماخان بويىنىنى قىقىپ تۇرۇپ، — تۇۋا، ھەجەپ، قاملاشتۇرۇۋېتىدۇ- دە، خۇشامەت دېگەننى، بۈگۈن تويىنى بېشىغا كىيىپتۇ، ئۇ نەدىنمۇ ئۆگەنگەندۇ بۇ ھۈنەرنى...

قاسىم سوپى ئىچىگە تىنىپ قويدى، ئۇنىڭمۇ كۆزى ياسىندا ئىدى، ئۇ ھېلىقى ئەربابىنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمايتتى، تۇرۇپ- تۇرۇپ ئېگىلىپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى. بۇ جەللىگۇر قاچانلاردا تونۇشۇۋالغاندۇر- ھە،— دەپ ئويلىدى قاسىم سوپى ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، — خەقلەرنىڭ ياسىن ئۆيىگە پۈتۈن چوڭلارنى چاقىرىپ مېھمان قىپتۇ، دېگىنى راست ئىكەن- دە، بولمىسا بۇ ئەرباب ئۇنى نەدىن تونۇيدۇ، ھەي، سېنىڭدەك نېمىنى ئىدارىگە يۆتكەپ كەلگەن مەنمۇ ئەخمەق...

قاسىم سوپىنىڭ كۆز ئالدىدا ياسىن بىلەن تونۇشقان چاغلار كېلىشكە باشلىدى، بۇ ئىش بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن بولغانىدى. ئۇ چاغدا قاسىم سوپى ئىدارىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بولۇپ ھوقۇققا كېكىرىپ تۇرغان چاغلىرى ئىدى. خۇماخانىنىڭ قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشلەيدىغان نەۋرە ئاكىسى قىزىنى چىقىرىدىغان بولۇپ قاسىم سوپىلارنى مەسلىھەت چېيىغا ئېيتىپ كەلدى. تۇغقانىنىڭ ئىشى بولغاچقا قاسىم سوپى بىلەن خۇماخان چاقىرغان باشقا يەرلەرنى قويۇپ ئۇ يەرگە باردى. ئۆمرى قارا ئىشچى بولۇپ، چوڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتمىگەن ئۆي ئىگىسى قاسىم سوپىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ تەمتىرەپلا قالدى. شۇ ئارىدا مۇشۇ ياسىن پەيدا بولدى- دە، مېھمان كۈتكۈچىلەرنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ قاسىم سوپى ئولتۇرغان ئۈستەلنى نازۇ- نېمەتلەر بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. ئۆزى چاي قۇيۇپ كۈتتى.

— سىلىنىڭ نام- تەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان، ئابلىزكام گەپلىرىنى تولا قىلىپ بەرگەن، — دېدى ئۇ قاسىم سوپىنىڭ يېنىغا كېلىپ،— بۈگۈن- زە، كېلىپ ئابلىزكامنى قاتتىق خۇش قىلىۋەتتىلە، ئابلىزكام دېگەندەك ئىكەنلا....

ياغدەك سىيلىق سۆزلەر، ھۆرمەت بىلەن ئايرىم كۈتۈش قاسىم سوپىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭغا بۇ يىگىتنىڭ مىجەزى يېقىپ قالدى.

— بۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆي ئىگىسى قېشىغا كەلگەندە ئاستا.

— مېنىڭ قوشنام، بىزنىڭ ئىدارىنىڭ زاپخوزى، — دېدى ئۆي ئىگىسى. ئۇ بۇ ئەمەلدار تۇغقىنىنىڭ قوشنىسىدىن رازى بولغانلىقىغا ئىچ- ئىچىدىن خۇرسەن بولۇپ ئۇنى بىردەم ماختاپ بەردى.

شۇنىڭدىن بىر- ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ بىر كۈنى ياسىن قاسىم سوپىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئەپچىل چېگىلگەن چوڭلا بىر قەغەز ساندۇق بار ئىدى. ساندۇقنى كۆرۈپ خۇماخان ئۇنى مېھمانخانىغا باشلىدى.

— ئىدارىگە ئازراق نەشپۈت ئېپكېلەيلى دەپ كورلىغا بارغانتىم، — دېدى ئۇ

يۈز-كۆزىنى ئېرتىپ تۇرۇپ،— بەلەن نەشپۈت ئۇچراپ قالدى، ئېكسپورتقا دەپ ئايرىپ قويغىنى ئىكەن، سىلىنى ئېغىز تەگسۇن دەپ ئازراق ئالغاچ كەلگەنتىم....

ياسىننىڭ ھېچبىر سەۋەبسىزلا سوۋغات كۆتۈرۈپ كېلىشى قاسىم سوپىنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ياسىنمۇ بۇنى دەرھال سېزىپ ئىزاھات بەردى:

—باشقىچىمۇ ئويلاپ قېلىشمىسىلا، بىز ئابلىزكام بىلەن ئۇرۇق-تۇغقاندەك ئۆتۈشمىز، ئۆتكەندە توي مۇناسىۋىتى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، سىلىنىڭ باشلىقتەكمۇ كىبىرلىرى يوق، كىچىك پېئىل ئىكەنلا، بىز ئىشچى بولساقمۇ ئادەم تونۇيمىز... بىزغۇ سىلىنىڭ خىللىرى ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ بىر پىيالە قۇرۇق چېيىمىزنى ئىچىپ بېرەمدىكىن دەپ ئۆيگە چاقىرىپ كەلدىم، لەۋزىمىزنى ياندۇرۇشمايلا دەپ ئىشىنىمەن...

قاسىم سوپى قانچە ئۆزرە ئېيتسىمۇ بولمىدى، ياسىن قاتتىق تۇرۇپ ئىلتىماس قىلدى. ئاخىرى نائىلاج بېرىشقا ۋەدە بەردى.

ساھىبخان قاتتىق تەييارلىق قىلغان، ئۇستەلگە تىزىلغان ناز-نېمەتلەرنىڭ جىقلىقىدىن چوكا قويغىدەكمۇ يەر يوق ئىدى. ياسىن سازەندىلەردىنمۇ بىر قانچىنى چاقىرىپتۇ، چايدىن كېيىن ئاۋۋال تونۇر كاۋىپى، ئۇنىڭ كەينىدىن پۈتۈن-پۈتۈن پىشۇرۇلغان توخۇ، بېلىقلار تارتىلدى. ياسىن ئۆزى قوش رومكىغا ھاراقنى قۇيۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئېزىز مېھمانلار، — دېدى ئۇ تۆردىكى قاسىم سوپىغا ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ، — بۈگۈن ھەممىمىزنى خۇش قىلىپ قاسىم تىنگجاڭ سورۇنىمىزغا كېلىپ بەردى، بۇ ئادەم خىزمىتىنىڭ شۇنچىلىك ئالدىراشلىقىغا قارىماي لەۋزىمىزنى يەردە قويمىدى، بۇنىڭغا شۇ تاپتا نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ئەمدى تەييارلىقىمىز ئاددىي بولۇپ قالدى، داستىخىنىمىز غورىگىل بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىمىز كەڭ، شۇڭا ئازادە، ئېچىلىپ ئولتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن... ئەمدى ئەدەبسىزلىك بولسىمۇ دەسلەپكى مۇشۇ رومكىنى ئولتۇرۇشىمىزدىكى ھۆرمەتلىك مېھمىنىمىز قاسىم تىنگجاڭ ئىچىپ بەرسە دېگەن ئارزۇيۇم بار.

ياسىن ھاياجاندىن قوللىرى تىترىگەن ھالدا كىچىككىنە پەتنۇسقا تىزىلغان رومكىنى ئېگىشىپ تۇرۇپ قاسىم سوپىغا سۇندى.

ھەممە كۆزلەر قاسىم سوپىغا تىكىلدى، ئۇ ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ رومكىنى قولىغا ئالدى:

— ھاراق ماڭا زىيان قىلاتتى، — دېدى ئۇ خۇددى يىغىنىدا سۆزلىگەندەك سورلۇق بىر ئەلپازدا، — ئەمدى بۇنى ياسىنجان تۇتۇپ قالدى، بوپتۇ، ئىنىمىزنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئىچىپ قويايلى.

رومكا كۆتۈرۈلدى، ئەتراپتىن ماقۇللاش، بارىكاللىلار ئاڭلاندى. ياسىن قولىنىڭ كەينى بىلەن كالپۇكىنى ئېرتىپ تۇرۇپ قاسىم سوپىغا ئىلتىماس قىلدى:

— قاسىم تىنگجاڭ، قېنى، چوڭ-چوڭ ئالسىلا، ماۋۇ كاۋاپتىن...

ئولتۇرۇش ئاستا ـ ئاستا قىزىشقا باشلىدى، تائاملار قويۇلۇپ، ئوزۇلمەي كەينى ـ كەينىدىن كىرىپ تۇراتتى، ياسىن بىر دەم ياندىكى ئاياللار ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ خۇماخانغا ئىلتىپات قىلاتتى، بىر دەمدە يەنە قاسىم سوپىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېمىنى كۆڭۈللىرى تارتىدۇ، قىزىق چاي قۇيۇپ قويای، دەپ پەرۋانە بولاتتى، رومكىلار نەچچە قېتىم ئايلىنىپ قاسىم سوپىنىڭ چىرايى ئالمىدەك قىزارغان پەيتتە ياسىن يەنە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى:

— بۈگۈن قاتتىق خۇش بولدۇم جۇمۇسىلا، باشلىق دېگەن مانا سىلىدەك بولسا بىزدەك ئاددىي ئادەملەرنىمۇ كىچىك دېمەي ئادەم ئېتىپ كەللە ... ئىشلىسە مانا سىلىدەك باشلىقنىڭ قولىدا ئىشلىسە ئادەم، بىزنىڭ بۇ ئىدارىدە ھەممە ئىش تەتۈر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، قابىلىيىتى بارلار كۆمۈلۈپلا، چەتكە قېقىلىپلا يۈرگەن. نەدىكى نان قېپى، گومۇشلار بولسا ئەتىۋارلىنىپ كېتىۋاتقان، بۇ يەردىن شۇنداق تويۇپ كەتتىم، ئادەم زەردىگۈش بولۇپ كېتىدىكەن قارىسىلا...

قاسىم سوپى شىركەيپلىك ئىچىدە ياسىننىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدى، مول، تەملىك نازۇ ـ نېمەتلەر، يېقىملىق ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇنىڭغا قىلىنىۋاتقان ھۆرمەت ـ تەكەللۇپلەر قاسىم سوپىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ياپراتتى، ئۇ خېلى ـ خېلىسى مېھماندارچىلىق ـ ئولتۇرۇشلارغا قاتناشقان، بۈگۈنكى ياسىننىڭ داستىخىنى ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، كەم قالمايتتى، قاسىم سوپىغا بۇ يىگىت قولىدىن ئىش كېلىدىغان دىتى بار تۇيۇلدى.

— بىزنىڭ ئىدارىگە بارامسىز — يا؟ — دەپ سورىدى قاسىم سوپى ئۇنىڭدىن ۋىيۇقسىزلا.

ياسىن ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، بۇ ئادەم چاقچاق قىلىۋاتامدۇ، دەپ ھولۇققان، ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى.

— بىزگە ماشىنىلارنى باشقۇرىدىغان بىر ئادەم لازىم بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز قانداق؟

— چاتاق يوق، مەن ئىلگىرى شوپۇرلۇقمۇ قىلغان، كېيىن كادىرلىققا ئالماشتىم، — ياسىننىڭ كۆزلىرى ئوينىاپ كەتتى، — لېكىن قاسىمكا، پو گەپ ئەمەس، سىلىنىڭ دېگەن يەرلىرىدىن چىققۇچىلىكىمىز بار جۇمۇسىلا، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئابلىزكامدىنمۇ ئۇققۇپ كۆرگەنلا، خىزمەتكە كەلگەندە خېلى ـ خېلىسى بىلەن بەسلىشەلەيمىز، ھازىرقى ئىدارەممۇ يامان ئەمەستى، شۇغىنىسى بىزنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بەلەن زادى ئەپلىشىپ ئىشلىگىلى بولمىدى. ئۆزىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، باشقىلارنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇچىغا چىققان ئىچى تار، خۇشامەتچى ئادەم چىقىپ قالدى، ھە دېسىلا ئادەمنى باشلىقلارغا چېقىپ يامان ئاتلىق قىلىۋاتقان، شۇڭىمۇ بۇ يەردە ئىشلەشتىن بەسىنىپ كەتتىم...

ئىش دەسلەپىدە شۇنداق پۈتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياسىن بىر قوينىڭ گۆشى بىلەن قاسىم سوپىلارنى يەنە يوقلاپ كەلدى. بۇ ئادەم خۇماخانغىمۇ ياراپ قالدى.



— سىلەرنىڭ ئەمەت دېگەن لايىغە زىلىدىن ئۈلۈكى ئارتۇق ئىكەن. بۇنىڭ ئىشخانىغا يۆتكىلىشى بولمامدۇ، — ئەتە-ئۆگۈن پېنسىيىگە چىققاندىمۇ ئەسقاتىدۇ.

قاسىم سوپىمۇ كۆڭلىدە بىر يەرگە كېلىپ بولغانىدى، ئۇ ئەتىسى كادىرلار باشقارمىسىدىكىلەرگە بۇ نامزاتنى كۆرسەتتى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى ھەپتىگە قالماي ياسىن يېڭى ئىدارىدە ئىشقا چۈشتى. ياسىن ئۆزى دېگەندەك ئۇزۇنغا قالماي ئۆزىنى كۆرسەتتى، پۈتۈن شوپۇرلارنى ئاغزىغا قارىتىپ سىزىقىدىن چىقماس قىلىۋەتتى، ئۇ ھەر كۈنى بىر-ئىككى قېتىم قاسىم سوپىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ماشىنا لازىممۇ-يوق، دەپ سوراپ تۇراتتى، ياز بولسا نەمۇ-نەلەردىن سورتلۇق قوغۇن-تاۋۇز، مېۋىلەرنى، قىش بولسا گۆشتىن تارتىپ قېزىغىچە ئۆيىگە ئۆزى ئېپكىلىپ بېرەتتى، راستىنى ئېيتقاندا ئۇ بۇ ئۆينىڭ ئىشلىرىنى ئەخمەت بىلەن ئادىلدىنمۇ جىقراق قىلاتتى. قاسىم سوپىمۇ ئۇنى يۆتكەپ كەلگىنىگە ئىچ-ئىچىدىن رازى بولدى.

لېكىن ئىشخانىنىڭ مۇدىرى ئەمەت ئۇنى قاسىم سوپىدەك ياخشى كۆرۈپ كەتمىدى. ئەمەت ئىدارىگە كونا كادىرلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 30 نەچچە يىللىق خىزمىتى جەريانىدا نۇرغۇن باشلىقلارنى ئۇزىتىپ قويغان، جىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ ئەسلىدە بۇ كەمگىچە ئۆسۈپمۇ قالار ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ تۇك دەپ لەقەم ئالغان مىجەزى كەلگەنلا باشلىققا يارىمايلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇمۇ بۇ مىجەزىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدى، لېكىن باشلىقلارنىڭ خوشى بولمىغىنى بىلەن ئادەتتىكى كادىرلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ھىمايە قىلاتتى، شۇڭلاشقىمۇ ئەمەت «تۇك» يا ئۆرلىيەلمەي، يا چۈشۈپ كەتمەي ئىشخانا مۇدىرلىقىدا ئۇزۇن يىلدىن بۇيان ئولتۇرۇپ قالدى.

ئەمەت «تۇك» بىلەن ياسىننىڭ مۇناسىۋىتى دەسلەپ ماشىنىلارنى ئىشلىتىشتىن بۇزۇلۇپ، كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىپ ئاخىرى بىرى بار ئىشخانىغا يەنە بىرى كىرمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى، ئىشخانىنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ ئىككى سەپ بولۇپ ئايرىلدى. قاسىم سوپى بۇ ئىككىسىگە خېلى خىزمەت ئىشلەپمۇ ياخشىلاشتۇرالمىدى.

ئاخىرى ئەمەت مۇدىر يۆتكىلىش توغرۇلۇق ئىلتىماس قىلدى.

— ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار، — دېدى ئەمەت قاسىم سوپىنىڭ يېنىغا كىرىپ، — مەن بۇ مەككار مۇناپىق بىلەن بىر يەردە ئىشلىمەيمەن، ئىشلەيدىغان ئورۇننىمۇ تېپىپ قويدۇم.

قاسىم سوپى بۇ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەمەتنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى. ئۇ كېتىپ ئۇزۇنغا قالماي ياسىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشخانىغا مۇدىر بولدى...

قاسىم سوپى يەنە دېرىزە ئالدىغا كەلدى، مەرىكە بولۇۋاتقان زال ئالدىدىكى ئادەم توپى ئەمدى خېلى شالاڭشىغان، پىكاپلارمۇ كۆزدىن غايىب بولغانىدى، زالدىن ناگان-ناگاندا توپ-توپ بولۇشۇپ ئاياللار ئۇزاپ چىقاتتى، بىر كەمدە زالدىن بىر-ئىككى ياش يىگىتنى باشلاپ ياسىن ئالدىراپ چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا ئۇزۇن بىر قىزىل تاۋار بار ئىدى، ئۇلار نېرىدىكى بىنانىڭ يېنىغا قاتار توختىتىپ قويۇلغان پىكاپلارنىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە ماشىنىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى قارا رەڭلىك «خانتاجى» ماركىلىق ماشىنىنىڭ چېكىسىگە ھېلىقى قىزىل لاتىنى گۈل چىقىرىپ چېگىشكە باشلىدى، ياسىن يىگىتلەرگە نېمىنىدۇر دەپ قولى بىلەن شەرەت قىلاتتى، تۇرقىدىن لاتىنى قانداق چېگىشنى ئۆگىتىۋاتقاندەك ئىدى.

قاسىم سوپى ئىتتىك يېنىپ دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى، قانداقتۇر، ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقمايدىغان بىر بۇرۇختۇملۇق ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى، ئۆي ئىچى جىمجىت، ئۇماخان «بىردەم قارىشىپ بېرەي» دەپ يەنە توي بولۇۋاتقان زالغا چىقىپ كەتكەنىدى، شۇ چىقىپ كەتكەنچە يوقالدى، قاسىم سوپىغا جىمجىت ئۆي گويا گۆردەك بىلىنىپ مىسكىنلىك باستى، ئۇنى ھەسرەتلىك ئوي-خىياللار چىرمىۋالدى، مانا ئۇ ئولتۇرغان قورۇغا شۇنچە ئادەملەر كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنى قاسىم سوپى تونۇيدۇ، ئىلگىرى ئۇلار قاسىم سوپىنىڭ ئۆيىدە كېچە-كۈندۈزلەپ مېھمان بولۇپ كېتىشەتتى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ بىرەرىمۇ مەيەردە بىر بۇرادىرىمىز بار ئىدى، ئەھۋال سوراپ چىقايلى، دەپ بېشىنى تىقىپ قويۇشمىدى، مەن ئۇلارغا شۇنچىلا نېمە يامانلىق قىلغان بولغىيتتىم؟ توۋا... مەن راستىنىلا ھېچكىمگە كېرىكىم يوق ئادەم بولۇپ قالدىممۇ؟ بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، نېمىشقا ھەممىسى — ئادەملەرمۇ، تەلەيمۇ مېنىڭدىن بىزار، مەن زادى نېمە بولغان ئادەممەن؟...

قاسىم سوپىنى بىر-بىرىدىن ئاچچىق خىياللار چىرماپ ھالسىراتتى، ئۇنىڭ كۆزى ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. پەقەت دالاندا بىرىنىڭ ئۇنىلۇك قىلغان كېپىدىن چۆچۈپ ئويغاندى.

— ئادەم يوقمۇ نېمە؟ — دېدى بىر تونۇشلا ئاۋاز ئىشىكنى ئېچىپ.

قاسىم سوپى ئىڭىرلاشقان بەدىنىنى تەستە كۆتۈرۈپ، ئۆرە بولدى ۋە ئىشىكتە تۇرغان كىشىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. بۇ نەق ئەمەت «تۈك» ئىدى، كاستيۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، گالىستۇك تاقىۋالغان ئەمەت ئۇنىڭ كۆزىگە خېلى ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى ئەمەت قاسىم سوپىنى كۆرۈپ، — ئۆزىڭىز يالغۇزمۇ نېمە؟

ئەمەت يېقىن كېلىپ قول بەردى.

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق قاسىمكا؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— ياق، ئوبدان، ھېلىراقتا كۆزۈم ئىلىنىپ قاپتۇ، — قاسىم سوپى بۇ كۈتۈلـمىگەن مېھماننى كۆرۈپ ھودۇقۇپلا قالدى، — ھە، ئۆزۈڭلارچۇ، ئوبدان تۇرۇۋاتامسـلەر؟ قېنى ئولتۇرۇڭلا.

— خۇداغا شۈكرى، — ئەمەت شىلەپىسنى ئېلىپ يېنىغا قويدى-دە، شالاڭ چېچىنى قولى بىلەن تاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — ئاتىڭىزنىڭ تويىغا كەلگەن، خۇماخاچامنى كۆرۈپ سىزنى سورىسام ئۆيدە بار، دېدى. شۇڭا كۆرۈشۈپ كېتەي دەپ كىرىشىم، مەن تېخى سىلىنى تويدا تۇرۇپ بېرىۋاتقاندۇ، دەپ ئويلىغانتىم.

— ئەتىگەندە كىرىپ چىققان، قارىسام سەل ھېرىپ قاپتىمەن، شۇڭا چىقىپ ياتقانتىم.

ئەمەت يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

— شۇنداق قىلىپ پېنسىيىگە چىقۋالدىم دەڭ، ئەمدى خېلى ئارام تېپىپ قالغانسىز؟

— ھەئە، — قاسىم سوپى ئوڭايسىز بىر ھالەتتە جاۋاب بەردى.

ئەمەت «توك» نىڭ پەيدا بولۇشى قاسىم سوپىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. بۇ نېمە دەپ كېلىپ قالدى؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە ۋە ھەرخىل قىياسلارنى قىلىپ باقتى، — مانا پېنسىيىگىمۇ چىقىپ ھوقۇقتىنمۇ ئايرىلىپسەن، ئەمدى ئىلگىرىكى قىلغانلىرىڭنى يۈزۈڭگە سېلىپ پۇخادىن بىر چىقىۋالاي دەپ كەلدى ھەقىچان، بۇگۈن كۆرگۈلۈكۈم بار ئوخشايدۇ-دە، مەيلى نېمە دېسە دېمەمدۇ، سېنىڭ راست دەپ ئولتۇرارمەن... قاسىم سوپى قوپۇپ ئۆزى چاي قىلدى، ئاندىن تونۇگۈن پىشۇرۇپ قويغان گۆشنى ئېپكىرىپ ئىشكاپتىن بىر بوتۇلكا «ئىلى تېچۈي» ھارىقىنى ئۈستەلگە تىزدى.

— ھوي، ھوي قاسىمكا! نېمە ئىش بۇ؟ — دېدى ئەمەت سەل ئەجەبلىنىپ.

قاسىم سوپى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— سىلى بىلەنمۇ كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى. خۇماخان يوق، قاتتىق-قۇرۇق بولۇپ قالدى. بىردەمگىچە ئۇمۇ كىرىپ قالار، قېنى ئەمىسە، سالامەتلىك ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قويايلى.

رومكىلار ئۈچ قېتىمدىن ئايلانغان چاغدا خۇماخان كىردى ۋە ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمە كارامەت بۇ، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ قىزارغان چىرايىغا قاراپ، — ئەمەت، سىزنى كۆرۈپ بۇزۇلۇپتۇغۇ بۇ ئادەم، يوقلا ئىشنى قىلغىلى تۇرۇپتۇغۇ؟...

قاسىم سوپى ئايالىغا قوپاللا تەگدى:

— گەپنى ئاز قىلىپ غاچچىدە سەي-پەي قورۇڭلا!

خۇماخان ئېرىنىڭ ئەلپازىدىن قورقتى بولغاي، ئارتۇق گەپ قىلماستىن ئاشخانا ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. قاسىم سوپى رومكىلارنى يەنە توشقۇزۇپ قويدى. ئەمەت

رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ گەپ باشلىدى:

— ئاۋۇ ياسىن دېگەن يالاقچى ئەمدى ئاتىغاچاڭنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېتىپتۇمۇ نېمە، قارىسام تويىنىڭ ھەممە ئىشىنى شۇ كۆتۈرۈۋالغاندەك تۇرىدۇ، ھەقىچان سىزنى ئۇنتۇپ قالغاندۇ؟

— قاسىم سوپىنىڭ قاپىقى سېلىنىدى. ئاغىچە چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن خۇماخان جاۋابىنى بېرىۋەتتى:

— ھازىر ياسىن ئاغۇنلارنىڭ بۇ ئادەمدىن ئەھۋال سورىغىدەك چولىسى يوق، ھاجىتى تۈگىدى ـ دە، تۈۋا، ئادەم دېگەنمۇ ئاجايىپ يۈزسىز بولىدىكەن، بۇ ئادەم مەنسەپتىكى چاغدا نېمە ئىشلار بار دەپ كۈنىگە ئون قېتىم كىرىپ تۇراتتى، شۇنداقلا پېنسىيىگە چىقىۋىدى، شۇ كۈنىلا يۈزىنى ئۆرۈدى...

— مەن ئۇنىڭ پەيلىنى دەسلەپ كەلگەندىلا سەزگەن، — ئەمەت خۇماخانغا قاراپ دېدى، — قاسىمكام ئۇنىڭ لولىلىقىنى ئۇقالمىدى ـ دە، خۇشامەتچىنىڭ خۇيى شۇنداق، ئۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە ئەمەس، ئەكسىچە ئەمەلىڭىزگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

قاسىم سوپىنىڭ بۇرۇن تۈشۈكلىرى كېرىلىپ چىرايى تۈرۈلدى.

— ئۇكام ئەمەت، — دېدى ئۇ تىترىگەن قولىدا رومكىنى كۆتۈرۈپ، — بۈگۈن قۇرسىقىڭىزدىكى ھەممە گەپنى دە، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكارمەن... ساڭا ئازار بەردىم. بۈگۈن سەن تىللىساڭمۇ رەنجىمەيمەن...

— ياق، ياق قاسىمكا، مەن ھەرگىز سىزدىن كۆرمەيمەن، بۇ...

— ياق، توختاپتۇر، — قاسىم سوپى قولىنى سىلكىدى، — نېمە دېسەڭ مەيلى... تىللىساڭمۇ مەيلى... مەن ھەممىنى كۆرۈپ قويدۇم، تازا بىلدىم. ھوقۇقنىڭ بارىدا ھېچ نەرسىنى ئۇقماپتىكەنمەن، — جاھان دېگەن مۇشۇنداقلا ئۆتىدىغۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ھوقۇقتىن قېلىۋىدىم، ھەممىسى مەندىن قېچىۋاتىدۇ، تونۇمايدىغان بولۇشتى، يالغۇز ياسىن ئەمەس ھەممىسى. ئېسىت، ئېسىت، بۇ جاھان شۇنچىلىكلا ئىكەن، بۇنى بىلگەن بولسام باشقىچە ئىش قىلاتتىمكەن، مەن ئەخمەق ئىكەنمەن، ھەي... قوي بۇ گەپنى، مانا بۈگۈن سەن يوقلاپ كەپسەن، ساڭا كۆپ رەھمەت، ئىچە، بۈگۈن قانغۇدەك بىر ئىچىۋالايلى!...

قاسىم سوپى رومكىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ كۆزى غەلىتە ئالىيىپ چىرايى تاتىرىشقا باشلىدى.

يېرىم كېچىدە يۈرىكىنىڭ قاتتىق سانجىشىدىن ئۇ ئويغىنىپ كەتتى، سول تەرەپ كۆكرىكىنىڭ بىر يېرى خۇددى ئامبۇردا قىسقاندەك سانجىپ ئاغرىيتتى، ئاغرىق بارغانچە كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۆي ئىچى غۇۋا قاراڭغۇ ۋە جىمجىت، پەقەت خۇماخاننىڭ بىر رېتىمدا تارتىۋاتقان خورەكى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاسىم سوپى ئاغرىققا چىدىيالمىدى:

— خۇماخان، ھەي خۇماخان! — دەپ نوقۇدى ئۇ ئايالىنى تەستە.

خۇماخان ئۇلۇغ بىر تىنىپ كۆزىنى ئاچتى.

— مېنىڭ دورىلىرىم نەدە؟ ئېلىپ بېرىڭلا...

— نېمە بولدى؟

— يۈرىكىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

خۇماخان ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئاخشام ئۈزلىرىنى چاغلىماي قاللا، سىلىگە ئەمدى هاراق ئىچىشنى نېمە قويدى، — خۇماخان غۇدۇرىغىنىچە ساپما كەشىنى كىيدى، — هەممىنى قىلىغان ئاۋۇ ئەمەت، نەدىنمۇ كەلدى ئۇ هاراقكەش، ئەمدى بار بولغۇلۇق بىزگە بولدى...

قاسىم سوپىنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ بەتەر سانجىپ ئاغرىشقا باشلىدى، نەپەسى قىسىلغاندەك، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. ئۆلۈپ كېتىمەنمۇ نېمە، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋەهىمە بىلەن، — شۇنداق، تېزلا هە، ياق، ياق، مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، خۇماخان، تېز بولساڭلىچۇ... ئۇ قوللىرىنى مىدىرلاتتى، خۇماخاننى چاقىرماقچى بولۇپ بۇرۇلغانىدى، بېشى قېيىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. گۈپ قىلغان ئاۋازدىن خۇماخان چۆچۈپ ئۆرۈلدى-دەقورقۇپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېرىنى يۆلەپ ئۇنىڭ كۆكىرىكى كەتكەن كالپۇكىنى ئېچىپ ئاغزىغا دورىنى سالدى.

ئۇ شۇنداق بىر راهەت، گويا مۇقەددەس يۇمشاق، يېقىملىق بىر هارارەتنىڭ سېلىشى بىلەن كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ كۆرگىنى دېرىزىدىن قىيپاش چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرى بولدى. خۇددى رەڭدار كېپىنەكتەك هالقا-هالقا نۇرلار گاه هاۋادا تىترەيتتى، گاه ئۇزۇن كۆكەن كېمىكتەك ئوخچۇپ، ئۈستىگە يېپىپ قويۇلغان ئەدىيالنىڭ گۈللىرى ئۈستىدە ئوينايتتى، تۇرۇپلا يەنە قىلىچتەك بوشلۇقتا ئىز قالدۇرۇپ قاياقىقدۇر يوقاپ، هايال ئۆتمەي يەنە پەيدا بولۇپ، ياش قىزلاردەك جىلۋە قىلاتتى. قاسىم سوپى هالسىز هالدا ئەتراپقا نەزەر سالدى، ئۆي ئىچى جىمجىت، خۇماخانمۇ، بالىلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ، قاياقتىندۇر — ئاشخانا ئۆي تەرەپتىن بولسا كېرەك، بىرىنىڭ سوزۇپ، ئۇنلۇك كېكىرگەن ئاۋازى كەلدى. تىرىك ئىكەنمەن، خۇداغا شۈكرى... دەپ ئويلىدى قاسىم سوپى ئىچىدە، — ئاخشام نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى؟... توغرا، يۈرىكى تۇيۇقسىزلا قاتتىق مۇجىدى... تۇۋا، خۇددى چۈشتەكلا هە... هازىر هېچ نەرسە بولمىغاندەك، ئاغرىقمۇ جىم، لېكىن ماغدۇرى يوق، ئەڭ مۇهىمى ئۇ يورۇق دۇنيانى يەنە كۆرۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يەنە يەيدىغان رىسقىسى بار ئىكەن... ئۆي ئىچىدە قۇياش نۇرى ئوينىماقتا. قاسىم سوپىنىڭ بۇ سادىق هەمراهى ئۇنى هاياتقا چاقىرماقتا. ئۇنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق بىر خىيال كەلدى: دۇنيادا قۇياشتەك ۋاپادار هەمراه يوق ئىكەن، ئۇ مانا قاسىم سوپىغا 60 يىل هەمراه بولدى، ياخشى كۈنلەردىمۇ، يامان كۈنلەردىمۇ ئۇنى تاشلىمىدى، ئايرىلمىدى، دۇنيادا پەقەتشۇ قۇياشلا مەڭگۈلۈك هەمراه ئىكەن...

قورۇدا ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلانغاندەك بولدى، سىگنال ئۇزۇپ-ئۇزۇپ تەكرارلاندى. قاسىم سوپى بۇ ئاۋازنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن كۆزىنى مەهكەم يۇمۇۋالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

قەييۇم سوپى

# ئېخ! قىزىل نۇر

## مېھرى ئىسسىق بېيجىڭلىق

كەلگىنىمدە گۈزەل بېيجىڭغا،
ھېرىپ - ئېچىپ ئۇزۇن سەپەردىن.
چىقتىڭىز سىز ئالدىمغا تۇتۇپ،
ئىستاكاندا مۇزدەك كەۋسەردىن.

ھاردۇق سۆزى ئاڭلىدىم گويا
باغرى ئاتەش تۇغقان ئانامدىن.
باشلىدىڭىز ھۇزۇرىڭىزغا،
لەززەتلەندىم شېرىن تائامدىن.

ھەر كېلىمەن،
ھەربىر بېيجىڭلىق
... قالدۇرىدۇ يۈرىكىمدە ئىز.
قالدۇرىدۇ ياخشى نام - نىشان
بۇندا ئۆسكەن ھەربىر ئوغۇل - قىز.

## بېيجىڭ قىزى

ئاق ئەتىرگۇل ئېچىلغاندا
سۆيۈنەيدۇ كىمنىڭ دىلى.
ئەگىپ بۇلبۇل پەرۋانىدەك
سايرىمامدۇ كۈندۈز - تۈنى.

سەن ئۆزۈڭسەن ئاق ئەتىر گۇل،
بېيجىڭ قىزى گۇل جامالىم.
جىلۋىلىنەر كۈلۈشىڭدىن،
بەخت كۈيۈم، خۇش باھارىم.

ئەجەپ ئىسسىق مېھرىڭ سېنىڭ،
كۈلۈپ تۇرغان چېھرىڭ سېنىڭ.
مېنى شۇنچە ئەسىر قىلدى
تەبەسسۇمىڭ - سېھرىڭ سېنىڭ.

تۇراپ ھەسەن

# دالا سۈرەتلىرى

## يېشىللىق

ئاسمان كۆك، تاغلار كۆك، كۆل كۆك، ھەممە كۆك،
جىمىكى كۆكچىلىك جەم بولغان مانا.
پەلەكنىڭ گەردىشى، زېمىننىڭ بېشى،
ئېيتىڭلار، دوستلىرىم بۇغدامىكىنا؟!

## ئەگمە يول

تاغ باغرى چوققىغا ئىككى مىڭ مېتر،
ئاردنى باغلايدۇ ئەگمە كۈمۈش يول.
يىگىرمە ئايلانما ـ يىگىرمە بەلباغ،
سىنى ئۇ چوققىغا باشلايدۇ ئۇدۇل.

يول چېتى چىمەنزار، قازاق ئۆيلىرى
گوياكى ئېچىلغان ئاپئاق ئەتىرگۇل.
چوققىغا يەتسىڭىز مۇجەسسەم بۇندا،
گۈزەللىك، لىۋەنلىك، ئاھ، ساماۋى كۆل.

## قارىغاي تۈۋىدە

زۇمرەت كۆل ياقىسى يېشىل قارىغايلىق
ياپيېشىل ئورماندىن ئىپار تارايدۇ.
سېھىرلىك شىۋىرلاپ كۆپكۆك چىمەنلەر
خۇش كەپسەن، دېگەندەك ھاردۇق سورايدۇ.

ئولتۇرۇپ يارەنلەر قارىغاي تۈۋىدە،
ناخشىلار ياڭرىتىپ كۆتۈرۈشتۇق جام.
ئەتراپتا رەسساملار سىزماقتا سۈرەت،
گۈزەللىك دىللاردا قوزغىدى ئىلھام.

## ئايروپىلاندا

مەن سەپەرگە ئاتلانغان كۈنى،
كۈمۈش چاچلىق تەگرىتاغ ئانام:
«ئاق يول بولسۇن، جاھان كەز، بالام ...»
دەپ خۇش چىراي ئۇزاتقان مېنى.
ئۇچتۇق، ئۇچتۇق تۆت سائەت تىنماي،
ئاھ، بۇ ۋەتەن نەقەدەر چەكسىز.
تاغۇ ـ دەريا، شەھەر ـ سەھرالار،
كۆڭلىڭىزگە ئوت ياقار شەكسىز.

قارىسىڭىز بىر ياندا قار ـ مۇز،
ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر ياندا گۈللەر.
تۆت پەسىلنى ئۆزىگە يىغقان،
بىزنىڭ ئەلدەك بار يەنە قەيەر؟!
ئاھ! قەدىردان ئانىمىز جۇڭگو،
سۆيۈنىمىز گۈزەللىكىڭدىن.
سېنى گۈللەش بەختىمىز بىزنىڭ،
پايدىلىنىپ ئەۋزەللىكىڭدىن!

غوپۇر رەخىم

## ئىناقلىق كۈيى

نەرەر سالساق رىشالىلىقا، تارىمغا،
بۆلۈنگەننى بۆرە يېگەن ئەزەلدىن.
بۇنىڭ ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس ئېچىنمىش،
ئۆزى پۈتكەچ تەقدىرىنى ئەجەلدىن.
بۆلۈنمىسە ئاگا ئۆلۈم يوق ئىدى،
توپى بىلەن، تىنچ خاتىرجەم، توق ئىدى.

ئىتتىپاقلىق باھارىنى قەدىرلەپ،
گۈل ـ چېچەككە دەۋرىمىزنى ئورايلى.
ئالتۇن تاڭنىڭ نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ،
شىۋىرغانلىق زىمىستاننى تورايلى.
قارا تۈندىن ئاپەت ياغار ئالەمگە،
ئاپەت ياغسا ئامانلىق يوق ئادەمگە.

ئىناقلىقتىن سائادەتنىڭ كۆكسىدە،
ئۈمىد ـ ئارزۇ قۇياش كەبى پارلايدۇ.
ئىناقلىقتىن ھاياتلىقنىڭ كۆكىدە،
پاراغەتنىڭ يۇلتۇزلىرى چاقنايدۇ.
بىرلىك بولسا ئەلدە بولۇر يۈكسىلىش،
تەرەققىيات، راۋاجلىنىش، گۈللىنىش.

قۇدرەت تېپىپ ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشقان،
غالىب بولۇر ياۋغا قارشى ئۇرۇشتا.
بىر نىيەتتە قولنى ـ قولغا تۇتۇشقان،
زەپەر قۇچار ئۇرلۇق گۈلشەن قۇرۇشتا.
گۈلشەن ئىچرە سايرار بۇلبۇل تىلىمىز،
بەھرى ئېلىپ ئىناقلىقتىن دىلىمىز.

ئىتتىپاقسىز ھايات سوغۇق بولىدۇ،
سۇركىلىشلەر دەھشەت سېلىپ تۇرىدۇ.
بوران چىقىپ، دوقال ئاۋۇپ مۇھىتتا،
جۇدۇن كېلىپ چېچەكلەرنى ئۈزىدۇ.

بىزگە كېرەك ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق،
يېتەشمىز ئۇنىڭ بىلەن ئىمكانغا.
ئىناقلىقتا ھاياتلىقنىڭ لەززىتى،
تۈگىمەيدۇ ئىناقلىقنىڭ نېمىتى.

ئىتتىپاقلىق پۈتۈنلۈكنىڭ ئاساسى،
ياڭرار ئۇندا بەخت ـ شادلىق ناۋاسى.
مۇھەببەتلىك، ئىناق تۇرمۇش قوينىدا،
بىلىنمەيدۇ تىرىكچىلىك جاپاسى.
يۈرەك رىشتى چېگىلگەندە مۇستەھكەم،
ئىناق ھايات ئىچرە بولۇر قانداق غەم؟!

ئۆملەشكەنلەر يۈرۈش قىلسا پەللىگە،
تەمتىرىمەي تاغ ـ داۋاندىن ئۆتىدۇ.
بەربات بولۇپ ھەر قەدەمدە مۈشكۈلات،
پارلاق ئىقبال چىراي ئېچىپ كۈلىدۇ.
ئىتتىپاقلىق ئەلا، يۈكسەك ھەممىدىن،
ئۇ بولسىلا سۆز ئاچىمىز غەلىبىدىن.

ئەخمەتجان مەتقۇربان

## ئاھ، ئىناقلىق سەن ھاياتنىڭ يۈرىكى

ئاھ، ئىناقلىق، سەن ھاياتنىڭ يۈرىكى،
مېيىردىك تاڭدەك دولقۇنلايدۇ قەلبىمدە.
مەن بەختلىك، ئەل-يۇرت مەڭگۈ بەختلىك،
پايان يوقتۇر باشقا قونغان بەختىمدە.

ئاھ، ئىناقلىق سەن ھاياتنىڭ يۈرىكى،
شەپقىتىڭدىن تالاي جەۋھەر يارالغان.
ساداسى بار گۈل ياشلىقنىڭ جاھاندا،
بۇ مۇقەددەس تۇپراق ئۈچۈن تارالغان.

ئاھ، ئىناقلىق سەن ھاياتنىڭ يۈرىكى،
قۇدرىتىڭدىن پارلاق غايەم تۇغۇلدى

ئۆملۈك بولسا ئېچىلىدۇ چوڭ يوللار
كامال تاپار كېڭىيىپ ھەم ئەبەدىي.

ئاھ، ئىناقلىق، سەن ھاياتنىڭ يۈرىكى،
ھەممىمىزگە بىباھاسەن، بىغۇبار.
بوستان قىلار چەكسىز قۇملۇق، چۆللۈكنى
يۈكسەكلىكتە ئادەم بولسا ئۈمىدۋار.

ئاھ، ئىناقلىق، سەن ھاياتنىڭ يۈرىكى،
بۈيۈك روھنىڭ قەدىرلىنەر تا ئەبەد.
ئىناقلىقتەك مەزمۇت قورغان تېپىلماس،
بۇ رىئاللىق مەڭگۈ ئۇدۇم، ھەقىقەت.

**تۇرسۇن ھۇسەيىن**

## ھەرگىز

ۋىسالغا قانمىسا بۇلبۇل، كۈلۈپ شاد سايرىماس ھەرگىز،
ئىناقلىق بولمىسا ئەلدە، كۆكۈللەر يايرىماس ھەرگىز.

ئىناقلىق گۈللىرى ياشناپ، پۇراق چاچماقتا زەپ خۇش خۇي،
ھالال تەر تۆكمىسە ھەركىم، ئاشۇ گۈل ئاينىماس ھەرگىز.

ئىناقلىق كەلتۈرەر ئەلگە، بۈيۈك غەلىبە ـ ئۇتۇقلارنى،
ئۇنىڭسىز بەختىمىز گۈلدەك ئېچىلماس، ياشنىماس ھەرگىز.

كۆكۈل كۆكسىنى كەڭ تۇتقان جىگەرلىك ئوت ـ يۈرەك ئوغلان،
سۆيەر تەڭ بارچە مىللەتنى، بۆلەككە ئايرىماس، ھەرگىز.

گۈزەل مەنزىلگە ئات سالدۇق، ئىناقلىق ناخشىسىن توۋلاپ،
زەپەر قۇچماي سەپەرلەردىن قەدەملەر توختىماس ھەرگىز.

**مۇھەممەت خۇۋىر**

## تۇيغۇ چېقىنلىرى

1

رىزالىق بەرگۈسى يوقكەن خىزىرلارنىڭ، بىلىپ باقسام،
مېنى ھەرنىمە دېگۈسى بار ئىچىگە قول سېلىپ باقسام.
لېۋىدە توختىدى بىر نۇر، ئېقىپ چۈشتى قاپاقتىن مۇز،
مۇقام يۆتكەپ مۇقامىغا كۈچەپ دۇمباق چېلىپ باقسام.
ئۆمۈرنى نەق ئېلىپ قالدى يۈرەكنى ھەم قىلىپ ئۇستەك،
ئىكەنمەن دوزىخى مېھراب يېنىدا بىر قېلىپ باقسام.
ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم ئەيىبلەر ئاينىغان سايدا،
خىزىرلار كۆزىدىن چاقچاق ئۇنۇپ چىقتى كۈلۈپ باقسام.
ئۆزۈم ئالتۇن ئەمەس تەھقىق، لېكىن مىسلىق نېسىپ بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقاردى چەتكە جەينەكلەپ سىپىرگە سىغدىلىپ باقسام.
تۇمانلاشتى ئۆزىنىڭ جىسمى ناھالىنىڭ ئاستىدا غىڭشىپ،
چىقىپ قاتتىق قىيپىمدىن بىر بىگىز بوپ سانجىلىپ باقسام.
قۇياشقا تىك بېقىپ تۇرغىن، خىزىر باشىدا بول چوققا!
دېدى خەنجەر سۆزى بىرلە، ئانامدىن سۆز ئېلىپ باقسام.
بولاتتى نە نىپىز ھەلدىن نەزەر يۆتكەپ (تومەن ئەپسۇس)
ئانامغا چاي تۇتۇپ ماڭلاي يۈيۈپ باقسام، تېلىپ باقسام...
يىتىپ كەتتىم دېمە، پىنھان خىزىرلار يادىدا سەن يوق،
تاپارمەن بەلكى شەنىمگە مەدھىيىلەرنى ئۆلۈپ باقسام.

## 2

نېمە كىم ئاق بولۇر بەرھەق يۈزىدە كىر ھامان پەيدا،
نېمە ئېگىز ئۆزىنىڭ ئەۋجىسىدە تەھدىت تومان پەيدا.
كىمىكىم بەك كۆلۈپ كەتتى قىياسىڭغا ئاچىۋەر يول،
ئۆچەر كۆلكە، ئۆچەر ئاپتاپ، ئىشەن غەملىك زامان پەيدا.
چېچەكلىك پەسلى گۈلشەنلەر ئەمەس غەمسىز، ئەمەس باقىي،
خىيالارغا چېكىت چۈشمەي يېتەر پەيتى خازان پەيدا.
قاۋاقلارغا ھەۋەس تاشلاپ يۈرۈۋەرمە، ئاگاھ ئەتكىن،
چېچەكلەر ئاقلىسا باشنى يۈيۈپ بولماس پىغان پەيدا.
ھەقىقەت سۆزلىمەكنى سەن سۇ ئىچكەندىن ئاسان دېمە،
كىمىكى ئالدىدا ماڭدى ئۆزىنىڭغا دەرد ئاسان پەيدا.
پەلەمپەيلەر مۇرىت ئەتسە ئۆزىنىڭغا ئالدىنىپ كەتمە،
ئېگىز ـ پەسلىك، چىقىپ ـ چۈشمەك ھامان دەۋرىي، ھامان پەيدا.
ئىۋەنسىز دەپ ئىشەنگەندىن ئىۋەن چىقسا يۈيما قولنى،
قاياندا بىر بەلەن باركى ئۆزىنىڭدا بىر يامان پەيدا.
خىزىر دەۋاسى قىلغان كىم؟ چوقۇنما ئۇ ساڭا ئوخشاش،
كىمىكى ساپ ئۆگۈتمەن دەر، ئۆزىنىڭدا، مول سامان پەيدا.
كىمىكى مۈڭ بىلەن ئۆچتى، توكۇرمە ئالدىراپ ھەرگىز،
ئۆزىنىڭدا بىر نەزەردىن سىرت قۇياشلىق پەرقى شان پەيدا،
ئايا پىنھان ئۈمىد ئۈزمە، كەمەرنى باغلىغىن پۇختا،
تومانلار كەينىگە باقساڭ بولۇر نۇرلۇق نىشان پەيدا.

ئابدۇرېھىم مەھەممەت

# غەزەللەر

## 1

ئانام تەنھا، دادام تەنھا ئىدى بىر ئىشلا جەم قىلدى،
ئۇنىڭ رىشتى مېنى بىر جاي ئارا قۇتلۇق سەنەم قىلدى.
تۇغۇلدۇم قىرقىراپ، بەلكىم ياشاشنىڭ ئىپتىداسى بۇ،
توقۇپ ھەم پەپىلەپ كەچمىش تالاي شاد ۋە ئەلەم قىلدى.
جانانلار مېھرىدىن كۈلكە، يامانلار قەلبىدىن پىتنە
قۇچۇش قىسمەتكە جىسمىمنى كىتاب قىلدى، قەلەم قىلدى.
توقايدا، چۆلدە، بوستاندا، قىيادا ئىزلىرىم كۆپتۇر،
ئەقىل بەرگەن غېرىچ مەنزىل، جېمى يەرنى ھەرەم قىلدى.
ساقال ئاپئاق، كۆڭۈل ئاپئاق ئۆمۈر ئۆتكەن خەزىنەم ئاق،
يىراقلاپ دەردكە مەي يۇتسام پەقەت بىردەم بىغەم قىلدى.
خاتا قۇرلارنى تەھرىرلەپ كېلەر تۇيغۇمدا بىر ئەۋلاد،
ھاياتنى چىن چۈشەنمەككە ئاشۇ ھال كۆپ ھەشەم قىلدى.

## 2

چىدايمەن غەيرىي قىسمەتلەر مېنى مەيلىڭچە ۋەيران قىل،
كۆزۈم سېھرىڭدە تاۋلانسۇن كۈلۈپ تىللاشتا ھەيران قىل.
چېچىمنى يۇل، كۆزۈمنى ئەت يەنە ئىزغا قۇرۇپ قاپقان،
بىكار قويساڭلا ئاغزىمنى كۈلەرمەن قانچە سەرسان قىل.
قوقاس بىرلە پايانداز سال يالاڭ پۇتنى كاۋاپ ئەيلەپ،
يامان تىللىق چاۋاكلارغا ئۇسسۇلكارمەن يېرىمجان قىل.
بىگىز تىقساڭ ۋۇجۇدۇمغا سۈيى يانغاي قېنىم ئۇتتۇر،
شىپاھدۇرمەن ئۆزۈمگە مەن بىمار ھالىمغا لوقمان قىل.
ئۇپۇقنى بەلگىسىز ئەيلەپ قۇياشنى يۆتكىسەڭ يۆتكە،
كېزىپ چۆلنى تاپارمەن يول يەنە مەردانە كارۋان قىل.
يېشىم ھەسرەتتە ئاققاندا تاماشا قىل كۈلۈپ، قۇتراپ،
ۋەيا ئادەم چىرىپ ياتقان ماكان تىلسىمغا بارخان قىل.
چىدايمەن غەيرىي قىسمەتلەر — چىدايمەن شۇنچە مەغرۇر ھال،
ئۇغۇللۇق خىسلىتىم شۇدۇر مېنى شۇ ھالدا ئىنسان قىل.

www.uyghurkitap.com

3

سىلىپ باشىمغا مىڭ سەۋدا سېنى بەختىمگە چاتقان كىم؟
چۈشەنمەي دەردۇ ـ ھالىمنى ۋىسال ئەھلىگە قاتقان كىم؟
يېشىم چۆكتۈرسە كىرپىكنى كۆزۈمدە گۈركىرەپ كەلكۈن،
ئېسەنلىك تەختىدە سەن دەپ ھەسەت ئەۋجىدە ياتقان كىم؟
خالايىق كۈلگەندە مەن يىغلاپ بېشىم پىنھاندا مۈڭلانسا،
خوشە، بەختىڭگە مەي يۇت، دەپ رۇجەكتىن چالما ئاتقان كىم؟
ماتا بۆكۈمنى ئېپقاچسا بوراننىڭ ئەۋجى قاھ ـ قاھلاپ،
بېرىپ سەۋرىمگە ھەسرەتنى يەنە زەر تاجنى ساتقان كىم؟
گادايلىق پۈرسىتى كەلسە زىمىستان دەستىدە تىترەپ،
قاشاڭ ئىتلارنى كۈش ـ كۈش دەپ مېنى قوغلاپ تالاتقان كىم؟
مۈڭىمدىن مۈڭلىنىپ ئۆكسۈپ بولۇپ قەھرىمدە ئۈششۈك تال،
دېردزەم سىرتىدا يىغلاپ ئېسىل غەملەرگە پاتقان كىم؟
گۈزەل كۆڭلۈمنى لايىقلاپ خېرىدار ئاختۇرۇپ ئۆتسەم،
گۈزەل چۈشلەرنى مەزمۇنلاپ گۈزەل تۈننى ياراتقان كىم؟

4

ئويۇپ ئالغانمۇ مەڭزىڭنى شەپەقنىڭ مەڭزىدىن دىلبەر؟
سورايمۇ قاشلىرىڭ يايىن ھىلال ئاي نەسلىدىن دىلبەر؟
لىۋىڭ گۈل بەرگىدۇر قات ـ قات چىشىڭ دەستىگە دۇر باغلاق،
سېنى بەختىمگە بۇيرۇتقان سەھەرنىڭ بەستىدىن دىلبەر.
چېچىڭنىڭ دولقۇنى ئەركىم، رېڭىڭدە پارلىغان بەختىم،
قالۇر چاچىڭنى يايغاندا قارا تۈن بەھرىدىن دىلبەر.
سېپىپ ئوت كىرپىكىڭ تالى ھۆكەرنىڭ شولىسىن داغلار،
قۇياشتىن قارىچۇقىڭ غالىب ئاشۇ ھېس پەخرىدىن دىلبەر.
يېپىنسا كۆز گۆھەرىڭدىن دىلىڭنىڭ ئاسمىنى تۈننى،
يېپىشتى كۆكسۈمە يۇلتۇز مۇھەببەت سېھرىدىن دىلبەر.
سەھەردە قاشتېشى ساقىپ شەپەق ئەكسىدە جىلۋە ئەتسە،
ئېلىپ بۇرنىڭدا چانغايمۇ بېرىپ ھەسرەتتە سىن دىلبەر؟
چېكىپ ئاي ئاستىغا ئالما، يېڭىغا ئىككى گۈل قىسسام،
قىياس پۈتكەيمۇ ۋەسلىڭگە، ياقەي سەنسىز قىيىن دىلبەر؟

5

ماڭا ئاستانىسەن، شاھمەن دىلىم كۈلگەن باھار تاڭلار،
ياساپ شادلىقتا رىسقىمنى تۆكۈلگەن گۈل ـ ئانار تاڭلار.
سېنى بەختىمگە ئوخشاتسام ھەسەتخور تۈننى قاقشاتسام،
غۇرۇر، كۈلكەڭنى ئىزھارلاپ كۆزۈك ـ چولپان باقار تاڭلار.
قىزىل نۇرلارنى لەيلەتسەڭ يېشىل باغلارنى سەيلەتسەڭ،
چېچەكلەر بەرگى چاچقىدەك ياساپ بايرام يانار تاڭلار.
يوشۇرغاي كۆڭلىنى ئادەم، سۈزۈك كۆڭلۈك ئوچۇق ئالەم،
خۇدۈك ئەيلەيدۇ ئالدىڭدا جىمى پاكلىق، چانار تاڭلار.
سېنى ئۇستاز تۇتۇپ كەلدىم، سىردىڭنى ھەم ئۇقۇپ كەلدىم،
ئېسىل قىسسەڭنى مىڭ ئۇستاز بايان ئەيلەپ ھارار تاڭلار.

ماخمۇتجان مېھمان

## ھايات سۆيگۈسى

سۆيۈلسۇن شولىلار، سۆيۈلسۇن ئاپتاپ،
سۆيۈلسۇن سۆيگۈنىڭ ئانىسى ھايات.
سۆزلىسۇن يۈرىكىم يىللارغا ئارمان،
باشلاردىن سايىسىن يىغسۇن بۇ مامات.

گىياھلار بەرگىدە چاقنايدۇ شەبنەم،
جاندارلار ئەزەلدىن قۇۋمى قۇياشنىڭ.
دەريادا چۆمۈلگەن بېلىق بىر سەنەم
مەنىسى خۇشاللىق ئاققان كۆز ياشنىڭ.

يۇلتۇزدىن تارايدۇ يىنىللىق تەبەسسۇم،
چاقناشلار ئەۋجىدىن رەڭ ئالار دۇنيا.

چولپاننىڭ كۆزلىرى ھەممىدىن مەسۇم،
گۈزەللەر مىجەزى كۆكلەمدۇر گويا.

زەپ ئوماق تايتايلاپ كېلىدۇ بوۋاق،
ھەربىر دەم ئۇرۇشى بىر ئۇپۇققا تەڭ.
چاقنىغان ماكاندا ئەسنالار قۇۋناق،
سەبىيلىك ئالەمدۇر ئالەملەردىن كەڭ.

سۆيگۈدىن يۈتۈلسۇن تومۇرلاردا قان،
تەبىئەت گۈزەلدۇر، گۈزەلدۇر ھايات.
خۇشتارلىق ئىلكىدە تەلمۈرەر جاھان،
بۈزىگە سۆيگۈدىن تاقاپ جۈپ قانات.



www.uyghurkitap.com

ئېزىز ساۋۇت



# تۇزكورلۇق

(ھېكايە)

دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان باھار قۇياشىنىڭ يىللىق نۇرى ئۈستىلىمدىكى قەغەزلەرنى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى. دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى سۆگەتنىڭ ئەمدىلا بىخلانغان يوپۇرماقلىرى شامالدا يېنىك تەۋرىنەتتى. كۆڭلۈم خۇشال، روھىم كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، ناخشا ئېيتقۇم كېلەتتى. ئىشقىلىپ ۋۇجۇدۇمدىن بىر خىل جۇشقۇنلۇق ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇنىڭمۇ سەۋەبلىرى بار، بىر قانچە كۈن بۇرۇن يېڭى پوۋېستلار توپلىمىم جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەنىدى. ئەسكەرتىپ قويۇشۇم كېرەك: بۇ مېنىڭ كىتابلىرىمنىڭ سەككىزىنچىسى. دېمەك، مەن ئەمدى جامائەتنىڭ نەزىرىدە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ھوسۇللۇق يازغۇچىغا ئايلانغانىدىم.

مېنى بۇ يولغا ھەۋەس ۋە قىزغىنلىق سۆرەپ كىرگەن. ھازىر بولسا بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. بۇنىڭغىمۇ يەنە شۇ ھەۋەس بىلەن قىزغىنلىق سەۋەب بولغان.

ئالدىمدىكى ئەسەرنى كۆرۈپ بولدۇم. تالغان كۆزلىرىمنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدىم.

مانا، تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ ئۆزى چىرايلىق، مۇئامىلىسى سىلىق، قىلىقى يېقىملىق، ئۆز ئىشىغا قىزغىن ياش ئايال خادىمى رازىيە سىرتتا پوچتالىيون كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ جىرىڭلاۋاتقان ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيىدىن تاقىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ ماڭغىنىچە، خەت - چەكلەرنى ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

— قادىر ئاكا، سىزگە خەت، — رازىيەنىڭ خۇش پىچىم قامىتى يەنە بۆلۈم ئىشىكىدە پەيدا بولدى، — بۈگۈن سىزگە بىرلا پارچە خەت كەپتۇ. ناتونۇش بىر كىشىنىڭ خېتىكەن، دوستلىرىڭىزدىن يەنە بىرى كۆپىيىدىغان بولدى، مانا.

خەتنى ئالدىم - دە، دەرھال

ئادرىپىسىغا كۆز سالدىم. بۇ خەت دۆربىل-
جىن ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسىدىكى ئەل-
قەم ھاشىم ئىسمىلىك كىشىدىن كەل-
گەنىدى، تېگىرقاپ تۇرۇپلا قالدىم. ھازىر-
قى خىزمەت ئورنۇم بىلەن دۆربىلجىننىڭ
ئارىلىقى 2000 كىلومېتىردىن ئاشاتتى.
مۇنداق يىراق جايدا تونۇشۇم يوق ئىدى.
سەل ھەيران بولۇپ خەتنى ئاچتىم. خەت
باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاد-
دىي مەشق دەپتىرىدىن يىرتىۋېلىنغان قۇرلى-
رى تار ئىككى ۋاراق قەغەزگە ئۇششاق
قىلىپ يېزىلغانىدى. كۆز ئالدىمدا بۇنىڭ-
دىن ئوتتۇز تۆت يىل ئىلگىرى قەشقەر-
دىكى بىر كەسپىي تېخنىكۇمدا ئوقۇغان
چاغدىكى كەچۈرمىشلەر — ئەدەبىياتقا
بولغان ئوتتەك قىزغىن ئىنتىلىش ئىچىدە
ئۆتكەن كۈنلەر، ئاشۇ قىزغىن ھەۋەس-
نىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشۇپ، بارا-
بارا سەممىي دوستلۇق ئاساسىغا ئورنى-
تىلغان ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى،
مېنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق ھو-
سۇللۇق يازغۇچى بولۇپ قېلىشىم ئۈچۈن
جاپالىق ئەجىرى سىڭدۈرگەن قەدىرلىك
ئۇستازىم ئەلقەم ھاشىمنىڭ يېقىملىق
چىرايى نامايان بولدى. بۇ قىممەتلىك
خەتنى ئوقۇپ بولغىنىمدا ۋۇجۇدۇمدا
كۈچلۈك سېغىنىش قىيانى ئۆركەشلىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە قەلبىمدە قەدىرلىك
ئۇستازىم نېمە سەۋەبتىن ئاشۇنداق يى-
راققا — دۇنيانىڭ بىر چېتىگە بېرىپ قال-
غاندۇ، دېگەن خىيال پەيدا بولدى. خەت-
تە بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېيىلمىگەن. ئۇس-
تازىم خېتىدە «ئادرېسىڭىزنى تاپالمىد-
ىڭىزدىكى تەرجىمىھالىڭىزدىن بىلدىم»
دەپ يېزىپتۇ.

ئاھ، ئوتتۇز تۆت يىل! قەدىرلىك
ئۇستازىم. دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدە بار
ئىكەنسىز. مانا مەنمۇ بار. ياشاۋاتىمەن،
ئوتتۇز تۆت يىلنىڭ ئالدىدىكى تارتىن-
چاق، ئاق سېرىق، ئورۇقراق بالا قادىر
ياقۇپ دەل مەن بولىمەن.

شۇئان كۆز ئالدىمدا ئۇستازىمنىڭ
ئوتتۇرا بوي، تەمبەل كەلگەن، ماڭغاندا
سەل ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرىدىغان گەۋ-
دىسى، يۇمىلاق، بىرئاز چېچەك ئىزلىرى
بار يىللىق چىرايى، ھەمىشە كۈلكە پار-
لاپ تۇرىدىغان كۆزلىرى نامايان
بولدى...

بۇ چاقچىقى چىرايىغا قورۇقلار
چۈشۈپ، چاچلىرىغىمۇ ئاق ئارىلىغاندۇ.
مۇبادا قايتا كۆرۈشۈپ قالساق قانداق
بولۇپ كېتەرمىز، بىر ـ بىرىمىزنى تونۇيا-
لارمىزمۇ؟ مەن چېغىمدا ئۆزگىرىپ كەت-
تىم. ھەي ئۇستازىم، مەن ھازىر ئۇ چاغ-
دىكى تارتىنچاق، ئاق سېرىق، ئورۇق
بالا ئەمەسمەن، قىرىق سەككىز ياشقا
كىرگەن بولساممۇ چاچ ـ ساقاللىرىمنىڭ
تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتتى، ئۆتۈپ
كەتكەن يىللار چىرايىمنىمۇ قورۇقلار
بىلەن زىننەتلىدى. راست، ئورۇقلۇقىم
ئۆزگەرمىدى، ئىچىم تارمۇ ياكى ئىجادى-
يەت، تەھرىرلىك كەسپى مېنى ئېزىپ
تاشلىدىمۇ، ئىشقىلىپ، زادىلا سەمرىيەل-
مىدىم، ئۇستازىم...

ئۇستازىم ئەلقەم ھاشىم بىلەن
1958 ـ يىلى تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە
تونۇشقانىدىم. ئۇ چاغدا مەن قەشقەردىكى
مەلۇم بىر تېخنىكۇمنىڭ چارۋا دوختۇر-
لۇق سىنىپىدا ئوقۇۋاتاتتىم. راست گەپنى
ئېيتسام شۇ چاغلاردا مەن ئۆز كەسپىمدىن

www.uyghurkitap.com

كۆرە ئەدەبىياتقا بەكرەك قىزىقاتتىم. قولۇمغا چۈشكەن ھەرقانداق ئەدەبىي كىتابنى زور ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ چىقاتتىم.

بىر كۈنى «قەشقەر گېزىتى» نىڭ يېڭى چىققان سانىنى كۆرۈۋاتاتتىم، قېشىمغا ساۋاقدىشىم ھەسەن كەلدى.

— نېمىلەرنى ئوقۇۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ قىزىقىپ.

مەن ئۇنىڭغا ئەدەبىيات بېتىنىڭ باش ستونىغا بېسىلغان ئەلقەم ھاشىم ئىسىملىك بىر شائىرنىڭ «ياز لىرىكىسى» ناملىق چاتما شېئىرلىرىنى كۆرسەتتىم. لىرىكىلار بەكمۇ ياخشى يېزىلغان بولۇپ، قەلبىمدە زوقلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاتقانىدى. شۇڭا ھەسەنگە تەسىراتلىرىمنى ئىزھار قىلىپ، ئاپتورنى ماختىدىم.

— بىزنىڭ مەكتەپكە يېقىندا كەلگەن خىمىيە ئوقۇتقۇچىسىنى تونۇمسەن، ھېلىقى... قىرائەتخانىنى باشقۇرۇپ يۈرگەن ئادەمچۇ، ئەلقەم ھاشىم دېگەن شۇ، — دېدى ھەسەن قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ.

— نېمە، مۇشۇ مەكتەپتە؟ راست ئېيتىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدىم، ۋۇجۇدۇمدا نېمىشقىدۇر ھاياجانلىق سەزگۇ پەيدا بولدى.

— راست.

— ئەجەب-ھە، كۆرۈشكىلى بولارمۇ؟

— گېپىڭنى قارا! — دېدى ھەسەن مېنىڭ ھاياجانلىنىپ كەتكىنىمگە ھەيران بولغان ھالدا، — نېمىشقا كۆرۈشكىلى بولمايدىكەن. ئۇ بەكمۇ كەمتەر كىشى. ماڭە ئەمىسە، قىرائەتخانىغا كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقايلى.

ھەسەن مېنى سۆرەپ قىرائەتخانا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بىز مەكتەپ كۇلۇبىنىڭ بۇرجىكىدىن ئەمدىلا قايرىلغان چېغىمىزدا قىرائەتخانا ئىچىدىن بىر توپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە كەڭ يەلكىلىك، سەل ئېڭىشىپ ماڭىدىغان، يۈزىدە چېچەك ئىزلىرى بار بىر كىشى چىقىپ كەلدى.

— ئەلقەم مۇئەللىم شۇ!

شۇ ئەسنادا ئەلقەم مۇئەللىم بىزنى كۆرۈپ قالدى-دە، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— ھە، سىلەرمۇ كىتاب ئارىيەت ئالغىلى كەلگەنمىدىڭلار؟ ئەمما كېچىكىپ قاپسىلەر، ھازىر بىر سىنىپقا دەرسىم بار، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىت چۈشلۈك دەم ئېلىش، كېيىن كېلىڭلار-ھە، — دېدى.

مەن مۇئەللىمدىن تارتىنىپ جىم تۇرۇپ قالدىم.

— ئەلقەم مۇئەللىم، — دېدى ھەسەن كۈلۈمسىرەپ، — بۇ ئاغىنىمىز بەك كىتابخۇمار، يەنە تېخى ئۆزلىرىدەك ئانچە-مۇنچە شېئىر يېزىپمۇ قويىدۇ، لېكىن گېزىت-ژۇرناللاردا ھېچنېمىسى بېسىلمىدى. ئۇنى سىلە بىلەن كۆرۈشتۈرەي دەپ ئېپكەلگەنىدىم.

ئەلقەم مۇئەللىم كۈلگەن ھالدا ئالدىمغا كېلىپ:

— شۇنداقمۇ؟ — دېگىنىچە كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول ئۇزاتتى.

ئەلقەم مۇئەللىم مېنىڭ نەزىرىمدە قول يەتمەس، ئېگىزلىكتە تۇرىدىغان ئۇلۇغ زات ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش تۈگۈل بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلىشىۋېلىشىمۇ مەن ئۈچۈن چوڭ ئىش

ھېسابلىناتتى. ئۇ ماڭا قول ئۇزاتقاندا قانچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمنى ئاددىي سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. لېكىن ئۇنىڭ كەمتەرلىكى، مۇلايىملىقى، يېقىملىق مۇئامىلىسى مېنى ھەيران قالدۇردى.

شۇنداق قىلىپ مەن ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى بولۇپ قالدىم. سۆھبەتلىرىمىز ئۈزۈلمەيتتى. يازغانلىرىمنى مۇئەللىمگە كۆرسەتەتتىم. ئۇ ماڭا پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى. مەنمۇ بىرەر پارچە شېئىر ياكى ھېكايەمنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىم. مۇئەللىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يازغانلىرىمدىن تالايلىرىنى گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتكەن بولساممۇ، بىرەرىمۇ بېسىلمىدى. مۇئەللىم ئەۋەتكەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇكام قادىر، — دېدى بىر كۈنى ئەلقەم مۇئەللىم ماڭا تەسەللى بېرىپ، — پەقەت مەيۇسلەنمەڭ، قايتا - قايتا ئۆزگەرتىڭ، سەۋرچانلىق بىلەن مەشق قىلىڭ، ئەسەرلىرىڭىز ھامان بىر كۈنى ئېلان قىلىنىدۇ.

مەن مۇئەللىمنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي، گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاستىغىلا «گۈلدەستە» ناملىق ھېكايەم بېسىلدى. بۇ مېنىڭ تىرىشچانلىقىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇ كۈنكى خۇشاللىقىمنى تەسۋىرلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ھاياجان ئىلكىدە ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغانىدەك بولۇپ قالدىم. ھېكايەمنىڭ ئېلان قىلىنغىنىغا ئەلقەم مۇئەللىم ھەممىدىن بەك خۇشال بولدى.

— مانا، تۇنجى ئەسىرىڭىز مەتبۇئات سەھىپىسىدە كۆرۈندى. بۇ ياخشى باشلىنىش بولدى. چىن دىلىمدىن تەبرىكلەيمەن. ئەمدى تېخىمۇ تىرىشىڭ، قەلەمنى زادىلا تاشلىماڭ!

شۇنىڭدىن كېيىن ئەلقەم مۇئەللىم ماڭا ئۇلۇغ بىر ئىنسان بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرى ئۈچۈن ئۆزۈمنى مەڭگۈ قەرزداردەك سېزەتتىم.

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ۋاقتىم يېقىنلىشىپ قالغانىدى. بىر كۈنى مۇئەللىم مېنى چاقىرتىپتۇ. كىرسەم يۈك - تاقىلىرىنى تېڭىپ قويۇپتۇ.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى يوشۇرۇشقا تىرىشقان ھالدا زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ، — مەن يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە بارىدىغان بولدۇم. بۈگۈن ماڭماقچىمەن. خەير - خوش. ناۋادا مەن قايتىپ كەلگىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېتىپ قالسىڭىز كۆرۈشەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىن. يېڭى خىزمەت ئورنىڭىزغا بارغانىدىن كېيىن دەرھال خەت يېزىڭ.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، بارماقچى بولغان جايىنىڭ ئادرېسىنى يېزىپ بەردى. شۇ چاغدا مەن بۇ ئايرىلىشنىڭ 34 يىل داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

ئۇزاق ئۆتمەي ئوقۇش پۈتتۈردۇم. يېڭى خىزمەت ئورنۇمغا

www.uyghurkitap.com

كېلىپلا، مۇئەللىم قالدۇرۇپ كەتكەن ئادرېسقا خەت يازدىم. جاۋاب خەت ئارقىلىق مۇناسىۋىتىمىز قايتىدىن ئۇلاندى. ئۈچىنچى يىلى ئەلقەم مۇئەللىمدىن كېلىدىغان خەت ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى. مەن قايتا-قايتا خەت يازدىم. جاۋاب كەلمىدى. ئەلقەم مۇئەللىم خۇددى سۇغا چۆككەن تاشتەكلا غايىب بولغانىدى.

بىر كۈنى ئەلقەم مۇئەللىم بىلەن بىر ناھىيىدە ئىشلىگەن بىر ساۋاقدىشىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— ھەي ئاداش، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇ قانداقتۇر بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتقا ئارىلىشىپ قالغانلىق گۇناھى بىلەن قولغا ئېلىنىپ كەتتى. ھازىر تۈرمىدە، ئائىلىسىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى، — دېدى ئۇ.

شۇ چاغدا ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ئۈچۈن قانچىلىك روھىي ئازاب چەككىنىمنى قەلەم بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ئىش قىلىپ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە يوشۇرۇن ياش تۆكۈپ يۈردۈم.

ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ بۇ قېتىمقى خېتى مېنى بەك خۇشال قىلدى. ئۇنىڭغا ياخشى ئۈمىد-تىلەكلەر تىلەپ جاۋاب يازدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مۇئەللىمنىڭ ئىككىنچى خېتىمۇ كەلدى. مۇئەللىم ئۆزىنىڭ بۇ خېتىدە بىر پېشكەللىك سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنىپ يىگىرمە يىل تۈرمىدە ياتقانلىقىنى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن دۆربىلجىندىكى ئاكىسىنىڭ يېنىغا چىقىپ، بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە دېھقانچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىيىنىڭ خاتا دېلولارنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆز ئىشى توغرۇلۇق مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرگە ئەرز سۇنۇۋاتقانلىقىنى، ھەل بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ ئاز، سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئىشقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى يازغانىدى.

خەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، مۇئەللىمنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىنتايىن جاپالىق، روھىي جەھەتتىن ئازابلىق ئۆتۈۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھال مېنىڭ ۋىجدانىمنى ئىسكەنجىگە ئالدى، ئويغا چۆكتۈم. ئەلقەم مۇئەللىمگە قايسى يول بىلەن ياردەم قىلسام بولار؟ مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن بىۋاسىتە ياردەم بېرەلمەيمەن، مەن بولسام بىر ئەدىب ھەم كىشىلەرنىڭ يازغىنىنى ئوڭشايدىغان مۇھەررىر. بۇ جەھەتتە پەقەت مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز-شىكايەت، ئىلتىماسلارنى يېزىپ بېرەلىشىم مۇمكىن، بەلكى بۇمۇ ھاجەتسىزدۇر، چۈنكى بۇنداق ئىشنى ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ ئۆزىمۇ قىلالايدۇ. بىردىنلا كاللامغا ئۆزىمىز قىينالساقمۇ ئۇنىڭغا بىر ئاز پۇل ئەۋەتسەم قانداق بولار، دېگەن ئوي كەلدى. لېكىن مۇئەللىم بۇنىڭغا قانداق قارار؟ بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىززەت-نەپسىگە تېگىپ كەتمەسمۇ؟ مەيلى، خەتنى ئوبدان يېزىپ، قايىل قىلارلىق سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرسەم رەنجىپمۇ كەتمەس.

شۇ ئان ئايالىم كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ پۇلغا تولىمۇ ئامراق. ئۇ،

ئېككىمىزنىڭ مائاشىمىزنى باشقۇرغان-
دىن سىرت، ئۇ يەر - بۇ يەردىن كېلىپ
تۇرىدىغان قەلەم ھەققىنىڭ ھېسابىنىمۇ
ئېلىپ تۇراتتى. ئۆي ياسايتتى، ئۆزىگە،
ماڭا، بالىلارغا كىيىم - كېچەك ئالاتتى،
مېھمانلارنى كۈتەتتى. بالىلارنىڭ ئىستىق-
بالى ئۈچۈن بانكىدا پۇل توپلايتتى.
ئىش قىلىپ بىر پۇڭنىمۇ بىھۇدە سەرپ
قىلىشقا چىدىمايتتى. نېمىلا بولمىسۇن
ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك. شۇ كۈنى
كەچتە ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئېيتىپ ئېچىر-
گەندەك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، ھازىرچە مىڭ يۈەن
ئەۋەتىشنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەك-
چىيىپ، يۈزى قىزاردى - دە، زەردە بىلەن:
— مىڭ يۈەن؟! ئالجىۋاتامسىلا؟
ھازىرچە ئىمىش، يەنە ئەۋەتىدىكەنمىزدە
تېخى؟ — دېدى.
مەن قاتتىق چاڭۋاقاپ كەتتىم:
— ئادەممۇسەن ئايىم؟! ساڭا ئەلقەم
مۆئەللىم توغرۇلۇق كۆپ قېتىم سۆزلەپ
بەرمىدىممۇ؟ قىلچە تەسىرلەنمەپسەن! بىز-
نىڭ مۇشۇنداق ئابروي تېپىشىمىز ئاشۇ
مۆئەللىمنىڭ ئەجرىنىڭ نەتىجىسىغۇ.
ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئازغىنە
پۇلنىڭ مېھرىدىن كېچەلمىسەك قانداق
بولىدۇ؟ بۇ قېتىم سەن قوشۇلغىن -
قوشۇلمىغىن، پۇلنى جەزمەن ئەۋەتىمەن!
ئىلگىرى ئۇنىڭ گېپىدىن چىقالمايت-
تىم. ئەمما بۇ قېتىم قەتئىي تىنىيە تىكە
كەلدىم. ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ ماڭا
ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگىنىچە دۇدۇقلاپ
تۇرۇپ:
— ئېيتقانلىرى توغرا، ئەمما مىڭ
يۈەن ئەمەس، بەش يۈز يۈەن ئەۋەتەيلى.
بالىلىرىمىز كۆپ، بىزگىمۇ ئاش - نان،
كىيىم - كېچەك لازىمغۇ، — دېدى.
— بەش يۈز يۈەنگە ھازىر نېمە كېلى-
دۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى تۇرمۇشىمىزمۇ
يامان ئەمەس، كېيىن قولىمىزغا يەنە پۇل
كىرىپ قالار، مىڭ يۈەن ئەۋەتەيلى.
ئايالىم ئارتۇقچە تاكاللىشىشقا جۈر-
ئەت قىلالمىدى. بىر پارچە خەت بىلەن
بىللە مىڭ يۈەن پۇلنى ئەلقەم مۇئەل-
لىمگە ئەۋەتىپ بەردىم.
بىر ئايدىن كېيىن جاۋاپ خەت كەلدى.
خەتتە ئەۋەتىلگەن پۇل ئۈچۈن سەمىمىي
تەلەپپۇز بىلەن رەھمەت بىلدۈرۈلگەنى-
دى. ئەمما «رۇخسەتسىز قىلغان بۇ ئىشىم
ئىززەت - نەپسىگە تېگىپ كېتەرمۇ؟»
دېگەن ئەندىشىم بىكار بولۇپ چىقتى.
چۈنكى خەتتە ھېچقانداق ئاغرىنىش ئىپا-
دىلىرى يوق ئىدى. دېمەك مۇئەللىم
بۇ ئىشىمنى ماقۇل كۆرگەن. بۇنىڭدىن
مۇئەللىمنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقەتەن
ئېغىر باسقۇچتا كېتىۋاتقانلىقى ئىس-
پاتلاندى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنى بىر ئاز
بولسىمۇ خۇش قىلالىغىنىم ئۈچۈن كۆڭ-
لۈم يايراپ كەتتى.
مۇئەللىم خەت بىلەن بىللە بىر
پارچە ھېكايىسىمۇ ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئېھتىمال
پۇل ئەۋەتىشتىن ئىبارەت بۇنداق يار-
دەمنى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشتۇرغىلى
بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەدەبىي
ئىجادىيەت ئارقىلىق چىقىش يولى تېپىش-
نى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.
ھېكايىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىق-
تىم. كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن قىزغىن-
لىقىم لاسىدە بوشاپ قالدى. قەلبىمنى
ئېچىنىش، ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇلىرى
قاپلىۋالدى. بۇنى ھېكايە دېگىلى

بولمايتتى. تۈرمە ھاياتى ۋە سەرسانلىق تۇرمۇش ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ تالانتىنى ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋەتكەنىدى.

راستىنى ئېيتسام، مۇئەللىمنىڭ بۇ ھېكايىسى جاۋاپ يېزىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان، تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك قەغەزلەر ئىدى. لېكىن بۇ ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ ئىدى. ئەمدى مۇئەللىمگە بولغان ساداقىتىم ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەنىدى. ھېكايىنى قايتا قولۇمغا ئالدىم ۋە شۇ ئان مۇئەللىمنىڭ 30 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ياشلىق كۈچ-جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قامىتى، يىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چېھرىسى، يازغانلىرىمنى ئىرىنمەي ئولتۇرۇپ تۈزىتىپ بەرگەنلىكى، تۇنجى ھېكايەم گېزىتكە بېسىلىپ چىققان چاغدا خۇشاللىقىمغا ھەمدەم بولغانلىقى... بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلدى.

مەيلى، بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كېتەر، گەرچە تەھرىرلىك پرىنسىپىغا زىت بولسىمۇ، ئەسلىدىكى مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ، يېڭىدىن بىر ھېكايە يېزىپ مۇئەللىمنىڭ نامىدا ئېلان قىلىۋېتەي، دېگەن قارارغا كەلدىم. يېڭى ھېكايەمۇ پۈتتى. قىستۇرما رەسىملەر بىلەن قوشۇپ باسمىغا بېرىۋەتتىم. ھېكايە ھەقىقەتەن ياخشى چىقتى. باشقا مۇھەررىرلەرمۇ ھېچنېمىنى سەزمىدى. قەلەم ھەققى ئۆلچىمىز ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، مۇئەللىمگە تېگىشلىك قەلەم ھەققىنى پوچتىدىن ماڭدۇردۇم. ئىشقىلىپ، مۇئەللىمگە قولۇمدىن كېلىشىچە ۋاپادارلىقىمنى بىلدۈرەلىگىنىم ئۈچۈن خۇشال بولدۇم.

ئۈچ ئايدىن كېيىن مۇئەللىمدىن جاۋاپ خەت بىلەن يەنە بىر پارچە ھېكايە كەلدى. مۇئەللىم خېتىدە ھېكايە ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن، ئەمما ئۆزىنىڭكىنى قالدۇرۇپ، يېڭىدىن يېزىپ بەرگىنىم ئۈچۈن زادىلا خاپا بولمىغان، ئەكسىچە كېيىنكى ھېكايىنىمۇ مىر ئامال قىلىپ ئېلان قىلىۋېتىشىمنى تاپىلىغان. بۇ ھېكايىنىمۇ كۆرۈپ چىقتىم. بۇ ئالدىنقىسىدىنمۇ ناچار ئىدى. بۇنىمۇ باشقىدىن يېزىپ چىقىشىم كېرەك ئىدى.

مۇئەللىمنىڭ نىيىتى ئەمدى ماڭا ناھايىتى ئايان بولدى، دېمەك، مۇئەللىم مۇشۇ يول ئارقىلىق مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلماقچى. ئەگەر مۇئەللىم ئۆز قەلبىدە يالقۇنجاپ كەتكەن ئىجادىيەت ھەۋىسىنى قاندۇرماقچى ياكى قەلەم كۈچىنى سىناپ باقماقچى بولغان بولسا ئۆز نامىدا ئېلان قىلىنغان ھېكايە ئۈچۈن خاپا بولۇشى، ئەسلىدىكى ھېكايە بىلەن يېڭى يېزىلغان ھېكايە ئارىلىقىدىكى ئاسمان-زېمىن پەرقنى ھېس قىلىشى، ئۆزىنىڭ قەلەم كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكىنىنى چۈشىنىشى ۋە كېيىنكى ھېكايىسىنى ئەۋەتىشتىن يالتىيىشى كېرەك ئىدى.

ئەمما مۇئەللىم بۇ ئىشتىن خۇشال بوپتۇ. ماڭا: بېشىمغا كۈن كەلدى، ئەمدى ھېچنەرسىگە قارىماي شاگىرتلىق بۇرچۇڭنى ئادا قىل، دېمەكچى بوپتۇ.

ئەلقەم مۇئەللىمگە بولغان ئىخلاسـ
ساداقىتىم يەنە بىر قېتىم قاتتىق سىـ
ناقتا دۇچ كەلدى. سىناقتىن ئۆتەلمىسەم
ئىخلاس ـ ساداقەت قاچىلانغان قۇلۋاق
ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ، ساداقەتتىن ئىبارەت
ئېسىل گۆھەرلەر دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ
كېتەتتى، يېڭىدىن باشلانغان مۇناسىۋـ
تىمىزمۇ ئاخىرلىشاتتى. مېنىڭ بۇ قىمـ
مەتلىك گۆھەرلەرنى دېڭىزغا چۆكتۈرـ
ۋەتكۈم كەلمەيتتى. ئۆزۈمنى يەنە بىر
قېتىم قاتتىق تۇتۇۋالدىم. كۆز ئالدىمدا
قەدىرلىك مۇئەللىمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان
سىيماسى يەنە بىر قېتىم نامايان بولدى.
بولدىلا، بۇ قېتىممۇ مۇئەللىمنىڭ ئېغىـ
رىنى كۆتۈرۈۋېتەي! مۇھتاجلىق، دەرد ـ
ئەلەم ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ.

كېيىنكى ھېكايىنىمۇ باشقىدىن يازـ
دىم. ئۇنى بۆلۈمدىكى كەسىپداشلىرىمغا
كۆرسىتىۋىدىم ئۇلارمۇ ھېكايىنى، ئاپـ
تورنى ماختاپ كېتىشتى. ھەممىسى بىر
ئېغىزدىن ژۇرنالنىڭ ئەڭ باش تەرىپىگە
بېرەيلى، دېيىشتى. بىرەر ئاي ئۆتكەنـ
دىن كېيىن مۇئەللىمگە بىر يۈز يىگىرمە
يۈەن قەلەم ھەققى ئەۋەتتىم. يەنە بىرەر
ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەلقەم مۇئەللىمـ
نىڭ رەھمەت خېتى بىلەن ئۈچىنچى ھېـ
كايىسى يېتىپ كەلدى. ھېكايىنى قولۇمغا
ئېلىپ بىر ـ ئىككى بەت كۆرۈپلا تاشـ
لاپ قويدۇم. ناچار، ئىنتايىن ناچار...

ئەمدى ئەلقەم مۇئەللىمگە بولغان
ئىخلاس ـ سادا قىتىمنىڭ قۇلۋىقى ۋىجـ
دان سىنىقىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىـ
رىغا بەرداشلىق بېرىشكە قادىر بولالمىـ
دى. ئاخىرى بىريانغا قىڭغىيىپ چۆكۈشكە
باشلىدى. مەنمۇ ئەمدى ئۇنى قۇتۇلدۇـ
رۇش چارىسىنى قىلىشقا ئۇرۇنمىدىم.

ۋىجدان، ئىخلاس، ساداقەت دېگەنـ
لەرمۇ بەزىدە شارائىت، ئىمكانىغا قاراپ
ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان مىزانلار
ئىكەن، ئەمدى ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ
مەندىن كۈتكەن ئۈمىدى ئۈچۈن تۈزكورـ
لۇق قىلماقتىن باشقا يول قالمىدى.
يۈرىكىمنى ئېغىر غەشلىك قاپلىۋالـ
غانىدى. ئىرادەمگە زىت ھالدا كېيىنكى
ھېكايىسىنى كېرەكسىز قەغەزلەر ساندۇـ
قىغا تاشلىۋەتتىم، خەت يېزىشنى
توختاتتىم.

ئەلقەم مۇئەللىمدىن قايتا ـ قايتا
بىر قانچە پارچە خەت كەلدى. ئېھتىـ
مال يەنە شۇنداق ھېكايىلاردۇ. خەتلەرنى
ئاچمايلا كېرەكسىز قەغەزلەر ساندۇقىغا
تاشلىۋەتتىم.

مەن جىم بولۇۋالغاندىن كېيىن
كېيىن مۇئەللىممۇ خەت يېزىشتىن توخـ
تىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ
كەتتى. بىر كۈنى يەنە ھېلىقى يىللىق
چىراي خەت تارقاتقۇچىمىز رازدىيە
قولۇمغا بىر پارچە كونۋېرتنى تۇتـ
قازدى. ئادرېسقا كۆز يۈگۈرتتىم. خەت
دۆربىلجىندىن ـ ئەلقەم مۇئەللىم تۇرغان
يېزىدىن كەلگەن، لېكىن مۇئەللىمدىن
ئەمەس، ئاببباس ئەلقەم ئىسىملىك
كىشىدىن كەلگەنىدى. ۋۇجۇدۇمنى ئەجەبـ
لىنىش تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى. كونـ
ۋېرتنى ئاچتىم. خەتنى ئوقۇۋېتىپ
ئاھ مۇئەللىم، دەپ نىدا قىلغىنىمچە
ئۈستەل ئۈستىگە يۈزۈمنى ياقتىم. كەۋدەم
تىترىدى. ئۈنسىز ياش تۆكۈپ يىغلىدىم.
خەتمۇ قولۇمدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— قادىركا، نېمە بولدىلا؟ — رازىيە قېشىمغا كېلىپ، يەردىكى خەتنى ئالدى-دە ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئاندىن ماڭا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، مۈرەمنى ئاۋايلاپ تۇتتى، — قادىركا، ھەر قانچە ئېغىر ھادىسە يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا.

روھىي كەيپىياتىمنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشىدىن بۆلۈمدىكى كەسىپداشلىرىممۇ ھەيران قېلىشتى. ھەممىسى ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ ماڭا تەسەللى بېرىشتى.

خەتنى ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ ئوغلى ئابباس ئەلقەم يازغان. خەتتە يېزىلىشىچە، ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن تەشكىل ئۇنى بىر زىيارەت ئۆمىكى تەركىبىگە كىرگۈزۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. زىيارەت جەريانىدا مۇئەللىمنىڭ ئۇشتۇمتۇت يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ۋاپات بولغان.

ئابباس ئەلقەم خېتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «دادامنىڭ ئۆزلىرىگە ئىخلاس، ھۆرمىتى، دوستانە مۇھەببىتى كۈچلۈك ئىدى. بىزگىمۇ سىلە بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ئۈزمەسلىكنى تاپىلايتتى. شۇڭا دادامنىڭ ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ئاتاپ يېزىپ، ئەۋەتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بىر پارچە خېتىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتتىم.»

ئۆزۈمنى زورغا بېسىۋېلىپ، ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ خېتىگە كۆز سالدىم.

«قەدىرلىك ئىنىم قادىر، سىز نەزەرىمدە ھۆرمەتكە لايىق ئادەمسىز، ماڭا بىلدۈرگەن ئىخلاس-ساداقىتىڭىز-نىڭ قىممىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىزمەن. ئەپسۇسكى، مەن ئۆزۈمنىڭ يوللۇق بولمىغان تەلەپلىرىم بىلەن سىزنى قاتتىق خىجالەتچىلىكتە قالدۇردۇم، بۇ تەلەپلەرنىڭ يولسىزلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلەتتىم. ئەمما شۇ چاغلاردىكى تۇرمۇشنىڭ ئېغىر بېسىمى مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىدى. شۇڭا سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دوستلۇق رىشتىمىزنىڭ ئۇلىنىشى ئۈچۈن ھىممەت كۆرسىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن».

بۇ ئىككى پارچە خەت ۋۇجۇدۇمنى قاتتىق لەرزىگە سالدى. كۆز ئالدىمدا ئەلقەم مۇئەللىمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان يېقىملىق چىرايى يەنە نامايەن بولدى. ئۆزۈمنى تۇتالماي يەنە ياش تۆكتۈم. كەسىپداشلىرىم ماڭا جىق تەسەللى بېرىشتى. كېيىن: بېشىڭىزغا كەلگەن بەختسىزلىكتىن بىزمۇ خەۋەردار بولۇپ قالايلى، ياردىمىمىز تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دەردىڭىزمۇ يەڭگىللەپ قالار، دېيىشتى. مەنمۇ ئەمدى بۇ ئىشلارنى سىر تۇتۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مۇئەللىمنىڭ كەچمىشلىرىنى، ھېلىقى ئىككى پارچە ھېكايىنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ئاخىرىدا ئۆزۈمنىڭ «تۇزكورلۇق» قىلغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم. مۇئەللىمنىڭ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ خېتىنىمۇ ئوقۇپ بەردىم.

سۆزۈم تۈگىگەندىن كېيىن ئىشخانىنىڭ ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلاپ كەتتى. كەسىپداشلىرىم ئېغىر-ئېغىر تىنىشقان ھالدا ئۇزاققىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇشتى. بىرەيلەن ئاستاغىنە بېشىنى كۆتۈرۈپ:

(ئاخىرى 147 - بەتتە)

مۇھەممەت لىتىپ

# ئەسلەۋە ئۇنۇتما

(ھېكايە)

ئىنىكىمىز ئۆز ۋاقتىدا ئالىي مەكتەپتە ئاشىق - مەشۇقلاردىن ئىدۇق. بىر - بىرىمىزنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتۇق. ئىككىمىز پاراڭغا چۈشتۇقمۇ، بولدى، گېپىمىز تۈگىمەيتتى. بىر - بىرىمىزنى بىردەم كۆرمىسەك تۇرالمايتتۇق. كېيىن ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكىمۇ چىقتۇق. تويىمىزنىمۇ قىلدۇق. بىر - بىرىمىزنى سېغىنىپ ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرايتتۇق. مۇڭدىشىپ زادىلا قانمايتتۇق، قاتتىق - يېرىك گەپلەر بىزگە يات ئىدى. تۇرمۇشىمىز سېرىقتال ئۆتسىمۇ، كەيپىمىز چاغ، كۆڭلىمىز خۇش ئىدى. خوتۇنۇم ھېسابقا قېرىق ئىدى. مائاشىنى ئەكىلىپلا ماڭا تاشلاپ بېرەتتى، ئۇنى پۇل خەجلەشكە زادىلا كۆندۈرەلمەيتتىم.

يىللار ئىز قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى، سىنىپىي تەركىبىم يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەلدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم بولغاچقا، ھەربىر ھەرىكەتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى بىزنى يوقلىماي ئۆتمىدى. ھەربىر ھەرىكەتتە ماڭا يېڭى بىر قالپاق كىيگۈزۈلەتتى، يېزىغا ھەيدەلدىم، تۈرمىدىمۇ ياتتىم، مەن نەگە ھەيدەلسەم خوتۇنۇممۇ ماڭا تەقدىرداش بولۇپ شۇ يەرگە بېرىپ، مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالدى. ئۇنى مېنىڭدىن چەك - چېگرا ئايرىشقا قىستاپ چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئىككى تال چىشىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكەندىمۇ، ئۇ مەندىن يىراقلاشمىدى. ماڭا بولغان مۇھەببىتى سوۋۇمىدىلا ئەمەس، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيدى...

ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ - ھە! ھەش - پەش دېگۈچە يېشىمىز ئەللىكتىن ئاشتى، قېرىلىق بىزگە يېپىشىشقا باشلىدى. ئائىلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئويلىسام تېنىم شۈركۈنىدۇ، ئەمدى بىزنىڭ ئائىلىدىكى ئىجىل - ئىناقلىق تۈگىگەن، ھە دېسىلا بىر - بىرىمىزگە زەھەرىمىزنى سانجىيمىز. قاتتىق زۇكۇنلىشىپ كۆزلىرىمىز چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئائىلىنى تەرك ئېتىشكە ئازلا قالىمىز، ھەر ئىككىلىمىز ئۆيدە تۇرغىمىز كەلمەي ئىشخانىمىزغا چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايمىز... مۇشۇلارنى

ئويلىساملا بىرى خۇددى ئىچ ـ باغرىمنى پىچاق بىلەن قوچۇۋەتكەندەك قاتتىق ئازابلىنىمەن. بۇ دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە مەڭگۈلۈك بولمايدىكەن، دەپ ئويلاپ قالىمەن، ئۆز ۋاقتىدا بىر-بىرىنى بىردەم كۆرمىسە تۇرالمايدىغان سېنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم بىر جان ئەمەسمۇ، سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم قۇربان ئەمەسمۇ، دېيىشىدىغان ئاشىق ـ مەشۇقلار بۈگۈنكى كۈندە بىر ـ بىرىنى كۆرەر كۆزى يوق بولۇپ كېتىدىغاندۇ؟ تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە تۇۋا دەپ ياقامنى تۇتۇپ قالىمەن. بەزىدە ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان ئامىللىنى كىممۇ ئويلاپ تاپقاندۇ: كىشىلەر بىر ـ بىرىگە باغلانماي ياشىسا قانداق ياخشى بولاتتى، دەپمۇ ئويلاپ كېتىمەن، چۈنكى ھازىر ئۆيگە كىرسەملا تۇترۇقسىز جاڭجال مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۆيگە كىرمەي دېسەڭ ئادەت كوچى يامان، خەق ئۆسەك سۆز تارقىتىدۇ، ئويلاپ ـ ئويلاپ بۇ ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمىدىم. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى، نېمە ئىلاجىم بار؟ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن خۇددى بىرى ئارقامدىن ئارتىۋاتقاندەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆيگە كىرىدىغان گەپ. ھال كۈنىمىزغۇ ياخشى. نېمە قىلىمەن دېسەك قىلالايمىز. قولىمىزنى نەگە سۇنساق يېتىدۇ. بىراق ئۆيدىن ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچمەيدۇ. بۇنداق ئۆيدە تاماق ئېتىشكە كىمنىڭمۇ قولى بارسۇن؟ بەزىدە چاشقاندەك قۇرۇق نان غاجىلايدىغان گەپ. بۇرۇن ھېسابات بىلەن خوشى يوق خوتۇن ئەمدى قىلىنى قىرىق يېرىپ زىغىرلايدۇ، مائاشىم چىققان ھامان پاك ـ پاكىز سىيرىۋالىدۇ. ئۆزىمۇ يېمەيدۇ، كىيمەيدۇ، ماڭىمۇ خەجلەتكۈزمەيدۇ. بىر ـ بىرىمىزدىن كۆڭلىمىز نازۇك، قورقۇپ ئۆينى دۆملىۋەتكەندەك بىرىمىز بىر بۇلۇڭنى ماكان قىلىپ ئولتۇرىمىز. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئارىمىزدىكى جاڭجاللىنىڭ كۆپىنچىسى ئوغلىمىز ئۈستىدە بولىدۇ. ھېلىمۇ بىر بالا بولۇپ قالغىنى. ئەگەر بىر نەچچە بالىمىز بولغان بولسا... ئۇنى پەرەز قىلىش كېچىسى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەندەكلا ئىش، بالىغۇ بىزگە چوڭ پېشكەللىك تېپىپ بەرگىنى يوق، گېپىمىزگە كىرمەيدۇ شۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزلا ئۇنىڭغا: بىز سېنى نى ـ نى جاپالارنى تارتىپ چوڭ قىلدۇق، ئاشۇ قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ، بىر ئېغىز گېپىمىزنى يېسەڭ نېمە بولاتتى ـ ھە! دەپ ئەيىبلەيمىز. ئەر ـ ئايال ئىككىمىزنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگىچە بىر يەردىن چىقىدۇ، ئاندىن كېيىن ھەر ئىككىمىز ئۇنى ئۆزىمىز خالىغان كوچىغا تارتىمىز. ئەڭ ئاۋۋال خوتۇنۇم كۆز يېشى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاق سۈت بېرىپ باققىنىنى پەش قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىشقا تىرىشىدۇ: «جېنىم ئوغلۇم، سەن مېنىڭ بىر تالالا گۆھىرىم، ھەرگىز ئاتاڭنى دورىما، جاھىل بولما، ئۇ مۇشۇ جاھىللىقى بىلەن بۈگۈنگىچە يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ئادەمنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدۇ... مېنىڭ گېپىمنىمۇ بىرەر قېتىم ئىڭشىساڭ، مەنمۇ سېنىڭدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كەتمەسمىدىم. ئۇنداق قىلمىغىن بالام، بۇ يىل

28 گە كىرىپ قالدىڭ، ئالىقاچان ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىڭ. ساۋاقداش، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭ ھازىر ئىككى ـ ئۈچ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇپ قالدى... ھازىر مەنمۇ قېرىدىم، رېماتىزىم بەلگە چىقتى، پۇتلىرىم سوغۇقنى كۆرسىلا ئاياقتەك قېتىپ قالىدۇ... بۇ دۇنيالىقتا بىرلا قېرىندىشىم ـــ ئاكام بار. ئۇنى سەن ئوبدان بىلىسەن، ئاكامنىڭ قىزىنى كېلىن قىلىۋالسام مېنىڭمۇ پۇت ـ قولۇم بوشىمامتى؟ ئاكامنىڭ قىزى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن، چىراي دېسە چىرايى بار، ئۆي ئىشىغا شۇنداق پۇختا، ئەگەر ئۇ بۇ ئۆيگە كىرسە بىر بالام ئىككى بولمامدۇ؟ يېزىلىق بولسا گۇناھمىكەن، شەھەرگە ئېپكەلسەكلا شەھەرلىك بولىدۇ. نى ـ نى پايتەختنى سۆرەپ چىققانلارنىڭ ھالىنى ھازىر بەش ئات تارتالمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇمۇ تۆت كۈندىلا شەھەرلىكلەردىن قېلىشمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ...

ئايالىم بالىغا دائىم تاماق ئۈستىدە كاسىلدايدۇ، ئوغلۇم ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۈنچىقماستىن تامىقىنى يەپ بولۇپلا ھۇجرىسىغا ماڭىدۇ، شۇ چاغدا مەن ئۇنى ماڭغۇزماي ئولتۇرغۇزۇۋالىمەن، ئوغلۇمنىڭ ئولتۇرۇشقا رايى بولمىسىمۇ بويىنى باغلىغاندەك زورمۇزور ئولتۇرىدۇ.

ـــ قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك قىستاۋېرەمسەن، ـــ دەيمەن خوتۇنغا تەگكۈزۈپ، ـــ ئارامخۇدا تامىقىنىمۇ يېگۈزمىدىڭ! ماڭا قارا، ئوغلۇم، خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، دېگەن گەپ بار، ئاپاڭ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى تازا بىلىپ كېتەلمەيدۇ، يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، يەنىلا يۈگۈر ـ يېتىم ئىشقا مېڭىپ يۈرىمەن، ئىدارە باشلىقىمىز مېنى ئۈستۈرىدىغانلىق توغرىسىدا بېشارەت بەرگىلى ئۈچ ـ تۆت يىل بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قىزىنى بىزگە سايە قىلىغان، ئەگەر سەن ماقۇل بولىغان بولساڭ بۇ چاققىچە بالىلىقمۇ بولۇپ قالاتتىڭ، مەنمۇ مۇنداق يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلاردىن قۇتۇلۇپ، بىرەر ئەمەلنىڭ بېشىنى تۇتقان بولاتتىم... ھەي، كېلىن قىلسا شۇنداق قىزنى قىلسا بولىدۇ. تىرناقتىلا توختىغۇدەك قىز دېگىنە، ئەمما سەن شۇ چاغدىلا ياخشى قىلمىدىڭ. قىز تېلېفوندا «قاچان كۆرۈشىمىز» دېسە، خۇدا بۇيرۇغان كۈنى دەپسەن، مۇشۇ كۈندىمۇ شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرەمسەن، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ئەمما ئۇ قىز ھېلىمۇ ياتلىق بولمىدى. بىزنىڭ باشلىق تېخى قايسى كۈنىلا بۇ توغرۇلۇق ماڭا يەنە پۇرىتىپ گەپ قىلىۋاتىدۇ، يېشىمغۇ ھازىر ئۈستۈرۈش يېشىدىن ئېشىپ كەتتى، ئەمما قۇداڭ كىم دېسە پالانى ئىدارىنىڭ باشلىقى پوستانچى دېسەم ياخشى ئەمەسمۇ، ساڭىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، ھەممە ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتىدۇ... مېنىڭ گېپىمنى مۇشۇ بىرلا قېتىم ئاڭلاپ قوي.

ـــ گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خوتۇنۇم گېپىمنىڭ بېلىگە تەپتى:

ـــ ئو ھۇش، ئەمەل، ئابرويىنى دەپ كوچىدا قالغان بىر نېمىنى بالىغا ئېلىپ بەرمەكچىمۇ؟ ئالجىپسىز.

ـــ ھە، خەقنىڭ قىزىغا يوق گۇناھنى ئارتىپ بالىنى سىزغان سىزىقىڭغا كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ شەھەردە قىز ئازمىدى، يېزىدىكى قىزنىڭ نوپۇسىنى، خىزمىتىنى ـ م ھەل قىلىدۇ؟

— ھەجەپ خەقنىڭ ئىشى دېسە ئىشتىنىڭىزنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي چاپىسىز. ئۆز پۇشتىڭىزدىن بولغان بالىنىڭ ئىشىغا سىز ماڭمايكىم ماڭىدۇ؟ مەن دېگەن بالىنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭغا كىمنى ئېلىپ بېرىش مېنىڭ ھوقۇقۇم. سىز ئۆز ئىشىڭىز بىلەن بولماي نېمىدەپ بۇ ئىشقا چات كىرىۋالىسىز؟!

خوتۇنۇم ۋارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. مەن ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ ئۈندىمىدىم. ئوغلۇم بۇنداق چاغلاردا ياتىقىغا كىرىپ بېكىنىۋالىدۇ ياكى نەلەرگىدۇر غايىب بولىدۇ. ئامال بولسىلا ئىككىمىز يوق ۋاقىتلاردا ئۆيگە كىرىپ تاماقنى يەۋېلىپلا چىقىپ كېتىدۇ، بىز ئۇخلاپ كەتكەندىلا بېرىپ يېتىۋالىدۇ. گاھىدا مىر - بىرىمىزگە بىلدۈرمەي ئۇنى ئايرىم تۇتۇۋېلىپ قۇلىقىنى بوراپ، گېپىمىزگە كۆندۈرۈشكە تىرىشىپ باقىمىز، ئەمما ئۇ تىلىنى بىرى كېسىۋالغاندەك ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇۋالىدۇ ياكى بېشىنى قېقىپ سىرتقا ماڭىدۇ. مەن ئۇ بىزگە يۈز كېلەلمەي يۈرەمدىغاندۇ ياكى ئىشپەش تارتىپ يۈرگەن قىزى بارمىدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ بىئارام بولاتتىم.

بىر كۈنى ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بالىنىڭ توي ئىشى توغرىسىدا يەنە دېيىشىپ قالدۇق. بۇ ئاخىرى بېرىپ جېدەلگە ئايلاندى. ئۇ ھەقىقەتەن ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمىدىمۇ ياكى مېنى قورقۇتۇپ گېپىگە كۆندۈرمەكچى بولدىمۇ، ئۇن نەچچە تال ئۇيقۇ دورىسىنى بىراقلا ئىچىۋالدى. ئارىدىن بىر ئاز ئۆتۈپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، خامۇش ھالەتتە ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ تىنىقىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

مەن قورقىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇراتتىم. تەلىيىمگە بىر دوختۇر ئاغىنەم ئۆيگە كىرىپ قالدى. دوختۇرلۇق ئىلمىنىڭ قۇدرىتىنى شۇ يەردىن كۆردۈم، ئۇ سوغۇق سۇنى خوتۇنۇمنىڭ ئاغزىدىن چۈمۈچلەپ قۇيۇۋەردى. قورسىقى سۇغا توشقاندا قۇسقىلى تۇردى، يېگەن نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇۋەتتى. دوختۇر ئىككىمىز كېچىچە ئۇخلىمىدۇق، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدۇق. ئۇ بىر ھەپتىگىچە تۈزۈك تاماق يېيەلمەي يۈردى. شۇندىن كېيىن ئىككىمىز گەپ تەگىشىپ قالايلا دېسەك جېدەلدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، غىپپىدە تالاغا چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم... كېيىن مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك كېچىلىك رادىئونى يېنىمغا سېلىپ كوچا ئايلىنىدىغان بولدۇم. گاھىدا باغچىغا كىرىپ، رادىئو ئاڭلىسام روھىم خېلى كۆتۈرۈلۈپ، تېتىكلىشىپ قالاتتىم، ئاستا - ئاستا رادىئو مېنىڭ يېقىن دوستۇم بولۇپ قالدى. دۇنيادىكى ۋە ئەتراپىمدىكى ھەرخىل يېڭىلىقلار مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ناخشا، مۇزىكا ئاڭلاش تېخىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغان بولدى. رادىئونىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغاندەكلا بولۇپ كېتىمەن، گاھىدا باغچىغا كىرىپمۇ تېرىكىپ قالىمەن، خالىيراق يەردىكى بۈك - باراقسان ئورمانلىق، گۈللۈكلەر ئارىسىدىكى ئورۇندۇقلارنى جۈپ - جۈپ يىگىت - قىزلار ئىگىلەپ بولاتتى، قاچانلا كىرسەم ئۇلار مەندىن بۇرۇن كىرىپ ئورۇندۇقلارنى ئىگىلەپ بولۇشقان، يا بۇلار ئىشلىمەيدىغان، تاماق يېمەيدىغان، ئۇخلىمايدىغان ئادەملەرمىكىن دەپ قالىمەن، ماڭا تېگىدىغىنى

ئۇچۇقچىلىقتىكى، يول بويىدىكى ئورۇندۇقلار،
مەن يەنىلا بۇ ئورۇندۇقلارنىڭ تەگكىنىگە
خوش.

مەن كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىپ
ھېرىپ - ئېچىپ كېلىشىمگە يەنىلا خوتۇن-
نىڭ «شەپقىتى» گە ئېرىشتىم، ئاغزى بې-
سىلماي سۆزلىگىلى تۇردى. مەن جاۋاب
ياندۇرسام ئىش ئۇلغىيىپ كېتەتتى. بۇ
«جەڭ» دىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ بۇرۇنقى-
دەكلا كوچىغا چىقىپ باغچىغا كىردىم - دە،
بوش ئورۇندىن بىرنى تېپىپ ئولتۇردۇم.
ماڭا سەپەر ھاردۇقى يەتكەن چېغى،
رادىئو ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتى-



مەن، بىر كەمدە ئويغىنىپ كۆزۈمنى
ئاچسام تۈن تەڭ بولۇپ قاپتۇ. ھاياتلىق
يەنىلا شېرىن لەززەت كۈيىنى كۈيلەۋې-
تىپتۇ. شۇنچە كۆپ ئورۇندۇقلار ئازلىق
قىلغاندەك ھېنىگدىن ئۈچ - تۆت مېتر نې-
رىدىكى قارىغاينىڭ تۈۋىدە چىملىقتا بىر
جۈپ قىز - يىگىت قاراڭغۇلۇقنى پەردە
قىلىپ مۇڭدىشىۋېتىپتۇ، ئۇلار خۇددى جا-
ھاندا ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەم يوقتەك
بىر - بىرىگە چىڭ چىرمىشىپ كەتكەنىدى.
بۇلار مەندىن قىلچىمۇ ھېيىقماي، مېنى
ئۇخلاۋاتقانغا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزلىرى بىل-
گەن قىلىقلارنى قىلغىلى تۇرسا بۇ مەن
ئۈچۈن ھاقارەت ئەمەسمۇ، بولدى ئەمدى
ئۇلارنىڭ بەد قىلىقلىرىنى كۆرگۈم يوق،
ئورنىمدىن تۇرۇپ كېتەي... مەن يەنە
ئويلىنىپ قالدىم، مۇشۇ تاپتا ئورنىمدىن
تۇرۇپ كەتسەم ئۇ ئىككىسى ھەي قېرى،
مۇشۇ ئەپتىڭ بىلەن كېچىدە ياشلارنىڭ
ئارقىسىدىن پايلاپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى
ئوغرىلىقچە ئاڭلاشتىن نومۇس قىلمامسەن؟
ئەخلاقسىز! دەپ ماڭا ھۆرپىيىشى تۇر-
غانلا گەپ. بۇ مەن ئۈچۈن سەت ئەمەس-
مۇ؟ بۇ كېچىدە ئۆزۈمنى ئۇلارغا قانداق
چۈشەندۈرۈپ بولىمەن، بوپتۇ، خوتۇن-
نىڭ كېچىدە نەگە باردىڭ، دېگەن سورى-
قىغا قالساممۇ مەيلى، قاراپ تۇرۇپ ئۈش-
شاق باللاردىن دەشنام يېگىچە قۇلىقىمنى
يۇپۇرۇپ يېتىۋېرەي. مەن كۆزۈمنى يۇ-
مۇپ ئورۇندۇقتا جىممىدە ياتتىم. لېكىن
ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
تووا، بىزمۇ ياش ۋاقتىمىزدا مۇشۇنداق
گەپلەرنى قىلىشقان بولغىيدۇق - ھە! ئۇلار
نېمىدېگەن بەختلىك، بىر - بىرىگە نېمە-
شەدېگەن مېھرىبان... ئادەم قېرىسا راستىنلا

مىجەزى قوپاللىشىپ قالامدىغاندۇ... ئەگەر تۇرۇپ كەتسەم ھېچبولمىدى دېگەندە ئۇلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ ياكى ئۇلارنى ئۈركۈتۈپ قويغىدەكمەن... ھېچكىم قىلمايدىغان ئىشمۇ ئەمەسقۇ بۇ. مەنمۇ ياش چېغىمدا كېچە-كېچىلەرنى ئاشۇ ھازازۇل خوتۇنۇم بىلەن پىچىرلاپ ئۆتكۈزگەن، ئۇ چاغدا ئۇ ھەرگىز ھازىرقىدەك ئەمەستى، كۆڭلۈمنى بەك ئايايتتى، شۇنداق رايىش مۇلايىم ئىدى، ئەمدى ھازىرچۇ؟ بەس ئەمدى، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسلەپ نېمە قىلاي...

— كېتەيلى دەمسىز؟ نېمە ئانداق ئالدىرايسىز؟

— سىزنى ئايىساپ... بەك كەچ قالساق ئاپىڭىز...

— ئاپام مېنىڭ ئامرىقىم بارلىقىنى، ئۇ مېنى كۆزىنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

— ئاتا-ئانىڭىز بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قارىمىدىڭ، دەپ سىزدىن رەنجىمەمدۇ؟

— ياقەي، ئاپام مېنىڭدىن نېمىلەرنى سورىغىنىنى سىزگە دەپ بېرەيمۇ؟ مەن ئۇ كۈنى خاپا بولۇپ ئولتۇراتتىم، ئاپام يېنىمغا كېلىپ تاتلىق گەپلەر بىلەن مېنى ئەركىلەتتى، ئاندىن «جېنىم قىزىم، مەن سېنىڭدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن» دېدى. مەن نېمە بوپتىمەن، مېنىڭدىن گۇمان قىلىۋاتامسەن دەپ ئاپامغا دوق قىلىپ ئورنىمدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولىۋىدىم، ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— قىزىم، نېمىگە تېرىكىسەن؟ سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، بۇ ئىش ھەرقانداق قىزنىڭ بېشىدا بار، ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋەزىپىسى پەرزەنتلىرىنى توغرا يولغا باشلاش، بالىلارنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئاتا-ئانىسىغا دېيىشى نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بىرى بىلەن گەپلىشىپ قويغان بولساڭمۇ مەيلى...

— ئاپا، راستىنلا خاپا بولمامسەن؟ — بۇ سۆزنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم. ئاپام ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى. مېنىڭ بىلىپ قالغىنىم ساڭا پايدىلىق، دېدى ئاپام مېھرىبانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ، مەن ئاپامنىڭ ئالدىدا خىجىل بولساممۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى دەپ بەردىم، ئاپام ئاتا-ئانىڭىزنىمۇ ئوبدان تونۇيدىكەن. ئۇلار ھالال ئادەملەر، جامائەتچىلىك ئىچىدە ئىناۋىتى بار، بوپتۇ بالام، ياخشى خەقلەر بىزگە قۇدا بولغۇدەك، يىگىتىنىمۇ كۆرمىدىم، ھەر كىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە گۈل كۆرۈنەر كۆزىگە، دەپتىكەن، ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولسۇن قىزىم! دېدى. سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا قارشى ئەمەستۇ؟

يىگىتنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ يۇلتۇزلار جىمىرلاپ يېنىپ تۇرغان ئاسمانغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ، جىمجىت ئولتۇراتتى. قىزنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى چېغىدا ياخشى باھا بېرىۋاتسا، ئۆز ئاتا-ئانىسى ھەققىدە نېمىشقا بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى زادى كىمدۇ؟ ياكى ئۇلار شۇنچىۋالا ئوسال خەقمىدۇ؟

— ئەجەب جىم بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ مەندىن زېرىكتىڭىزمۇ-يا؟ — دېدى، قىز

بىر پەستىن كېيىن.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس...
سىز مېنىڭ ئاتا-ئانامنى تىلىغا ئال-
ماڭ! — يىگىت ھاياجانلانغان بولسا كې-
رەك، سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىقات-
تى، ئۇ ئېغىر تىنىدى. نېمە ئۈچۈندۇر
ئۇنىڭ ئاۋازى ماڭا تونۇشتەكلا بىلىنىدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ نېمىشقا ئاتا-
ئانىڭىزنى تىلغا ئېلىشقا بولمايدىكەن؟

— مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن،
ئۇلارمۇ مېنى جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ.
ئەمما مەن توغرۇلۇقلا جېدەللىشىدۇ، بې-
شىمنى ئاغرىتىدۇ.

— ھە، ئەمدى بىلدىم. سىز شۇڭا
ئۆيىڭىزدە ئولتۇرمايدىكەنسىز-دە، ئۆتكەن
كۈنى پويىز ئىستانسىسىدا...

ھوي، بۇ يىگىتنىڭ ئاۋازى ئەجەب
ئوغلۇمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىكىنا، ياق
شۇ...بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بۇكۈن تې-
ياتىرغا كەتكەن تۇرسا، بەلكىم بۇ چاق-
قىچە ئوخلاپمۇ كەتكەندۇ...

— سىز مېنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ — يى-
گىت گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك چۆچۈپ
كەتتى، — يېزىدىكى تاغامنىڭ قىزىنى
ئۈزىتىپ قويغىلى چىققان.

— شۇنداقمۇ، ئۇ بەك چىرايلىق
قىز ئىكەن.

— بىز باللىق چاغلىرىمىزدىن
تارتىپلا ناھايىتى ئىجىل ئىدۇق. مەن
يېزىدا تۇرغان چاغلىرىمدا ئۇنى كۆتۈ-
رۈپ ئوينىتاتتىم، كېيىن ئۇ چوڭ بولدى،
ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي
مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەندە مې-
نىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ئۇنى قاي-
تا ئىمتىھان بېرىشكە رىغبەتلەندۈردۈم،
بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئاكا-سىڭىللىق
مۇناسىۋەت. ئاپام بىلەن تاغامنىڭ باش-
قىچە ئويى بار ئوخشايدۇ.

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن سىزگە
بىر نەرسە دېيەلمىگەن بىلەن ئىچىمدە
ھەسەت قىلغانىدىم، ئەگەر ئەھۋالىنى
ئۇققان بولسام، ھەممۇ سىز بىلەن بىللە
ئۇزىتىپ قويغان بولاتتىم.

— مېنى ئەگىپ يۈرگەن يەنە بىر
قىز بار، ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق.

— سىز قالتىس ئامەتلىككەنسىزغۇ؟

— بۇ قانداق ئامەت بولسۇن؟ ئۇ
قىزنىڭ مىجەزى ماڭا زادىلا ياقمايدۇ،
باشلىقنىڭ قىزىمەن دەپ غادىيىپلا يۈ-
رىدۇ. تولىمۇ ياسانچۇق، ئۇ گۈزەللىك-
نىڭ نېمىلىكىنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ،
تۇرمۇشنىمۇ خىيالىي دۇنيادەك تەسەۋۋۇر
قىلىدۇ. گەپ-سۆزى، قىلىقلىرىمۇ شۇن-
داق ياسالما. راستىنى ئېيتسام ئۇنى
كۆرسەملا ئەرۋايىم ئۇچىدۇ.

— جېنىم سادىق، مەن سىزگە
ئىشىنىمەن، مەڭگۈ ئىشىنىمەن!

سادىق؟ تۇۋا، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم-
غۇ؟ ئاللا بۇ نېمە كارامەت. ئاھ خۇدا،
مۇشۇ تاپتا پېشانەمگە قانداق قىسمەتنى
پۈتكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ سەن ئوغلۇم-
نىڭ ئالدىدا مېنى قىمىر قىلىشقىمۇ جۈر-
ئەت قىلالمايدىغان ئاجىز بىر قورتقا
ئايلاندۇرۇپ قويدۇڭغۇ، مۇشۇ تاپتا مەن
بىر تىرىك مېيىت، بۇ...بۇ قانداق بو-
لۇپ كەتكىنى؟ ئاشۇ قىز مېنىڭ بولغۇ-
سى كېلىنىم ئىكەن-دە! ئەمدى بۇ يەر-
دىن قانداقمۇ مىدىرلاشقا بولسۇن. بۇ
نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك، ھە!؟
شۇ تاپتا ۋۇجۇدۇمغا سوغۇق ئېقىم

قاراپ شۇركىنىپ كەتتىم. يۈرىكىم قاتتىق دۈپۈلدەشكە باشلىدى، پۇت-قوللىرىم تارتىشىپ، كىرپىدەك توكۇلۈپلا قالدىم، مەيلى نىمە ئىش بولسا بولسۇن، پەقەت ئاۋاز چىقمىسىلا، ئۇلار تۈيۈپ قالمىسىلا بولدى، خوتۇنىنىڭ تىل-ئاھانىتى ئازلىق قىلغاندەك، ئەمدى ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا ئىزا-نومۇسقا قالايمۇ....

— ئالدىمىزدىكى يەكشەنبىدە سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارايلى سادىق، ئاتا ئانىڭىز مىنى تىخى كۆرۈپ باقمىدىغۇ.

— قانداق بولار، ئۇلار ئىتتىكمىزنىڭ يورۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز. ئەگەر توغرا چۈشەنمەي قالسا...

— ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش يورۇپ سىنىشىپ توي قىلغان بولغىيدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار كادىر تۇرسا، هازىرچۇ ئۆتمۈشتىن قالغان قىرىلارمۇ توغرا چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدى.

— بۇ...بۇ... — سادىق دۇدۇقلاپ قالدى.

قورقما ئوغلۇم، ئۆيگە ئاپىرىۋەر، دىمەكچىدىم، ئەمما دىيەلمىدىم. ئوغلۇمغا ئىچىم ئاغرىدى، ئۇنى يۈرگەن قىزنىڭ ئالدىدا دۇدۇقلاتقان، كىچىكەچىلەتكەن بىز ئەمەسمۇ... يۈرىكىم ئىچىشقاندەك، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ، ئازابتىن ئىڭرىۋىتىشقا تاسلا قالدىم. ئىككى كۆزۈمدىن سىرغىغان ياش قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە كىلىپ توختاپ قالدى... ياشلىق چاغلىرىمىز ئىسىمگە كەلدى... تىخى بۇندىن 30 يىل ئىلگىرىلا مۇشۇ ياشلاردەك باغچىلاردا مۇڭدىشىپ تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكەن چاغلىرىمىز بولغان، ئۇ چاغلاردا هىچكىممۇ بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىۋالمىغان، بىز ئۆزىمىزنى شۇنچە بەختلىك هىس قىلاتتۇق، شۇنچە ئەركىن ئىدۇق... هازىرچۇ، قىرىدۇق، ئۇزۇن مۇساپىنى بىسىپ چارچىدۇق، ئەمما ئۆتمۈشىمىزنى، ياشلىقىمىزنى نىمانچە ئاسان ئۇنتۇلۇپ كەتكەندىمىز، قانداقلارچە شەخسىيەتچىلىك پاتقىقىغا چۆكۈپ بۇنداق چاكىنا بولۇپ قالغاندىمىز، ئوغلىمىزنىڭ بىشىغا هەر بىرىمىز بىردىن نوختىنى سىلىپ ئۆزىمىز خالىغان تەرەپكە تارتىپ، سۆرەپ، ئۇنى قىيناپ يۈرگىنىمىزچۇ تىخى، بۇ بىزنىڭ ئوغلىمىزغا كۆيۈنگەنلىكىمىز ئىكەن، تۇۋا، نەدىمۇ مۇشۇنداق مىھرىبانلىق، كۆيۈنۈش بولسۇن. ئاھ، ئوغلۇم، سەن نىمە دىگەن غەيرەتلىك، چىدامىلىق. بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئاياپ، كۈنلەرنى ئازابلىق سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈۋىتىپسەن، سىنىڭ ئىرادەڭ مىنى ئويغاتتى، پەزىلىتىڭ ماڭا يول كۆرسەتتى، ئاپاڭمۇ ئاخىرى سىنى چۈشىنىدۇ. هەقىقىي مىھرىبانلىقنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ. ئاھ، ئوغلۇم، بىزنى كەچۈرگىن! هەي، خوتۇن، ئوغلىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشلىقىمىزنى ئەسلە ۋە ئۇنۇتما!

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

# شېئىرلار

## دوستۇمغا مۇۋەششەھ

قىلىپ شوخلۇقنى بىز دەسلەپ، تونۇلدۇق ئەھلى يارەنگە،
كېيىن پىنھانە بولدۇق بىز، ۋاقىتلىق كەپە— خانەمگە.

ئەيىبلەپ يۇرمىسۇن ئەل-يۇرت دىبان ھىجراندا يۇردۇق بىز،
پىكىر سۇس، تىل گاداي كەلدى، ئۇ چاغ ئەشئاردا غايەمگە.

لاتاپەت دەشتىدە شىرنە يىغىپ ئازغانغا ياماشتۇق،
ئاتاپ تۇتمايلى دەپ سوۋغا، جۇمە، يەكشەنبە، ئايەمگە.

ئەنە، قەلبىمدە بىر دەريا قىيان دەۋرەيدۇ تاشقىنلاپ،
بالاغەت دۇلدۇلى چاپچىپ سەپەر؟ سورايدۇ ئالەمگە.

ماڭايلى، تاغ-داۋان بىزگە پايانداز بولغۇسى ھەر ئان،
تەخىرسىز دوستلىرىم ئەپسۇس، كېپەن يۆگەپتۇ سايەمگە...

## چۆلدىكى شاھلىق

بۇلۇتلار چوغلىنىپ كۆيمەكتە كۆكتە،
ئالۋۇن دېڭىزىدا تۆمۈر يالقۇنى.
قۇياش ئەجدىھاسى پۈركۈيدۇ ئاتەش،
ھەيۋەتلىك بارخانلار ماگما دولقۇنى.

قاي قىسمەت بۇلارنى تاشلىدى چۆلگە؟
ۋە ياكى سەپەردە ئازدىمۇ يولدىن؟
قول سىلكىپ ئۇپۇقتا كۈلدىمۇ ئۈمىد؟
ياشاشنىڭ ئىمكانى كەتكەندە قولدىن.

ئوت كېچىپ كەلمەكتە ئاتا ۋە بالا،
يىلىكلەر قاينايدۇ، مېڭە قاغجىراپ.
كونا سوڭەكلەردىن تامچىپ دىۋدرقاي،
كىيىكلەر پىژىلداپ بوپقاپتۇ كاۋاپ.

ئوت كېچىپ كەلمەكتە ئاتا ۋە بالا،
ئۆلۈم چاڭگىلىدىن ئالدىراپ قېچىپ.
ھەر يانغا چاپىدۇ ئون ياشار ئوغۇل،
بوۋاينىڭ ئالدىدا ئۇڭا يول ئېچىپ.

ئوت كېچىپ كەلمەكتە ئاتا ۋە بالا،
گاھىدا يىلاندەك سويلاپ-ئۆمۈلەپ.
ھەر قەدەم پىلسىرات، ھەر قۇم جەۋرائىل،
بارخانلار سىيرىلىپ قوغلايدۇ دەۋرەپ.

ياش نەدە؟ تەر نەدە؟ پۈتتى، قۇرىدى،
يىغلاشمۇ بەختكەن نەم بولسا تەندە.
ئەجەل قورقۇنچىنى كۆرمىگەن غاپىل،
پۇل، ئەمەل، سۆيگۈچۈن يۈرەركەن غەمدە.

ئوت كېچىپ كەلمەكتە ئاتا ۋە بالا،
قۇزغۇنلار ئەگىشىپ تاشلايدۇ سايە.
خۇدامۇ سالقىنغا قاچتىمۇ بۈگۈن،
بارمىدۇ بۇ چۆلدە جانغا ھىمايە؟

قۇياشنىڭ ئۆزىمۇ كۆيدى، كۈل بولدى،
زاۋالدا ئېڭرىدى«سۇ!...»—دېدى بوۋاي.
مۇمكىنمۇ بالىغا ھەغدا ئاتىنىڭ،
تەگرىنىڭ ۋەھىيدەك لەۋزىنى ئالماي؟

ئاتلاندى سۇ ئىزدەپ ھىممەتلىك ئوغۇل
ۋەيلۇن دەھشىتىدە تۈن ئىدى سىياھ.
لاۋۇلداپ قۇملارنىڭ تەپتى ئۆچمىگەن،
سۇ نەدە؟ تۇتىيا تۇرغاندا گىياھ.

چۆللۈكمۇ گۆدەككە قالدى ھەيرەتتە،
دېڭىز مۇئەككىلى بولدى خىجالەت.
پەرزەنتلىك ئىخلاستىن تىترىگەن زۇھەل،
بىر چۆچەك سۇ بولدى ئېرىپ نىھايەت.

سۇ ئېلىپ كەلگەندە بەختىيار بالا،
ئاتىسى ئۇخلاپتۇ، كېرىلىپ تاتلىق.
چۈشىدە بىر ئامەت قۇچۇپتۇ ئۇنى
لېۋىدە تەبەسسۇم، چېھرىدە شادلىق.

قىرانلىق چېغىمىش، بېشىدا زەر تاج،
بىر ئەلنىڭ شاھىكەن نۇشىرۋاندەك.
ئالدىدا رەققاسلار ئوينارمىش ئۇسسۇل،
يۇلتۇزلار نازلىنىپ يەرگە قونغاندەك.

تاۋۇس پەرلىرىدە يەلپۈنۈپ لەرزان،
ياقۇت قەدەھلەردە ئىچەرمىش شاراب.
نەسەۋەب؟ لەۋلىرى نەم بولماس ئىمىش،
كۆيەرمىش ۋۇجۇدى بولۇپ ئوت ـ كاۋاپ.

تاڭ بېلىق كۆكسىدەك ئاقارغان چاغدا،
ئويغاندى «سۇلتان» مۇ ئۇسساپ ئىڭرىنىپ.
قېنى ئۇ سەلتەنەت؟ يەنە شۇ چۆل-دەشت،
تۇرغۇدەك سۇ تۇتۇپ ئوغلى تىزلىنىپ.

— مانا سۇ، تۈن تەگدە كەلگەنتىم ئېلىپ،
ھايالداپ قالدىم ـ ھە، بولدۇڭمۇ خاپا؟
ئويقۇڭنى بۇزۇشقا ئەيمىنىپ قالدىم،
ئويغانسا ئىچەر دەپ ساقلىدىم ئاتا...

قۇچاقتا باستى ئۇ جىگەر پارىنى،
جانغا تەڭ سۇ شۇدەم تۆكۈلدى يەرگە.
ئۇنتۇلدى جاپالار، بېسىلدى چاڭقاش،
چىلاشتى بوۋاينىڭ باغرى كەۋسەرگە.

تۆكۈلگەن سۇ بولدى ئەزىم بىر ئېقىن،
بالىقدى قۇياشتەك ئۇيۇقتا ۋاپا.
كۆزىدە شادلىقتىن ياندۇردى چېقىن،
ئۇكىدا ھەقىقىي شاھ بولغان ئاتا.

## تورغاي

ئېسىڭگە ئالدىڭمۇ، سالدىڭمۇ نەزەر؟
ھەتتا ئۆردەكلەرمۇ كەتكەندە كۆزدە؛
يۇلتۇزدا يۇلتۇزدەك ئۇيىنىغان تورغاي،
قالدىڭ يېگانە دالىدا ــ تۇزدە.

زىمىستان قەھرىدىن قورقمايدۇ نېچۈن؟
ئېگىز شەمشادلارغا سالمايدۇ ئۇۋا؟
ساما ئەركىنىنىڭ سېلىنجىسىكەن،
ئاھ، پەقەت، پەقەتلا بىر چاڭگال توپا.

ھورۇن ئاتىساڭ گەر كۆيىدۇ تىلىڭ،
ئۇ ئۆز غەملىرىدىن ئازاد ئەزەلدىن.
تاڭلارنىڭ بېتىگە مىڭلارچە داستان
پۈتكەندۇ چۇ ـ چۇلاپ ياڭراق غەزەلدىن.

قۇياش مەشئەلىنىڭ پەرۋانىسى ئۇ،
شۇڭقارنى قالدۇرغان داغدا ھاۋادا.
پۈتمەس بىر ئىشقىنىڭ پەيۋەندىسى ئۇ،
يۈرمەيدۇ ئايازدا دالدا ـ پاناھدا.

قىش بويى يەر قۇچۇپ ياتىدۇ شۇنداق،
ماھۇق تۆشەكلەردە ئۇخلىغان كەبى؛
ئەللەي مۇڭلىرىدىن ئېرىپ ئېزىلگەن
ئانا باغرىدىكى بوۋاقتەك سەبى.

ياق، بوۋاق ئەمەس ئۇ ئاشىقى شەيدا،
جانان قۇچىقىدا ھوشىدىن كەتكەن.
سۆيگۈدە ئۇنىڭدەك زارىققان قايدا؟
ھىجران چۆللىرىدىن ۋىسالغا يەتكەن.

ئاسمان گۈمبىزىدىن تۆكۈلۈپ چېچەك،
يېپىلار ئۈستىگە شايىدىن كېپەن.
(كۆكلەم داستانىنى ئوقۇمدۇ ھۆپۈپ،
تاڭلا باھاردىمۇ بولامسەن ئېسەن؟)

قار، مۇزنىڭ ئاستىدا قالىدۇ شۇنداق،
ھالاك قىلدىم دەيدۇ ئۇنى قەھرىتان.
بىراق، ئۆز رەڭگىدە تاج بەرگەن زېمىن،
بېرەر ھەر باھاردا ئاڭا قايتا جان.

## ئويغاق كۆزلەر

ئايالىم غەزەلخان ئەمەستى، بىراق،
ئەللىيى مۇگدەتتى مېنىمۇ ھەتتا.
ۋەلېكىن، ئوغلىمىز ئۇيقۇدىن يىراق،
يالقۇنلۇق نىگاھى كەڭ كائىناتتا.

ئۇ ياتار تۇندىمۇ يۇلتۇزغا بېقىپ،
كۆزىدە خىيالدىن ئۆزۈلمەس ئېكران،
ئانىسى ئەللەيلەر مەڭزىنى يېقىپ،
مۇڭىدا ئۇيقۇنىڭ شەربىتى قىيان...

ئەتىۋارلاپ ئۇخلىتىش بولدى كويىمىز،
قەشقەردىن كەلتۈرگەن گۈلدار بۆشۈكتە.
ئاۋايلاپ تاڭغانتۇق، مەردان ئوغلىمىز،
بوشاندى بۆشۈكتىن ئىككى تېپىشتە.

سۆيۈندۈم، ئوغلۇمنىڭ بۇدرۇق پۇتىنى
يۇمران لەۋلىرىدەك شورۇدۇم، سۆيدۈم.
دادىلىق غەملىرىنىڭ ئۆچمەس ئوتىنى
ئۆچۈردۈم، شادلىقتا ئېرىدىم، كۆيدۈم.

ئابلىجان ھېيت

# ئىككى شېئىر

## ھەر گىياھ، ھەر رەڭدىن سېنى ئىزدەيمەن

1

ھــەر سەھەر ھىجراننى يۇتۇپ قوپىمەن،
زۇمرەت كۆك يۇتكەندەك ھەيۋەتلىك ئوتقاش.
ئارمانلىق چېقىنلار چاقسا قەدىمىم،
زېمىننىڭ تەكتىدىن كېلەر بۇقۇلداش!

ئىسرىقلار تىنىقى خۇش بۇي ھەم قاڭسىق،
كۆزلىرىم يوللارغا چاچىدۇ سۆيگۇ.
ھەر گىياھ، ھەر رەڭدىن سېنى ئىزدەيمەن،
كۆز يېشىم قارىچۇق بوپ ئورناشقان سەزگۇ...

2

سۆيدۇڭمۇ، سۆيمىدىڭمۇ بىلەلمىدىم،
سۆيگەندەك قىلدىڭ ئەمما چىن سۆيمىدىڭ.
دۇنيانى ئايلاندۇردۇڭ تىلسىماتقا،
كۆيدۇردۇڭ مېنى، ئەمما سەن كۆيمىدىڭ.

سېنىڭسىز قولاشمىدى كۇلكىلىرىم،
يىغلىسام ياراشمايدۇ كۆز ياشلىرىم.
كىملەردىن سۆيگۇ تىلەي بۇ كەملەردە،
ئوق كەبى ئۇچۇپ ئۆتكەن ئوق ياشلىقىم؟

## چېچەك بەرگەن سۆيگۇلەر

چىمەنلىككە چۆككەن كېچىلەر،
ئاي چېھرىدە ئويناپدۇ تىنىق.
يار قارىچۇقى رەڭگىدە دۇنيا،
رۇخسارىنى كۆرسەتمەس ئېنىق.

چۇش كۆرىدۇ سۆيۈملۈك لەۋلەر،
ھايات لېۋى ئۇچار دىلىدا.
سۆيگۇ تىلەپ يۈرەر كىيىكلەر،
گىياھلار مەست،
ھوشسىز دالىدا.

جىلۋە قىلار، نازلىق جىلمىيار،
پۈتۈن ئىقلىم يار يادى بىلەن.
جانانىدىن ئايرىلغان دەملەر،
سېغىنىشتىن كۆتۈرەر ئەلەم.

چېچەك سۆيگەن خۇش ۋاق كېچىلەر،
ھايات ئىشقى قايتا بىخ سۈرەر.
جان ئىچىدە جانان سۈرىتى،
غەملەرمۇ ھەم نەغمىگە چۆشەر.

چىمەنگۈل ئاۋۇت

# قىيادىكى ئارمانلار

يۇلتۇزلار چىمىرلاپ تىنمايدۇ كۆكتە،
ئۇچقۇنلار كۆزىنى قىلىشىپ خۇمار.
قايرىلغان كۇلكىنىڭ جىيەكلىرىگە
ئىشتىياق بەرگىدىن ئاسمەن تۇمار.

## خىيال

قىيانلار كۆكسىدە لەك ئۇرغان دەۋرەپ
لەيلەيدۇ ھال شەپەق، لەيلەيدۇ ئانار.
ئارمانلار لېۋىگە قونغان تاغلاردا
ياقۇتتەك خەنجەر تىغ قىيالار يانار.

جىلغىلنىڭ ياپراقلار كۆكۈش ھەم يۇمران،
تېنىدىن تىم ـ تىملاپ شەبنەملەر تامار.
بۇلاقنىڭ كۆزىدە قالغان ئارماننى
سۇمبۇللار سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ سانار.

قۇرۇغان شاخلىرى سىلكىنەر يېنىك
بوينى يوق قەدەھتىن مەي ئىچسە چىنار.
سىغىنىپ چېچەكنى يامغۇر كىرپىكى،
سەپ تارتىپ تۇرماقتا قاتار ۋە قاتار.

## گىگانت بىر شەبنەم

تۇپراقنىڭ تېنىدىن پۇرقىرايدۇ ھور،
ئۆكسۈيدۇ قانىتى قايرىلغان يۈرەك.
كىرپىكلەر بەرگىدە گىگانت بىر شەبنەم،
ھاياتلىق سىرىدىن بېرىدۇ دېرەك.

سۈكۈتلەر بەزلىسە سەبىي بوۋاقنى،
خىياللار كۆزىدىن تەپچىرەيدۇ مۈك.
بىلمەيمەن قۇياشنىڭ ئاقسا قارىچۇقى،
يەر شارى يەنىلا چۆرگىلەرمۇ ئۈك!؟

## غالىبلىق ئىلكىدە ياپىيېشىل چىراغ

ئۇينايدۇ ئۇپۇقنىڭ ئالقانلىرىدا
ئانىنىڭ سۈتىدە يۇيۇنغان بوۋاق.
يىغىدىن تۆرەلگەن مەسۇم كۈلكىسى
قۇياشنى يېتىلەپ يۈرىدۇ ئۇماق.

جۇش ئۇرغان كۈيلەرگە بولىدۇ تەڭكەش
بۆشۈكنىڭ بويىدا كۈمۈش قوڭغۇراق.

تولۇن ئاي قانىتى سۆيگەن يوللاردا
غالىبلىق ئىلكىدە ياپىيېشىل چىراغ.

تاغلارنىڭ بېشىدا ئاقارغان تۇماق،
ۋىسالسىز كىرپىكلەر ئۈمىدتە بىراق.
.........................

## مەن شۇنداق ئىنسان

ئەسەبىي كۈلكەمدىن تۆرەلمەس شادلىق،
كۆز يېشىم ئازابنىڭ بەلگىسى ئەمەس.
مۇھەببەت ئۇچۇنلا سوققان يۈرىكىم
شاماۋدي خىيالغا قىلمايدۇ ھەۋەس.

روھىمدا ئەركىلەر گۈلگۈن پەرىشتە،
قولۇمدا ئىڭگەلەر قۇياش بالىسى.
گۈزەللىك ئاشىقى، مەن ــ شۇنداق ئىنسان،
دىلكىشىم ئۈمىدنىڭ ئاتەش ئانىسى.

رابىيەم ئىسرائىل

# ياندۇ سۆيگۈ، ياندۇ يۈرەك

## قىزلار

كىنو، دېمەك قىزلارنى، يىگىت،
زېرىككەندە كۆرەي دەيدىغان.

ئالما ئەمەس قىزلار يۈرىكى،
«خالىغاندا ئۈزۈپ يەيدىغان».

uyghurkitap.com

ھاراق دېمەك قىزلارنى، يىگىت،
خۇمار تۇتسا ئىچەي دەيدىغان.
كېتار ئەمەس قىزلار يۈرىكى
تېگىپ كەتسە جاراڭلايدىغان.

تاماق دېمەك قىزلارنى، يىگىت،
قورساق ئاچسا كېلىپ يەيدىغان.
چاپان ئەمەس قىزلار سىز ئۈچۈن،
ھەپتىدە بىر يەڭگۈشلەيدىغان.

قىمار، دېمەك قىزلارنى، يىگىت،
ھەممىسىنى ئۇتاي دەيدىغان.
سۇ ئەمەستۇر قىزلار سىز ئۈچۈن،
ئۇسسىغاندا يۇتاي دەيدىغان.

— قىزلار دېگەن ئايدۇر كۆكتىكى
ئىت قاۋايدۇ، بويى يەتمەيدۇ.
ئاي بولارسىز تۇرلىنىپ جەزمەن
ئايمۇ ئايدىن يىراق كەتمەيدۇ.

## مۇشۇمىكىن مۇھەببەت دېگەن

كەپسىزلىكىم سۇندى غەم بىلەن،
ھېسلىرىمغا سالالماي يۈگەن.
ئارامىمنى ۋەيران ئەيلىگەن،
مۇشۇمىدۇر مۇھەببەت دېگەن؟!

چۈشلىرىمدىن چىقمايسەن دائىم،
بار ئالدىڭدا نېمە گۇناھىم.
شوخ كۆزلىرىم بولدى مۇلايىم،
مۇشۇمىدۇر مۇھەببەت دېگەن؟

كۆزلىرىمدىن تۆكۈلەر خىيال،
نېمىگىدۇر ئەقلىم شۇنچە لال.
ئەگىپ يۈرەر مېنى بىر سوئال،
مۇشۇمىدۇر مۇھەببەت دېگەن؟

كۆڭلۈم چەتكە قاقتى ئۆزگىنى،
سۇلتان قىلىپ تەختىگە سېنى.
سېغىنغاندا، لېكىن، سەن قېنى،
مۇشۇمىدۇر مۇھەببەت دېگەن؟

## مۇھەببەت

بىلمىدىم تەكتىڭنى سىرلىق مۇھەببەت،
سىنىڭدە ئىسكەنجە، مەندە ئىتائەت.
چەيلىدىڭ ئەركىمنى، قىلدىڭ ئەلەم-دەرد،
قالدۇرۇپ سەن ماڭا ھىجراننى پەقەت.

كۆڭۈل كەبى تېپتىنچ تۇرغان قەلبىمگە،
ئېمىشقا تاش ئاتتىڭ تەۋرىتىپ ئۇنداق؟
ئاتقىنىڭ تاش ئەمەس، ئاچچىق ئازابكەن،
شەپقەتسىز ئىدىڭمۇ ئەزەلدىن شۇنداق؟

سېنىڭدىن بولغانىدەك تەلەيسىزلىكىم،
تەمتىرەپ يۈتلاشتىم تاشقا نەچچە رەت.
ئېيتقىنا، سەن قانداق قۇدرەت، مۆجىزە،
ئەي مېنى يىغلاتقان سىرلىق مۇھەببەت!

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

يۇلتۇز

# تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

مەن تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ قىزى.

ئىسمىنى بىلگەندىن بۇيان تېيىپجان ئېلىيېۋ دېگەن مۇشۇ نامدىن پەخىرلىنىپ كەلدىم. مۇشۇنداق دادامنىڭ بولغانلىقىدىن ئۆزۈمنى شۇنچە ئەركىن ۋە شاد ھېس قىلاتتىم. چۈنكى دادام تېيىپجان ئېلىيېۋ خەلق سۆيىدىغان، خەلق ھۆرمەتلەيدىغان، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە، تالانتلىق شائىر ئىدى.

رەھىمسىز تەقدىر دادامنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى. دادامنىڭ ۋاپاتى ئائىلىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، مىللىتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ شانلىق ئەدەبىياتى ئۈچۈن تولدۇرغۇسىز يوقىتىش بولدى. بۇ خىل يوقىتىش ئالدىدا كىممۇ ياش تۆكمەي تۇرالىسۇن؟!

دادامنىڭ بىز بىلەن ۋىدالاشقىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى. لېكىن قەيەرگىلا بارماي دادام ھەققىدىكى يۈكسەك تەرىپلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇم. دادامنىڭ سەمىمىيلىك ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن تولغان گۈزەل شېئىرلىرى ھېلىمۇ خەلقنىڭ يادىدا... ئۇلار ھېلىمۇ ئۇنى سۆيۈپ يادلىشىدۇ، بەلكى ئەبەدىي شۇنداق بولغۇسى...

كۆپ چاغلاردا دادام ئېسىمگە كەلسىلا، يۈرىكىمنى قايغۇ-ھەسرەت چىمدىپ ئۆتكەندەك بولىدۇ-دە، كۆڭلۈم خاتىرىسىدە قالغان ئەسلىمە بەتلىرىنى ۋاراقلايمەن.

دادامنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمە ۋە تەقرىزلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلدىم. كۆپلىگەن تەقرىزچىلەر بۇ ھەقتە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈشتى. ئويلاپ باقسام، مېنىڭمۇ بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرىتىشىم ۋۇرۇر ئىكەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ قىزى...

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت يولىدا نۇرغۇنلىغان ئەگىر-توقايلىقلار بولغان. شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا باھا بەرگەندە، ئەتراپلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەزى مۇھاكىمىلەردە شائىرغا بېرىلگەن باھالار ئانچە مۇۋاپىق بولمىدى، ئەينى ۋاقىتتا يېزىلغان «تۈگىمەس ناخشا» قاتارلىق نادىر شېئىرلار كەينى-كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. مەيلى قانداق ھۇجۇم ۋە تەنقىدلەرنىڭ بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر، بۇ شېئىرلار كەڭ كىتابخانلارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى، ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى. ھەرقانداق شەكىل ۋە مەزمۇندىكى مۇھاكىمە ۋە بايانلار بىر شائىرنىڭ ئورنىنى بېكىتەلىشى ناتايىن. تارىخ ۋە خەلقنىڭ باھاسىلا ئەڭ ئادىل، ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ ئاداققى باھا!

شائىرنىڭ خەلق قوشاقلىرىدەك يېقىملىق تەسىرات قالدۇرىدىغان ئاددىي - ساددا ۋە راۋان شېئىرلىرىنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنىنى بىرەر پارچە ماقالا ياكى مۇھاكىمىلەر بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۈل.

مېنىڭمۇ بۇ ھەقتە تولۇق بىر نەرسە دېيەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. مەن تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىغا باھا بېرىشنى كۆپرەك ئۇنىڭ مېنىڭ قەلبىمدە قالدۇرغان ئۆچمەس ئەسلىمىلىرى ۋە خاتىرىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتىم.

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىنى چوڭراق دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۆت باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ ھەربىر باسقۇچتىكى شېئىرلىرى روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى... بۇ چاغدا تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەمدىلا 15 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ بىزگە ئەسلەپ بېرىشىچە، ئۇ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش ئورنىغا بېرىپ، ئەسكەر بولىمەن، دەپ تۇرىۋاپتۇ. لېكىن قوبۇل قىلغۇچىلار «كىچىك ئىكەنسەن» دەپ ئۇنى قايتۇرۇپتۇ. ئۇ شۇ چاغدىكى تەسىراتىنى «جەڭچى ئاكامغا» دېگەن تۇنجى شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

بىلەلمىدىم كومىسسىيە دېگەنلەر،
ئىرادىنى ئۆلچەمدىكىن ياش بىلەن.
ئالغان بولسا كىچىك دېمەي مېنىمۇ،
ئېلىشاتتىم دۈشمەن دېگەن نەس بىلەن.

مانا مۇشۇ شېئىر ئۇنى ئەدەبىيات ساھەسىگە ئېلىپ كىردى. بۇ شېئىردىن باللارچە ساددىلىق، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېئىردا ئىشلىتىلگەن تىل ئاددىي، راۋان ھەم چۈشىنىشلىك ئىدى. ئاشۇ چاغقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ شېئىرنىڭ قىممىتىنى ھەقىقەتەن تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بۇ شېئىر مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىگە خاس پۇراق ۋە رەڭگە ئىگە.

خېلى كۆپ ساندىكى شائىرلار شېئىر يازغاندا ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ھېرىسمەن كېلىدۇ. بىراق تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شېئىر تىلىغا بولغان كۆزقارىشى باشقىچە. ئۇ ئىمكانقەدەر شېئىرلىرىنى چۈشىنىشلىك، راۋان، يېقىملىق قىلىپ يېزىشقا تىرىشىدۇ. تىزغان مىسرالىرى ياسىداق ئەمەس، بەلكى ناھايىتى گۈزەل. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا يازغان شېئىرلىرىنى دەل مۇشۇ نۇقتىدىن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئارقىدىنلا ئۇنىڭ «جانان ئۈچۈن» دېگەن شېئىرى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئاروز ۋەزنىدە يېزىلغان بۇ شېئىردا ئۇنىڭ ساپ مۇھەببەت لاۋۇلداپ تۇرغان قەلبى ۋە ئۇلۇغۋار غايىلىرى چوڭقۇر ئەكس ئەتتى.

شۇندىن كېيىن ئۇ «جۈرئىتى»

تەخەللۇسى بىلەن كەينى-كەينىدىن شېئىرلارنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ باسقۇچتىكى شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ تالانتى يېتەرلىك دەرىجىدە نامايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن خاسلىق ۋە باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان سەۋىيە روشەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. شائىرنىڭ شۇ چاغدا ئېلان قىلىنغان «گۈلۈمگە»، «قىش كەتتى»، «كۆكلەم جىلۋىسى»، «يارات»، «كۈت مېنى»، «لېنىن ئۆلمىدى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا بىر خىل سىياسىي خاھىش روشەن ئىپادىلەنگەندى.

ئازادلىقتىن كېيىن، دەۋر پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، باي تەسەۋۋۇرلىرىنى مەنزىرە، راۋان تىلغا ئىگە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازدى.

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
قاراپ كۆزۈم تەلمۈردى،
بىر قارىساڭ ئۆلەمسەن؟

1952 - يىلى يېزىلغان «كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا» ناملىق بۇ شېئىردا خەلق قوشاقلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئوقۇغۇچىلاردا بىر خىل يېقىملىق تەسىرات قالدۇراتتى. شائىر خەلق قوشاقلىرىنى ھەقىقەتەن چىن كۆڭلىدىن قەدىرلەپ كەلگەنىدى. ئۇ «خەلق قوشاقلىرى — قەلەمنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدىغان خاسىيەتلىك بىلەي» دەيتتى. شۇڭا شائىرنىڭ ھەربىر شېئىرى قويۇق خەلق قوشاقلىرى پۇرىقىغا ئىگە ئىدى.

بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلار ئۈستىدە توختالغاندا، شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ھەجۋىي شېئىرلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ھەجۋىي شېئىرلىرى كۈچلۈك تەنقىد ۋە ئاچچىق يۇمۇر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

بىز بۇنى «ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن شېئىردىن روشەن ھېس قىلىۋالالايمىز. شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا ئەمەلىي ئىشتىن كۆپرەك يىغىنغا، قۇرۇق گەپكە بېرىلىدىغان چاكىنا كىشىلەر ۋە چاكىنا ئادەتلەر قاتتىق مەسخىرە ئاستىغا ئېلىنغانىدى. بۇ شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسىدا شائىرنىڭ ئاچچىق كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قالدۇرغان تەسىرىمۇ ئالاھىدە بولدى. ھەرخىل ئىنكاسلار مەيدانغا كەلدى.

ماياكوۋسكىي «مەجلىسۋازلار» شېئىرى ئارقىلىق سابىق سوۋېت جەمئىيىتىدىكى چاكىنا ئىللەتلەرنى قانداق قامچىلىغان بولسا، تېيىپجان ئېلىيېۋمۇ «ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ناچار خاھىشلارنى تۇنجى قېتىم ئىنتايىن دادىللىق بىلەن كۈچلۈك تەنقىد ئاستىغا ئالدى. بۇ شېئىر شائىرنىڭ بەدىئىي دىتىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئىپادىلىدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ بىرىنچى باسقۇچتىكى شېئىرىي ئىجادىيىتىنى تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە دېيىش مۇمكىن.

بىرىنچى، كۈچلۈك سىياسىي خا-

www.uyghurkitap.com

خاھىشچانلىق. ئەينى يىللار كونا بىلەن
يېڭى ئالمىشىدىغان ھەل قىلغۇچ پەيت
بولغاچقا، جەمئىيەت مۇھىتىدا سىيا-
سىي ھاۋا ئىنتايىن قويۇق ئىدى.
يېڭى دەۋر خۇشاللىقىغا چۆمگەن كىشى-
لەر ئىنتايىن ھاياجانلىق ۋە قىزغىن
بىر خىل كەيپىيات ئىچىدە ئىدى. پۈت-
كۈل جۇڭگودا مەيلى ئىشلەپچىقىرىش
ساھەسىدە بولسۇن، مەيلى ئەدەبىيات -
سەنئەت ساھەسىدە بولسۇن، سىياسىي
تەشۋىقات ۋە سىياسىي قىزغىنلىق ئال-
دىنقى ئورۇندا تۇراتتى.

تېيىپجان ئېلىيېۋ بۇ خىل يېڭىچە
قايناق مۇھىتنىڭ تەسىرىدە كۆپلىگەن
سىياسىي لىرىكىلارنى يازدى. ئۇلارنىڭ
كۆپ قىسمىدا يېڭى دەۋر ۋە خەلقنىڭ
خۇشال-خۇرام تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

ئىككىنچى، ھەجۋىيلىك. ھەجۋىيلىك
شائىرنىڭ شۇ ياسقۇچتىكى شېئىرلىرىنىڭ
يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ،
«ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى» ئارقىلىق
بۇ خىل ئالاھىدىلىك تېخىمۇ روشەن
ئىپادىلەندى. كېيىنچە شائىر ئۆز شېئىر-
لىرىدا بۇخىل ئالاھىدىلىكنى داۋاملىق
جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. گەرچە شائىر-
نىڭ ھەجۋىي شېئىرلىرى كۆپ سالماقنى
ئىگىلىمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يۇقىرى بەدىئىي
سەۋىيە ۋە چوڭقۇر ھەجۋىي مەزمۇنغا
ئىگە شېئىرلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھەجۋىي شېئىر-
لارنىڭ ئېسىل ئۈلگىسىنى ياراتتى.

1956 - يىلى شائىرنىڭ ئىجادىيىتى
مول مېۋە بەرگەن بىر مەزگىل بول-
دى. بۇ يىللاردا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ
تېمىسى ۋە مەزمۇنى كەڭلىككە قاراپ يۈزلەن-
دى. مۇشۇ بىر مەزگىلنى شائىر ئىجادىيى-
تىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى دېيىش مۇۋاپىق.

شائىرنىڭ كىشىلەر تا ھازىرغىچە
ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يادلاپ يۈرگەن
«تۆگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرى 1956-
يىلى ئېلان قىلىنغان.

مۇھەببەت ئىنسان ھاياتىدىكى
ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا. بىز مۇھەببەت
ئۇقۇمىنى تاشقى كەچۈرمىش بىلەنلا
ئەمەس، بەلكى ئىچكى كەچۈرمىش بىلەن
تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىمىز. ئىنسان
روھىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان بۇ
خىل كەچۈرمىشنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

مەشھۇر كلاسسىكلىرىمىزدىن ئەلشىر
ناۋائىينىڭ كۆپلىگەن مۇھەببەت لىرىكىلى-
رى يۈكسەك دەرىجىدىكى ئېستېتىك
قىممىتى بىلەن تا ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ
سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولۇپ كەلدى.
ئەلشىر ناۋائىي كلاسسىكلار قاتارىدىن
ئورۇن ئالدى. لېكىن، مۇھەببەت بولسا،
مەڭگۈ يېڭى پېتى قېلىۋەردى.

«تۆگىمەس ناخشا» سانسىزلىغان
كىتابخانلارنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى.
كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بۇ
شېئىردا ئۆزگىچە ئۇسلۇب، ئۆزگىچە
شېئىرىي گۈزەللىك روشەن ئىپادىلەندى.
«تۆگىمەس ناخشا» نىڭ باشقا مۇھەببەت
لىرىكىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان
ئاساسىي پەرقى پىكرىنىڭ ئىنتايىن دەل
ۋە نازۇك ئىپادىلەنگەنلىكىدە.

شائىر ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا
قانچىكى سادىق بولسا، ئۇنىڭ ئىجاد
قىلغان شېئىرلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ
شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. شېئىر مۇزىكىدەك
كىتابخانلار قەلبىدە ئۈچمەس تەسىرات

قالدۇرالايدۇ. «تۈگىمەس ناخشا» شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىكى ئاجايىپ قايناق ھېسسىياتىنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلىدى.

شېئىردىكى سارائلارچە ناخشا توۋلاپ يۈرىدىغان ئاشىق — «مەن» ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان شېئىرىي ئوبرازدۇر. بوۋايچۇ؟ ئۇنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ يېقىملىق. ئۇلار كىشىنى جەلپ قىلىدىغان شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە ئۆتمۈش بىلەن ھازىرغا ۋەكىللىك قىلغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ. يىگىت ھازىرغا مەنسۇپ، بوۋاي بولسا، ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان ھازىر ئىچىدىكى ئۆتمۈش ئادىمى. مانا بۇ ئىككى ئوبيېكتىپ شېئىردا تەبىئىي ھالدا باغلىنىپ مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى، مەڭگۈ مەدھىيىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

شېئىرنىڭ ماۋزۇسى شېئىرنىڭ مەزمۇنى بىلەن تەبىئىي ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن، شائىرنىڭ شېئىرىيەت ماھىرلىقى ئىدىيە بىلەن ۋەقەنى زىچ بىرلەشتۈرۈشتىلا ئىپادىلىنىۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭدا يەنە جىلۋىدار سۆزلەرنىڭ ئۆزگىچە نازۇكلۇقىمۇ بار. «شۇنداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان» دېگەن مىسرالارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا تېنىمىزنى ھاياجانلىق تىترەك قاپلاپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ مىسرادىكى تىل ئاجايىپ - غارايىپ ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ساددا، سەمىمىي تىل.

تىل جەھەتتىكى مۇشۇ ئالاھىدىلىك بىلەنمۇ بۇ شېئىر خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى.

نەچچە ۋاقىتتىن سەن دېگەن تىلىڭ،
ئەجەب بۈگۈن سىزگە بۇرالدى.
......
ھەي ...
سەن ئۈچۈن شۇ مۇھەببەتتە،
«ئېھتىيات» قا ھاجەت قانچىلىك؟
نېمە گۇناھ قىلدىم مەن ساڭا،
شۇ سۆزۈڭگە ھەيرانمەن،
شۇندىن بېرى ۋەيرانمەن.

ياشلىق مۇھىتىدا نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقايلىقلار بولىدۇ. خۇشاللىق ۋە خاپىلىق، بەخت ۋە بەختسىزلىك، ۋىسال ۋە ھىجران ھامان بىرگە مەۋجۇت. مۇھەببەتنىڭمۇ شادلىق مېۋىلىرى ۋە قايغۇلۇق مىنۇتلىرى بار. «ھەيرانمەن» شېئىرىدا شائىرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى سۆيگۈسى، قايغۇسى «سىز» ۋە «سەن» سۆزلىرىنىڭ ئالمىشىپ قېلىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن.

«سەن» نېمە ئۈچۈن «سىز» گە ئۆزگەردى؟ كىتابخان بۇ نۇقتا ئۈستىدە ئويلانماي قالمايدۇ. «سىز» سۆزى بىلەن تەڭلا بىر جۈپ يۈرەكنىڭ قانچىلىك يىراقلاشقانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. شائىر ئاشۇ كىچىككىنە بىر بوغۇملۇق سۆزنىڭ ۋەزنىنى شۇ قەدەر ئاقىلانىلىق بىلەن ئىپادىلىگەنكى، ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىدە ئىختىيارسىز ھەيرانلىق ۋە ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

شائىرنىڭ تەپەككۇرى مۇشۇنداق ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكە بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىككىنە بىر سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشى ئورنىدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

ۋەتەن سەندىن ئۆزگە دىلدارنى،
تاپالمىدىم ئالەمگە كېلىپ.
تاپالمىدىم،
تاپالمايمەن ھەم،
بەس، ياشىسام مېھرىڭگە قېنىپ.

ۋەتەن تېمىسى مۇھەببەتكە ئوخشاشلا مەڭگۈلۈك تېما. تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرىيىتىدە ۋەتەن ھەققىدىكى شېئىرلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ مەھسۇلى.

شائىرنىڭ تۇغقانلىرى، جۈملىدىن ئانىسى 1961 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن دادامنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، سوۋېتكە چىقىشنى رەت قىلىدۇ. تۇغقانلار چىقىپ كېتىپ دادام يېگانە ھالدا ۋەتەن قوينىدا قالىدۇ. دادامغا شۇ چاغدا ھىجران ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەنىكەن. لېكىن دادامنىڭ ساپ ۋىجدانى ئۇنى ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس تۇپراقتىن ئايرىلىشقا يول قويمايدۇ. ۋەتەن دادام قەدىرلەيدىغان، سۆيىدىغان ۋە مەدھىيىلەيدىغان مۇقەددەس قىبلىگاھ.

«ۋەتىنىم» شېئىرىدا شائىرنىڭ گۈزەللىككە، ئالىيجانابلىققا تولغان روھىي دۇنياسى ۋەتەندىن ئىبارەت ھەم ئابستراكت، ھەم ماددىيلاشقان ئوبيېكت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ روشەن ئىپادىلەنگەن.

«ساڭ مۇددىرىنىڭ «زىياندىشقا قارشى» ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» ناملىق بۇ شېئىر قويۇق ھەجۋىي تۈسكە ئىگە. ئاپتور بۇ شېئىرىدا بىر تەرەپلىمە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئەقىلسىز رەھبەرلەرنى كۈچلۈك ھەجۋىي ئاستىغا ئالىدۇ. قوشاق شەكلىدە يېزىلغان بۇ ھەجۋىي شېئىر:

قاغىلار يۇ ـ قاغىلار،
باغدا ئۇچقان قاغىلار،
يۈرىكىمگە كۆيۈك چۈشتى،
بىر قاردىساڭ نېمە بولار.

دېگەندەك خەلق قوشاقلىرى بىلەن رىتىمداش.

شېئىردا تەسۋىرلەنگەن بىلىمسىز، نادان رەھبەرگە «ئادىل چوڭ» دېگەن ئىسىمنىڭ قويۇلۇشمۇ كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قوزغايدۇ.

ساڭدىكى ئاشلارنىڭ كېمىيىشىدە غازلاردا گۇناھ يوق. لېكىن باشلىقنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولغان بىمەنە پىكىرنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار ئادالەتسىزلىك بىلەن گۇناھقا تارتىلىدۇ. بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىتابخان ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلايدۇ. لېكىن بۇ كۈلكە شۇنداق ئاچچىق ۋە غەزەپلىك.

بۇ شېئىرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئىنتايىن ئورۇنلۇق قوللىنىلغان. بۇ شېئىرنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئىجتىمائىي رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى. بۇ ھەجۋىي شېئىر شۇ چاغدا كۈچلۈك تەنقىد ۋە پاش قىلىش رولىنى ئوينىدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. بۇ مۇھەببەت لىرىكىلىرىدا شائىرنىڭ ساپ تۇيغۇسى، ئالىيجاناب روھى ئەكس

ئەتتۇرۇلگەنىدى. بۇ يىللاردا شائىر يەنە «ساق مۇدىرىنىڭ «زىيانداشقا قارشى» ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» قا ئوخشاش ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك، تەسىرى چوڭقۇر ھەجۋىي شېئىرلارنىمۇ يازدى.

بۇ مەزگىلدە يېزىلغان شېئىرلاردىن بىز شائىرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى، شېئىر يېزىشتا ئۆز قەلبىگە سادىق بولۇش تەرىپىگە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

شائىرنىڭ پۈتكۈل ئىجادىي ھاياتىدا مۇشۇ بىر دەۋر روشەن ئالاھىدىلىككە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە، ئۇنىڭ مۇشۇ بىر دەۋردىكى شېئىرىيەت سەۋىيىسى كېيىنكى ئىجادىي ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئىر بىلەن تەڭلا شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتىدىكى ئۈچىنچى باسقۇچ باشلاندى.

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دە شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى روشەن سىياسىيۋىلىك بىلەن بىرلەشكەن ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇلدى. ئۇ دەۋر بىلەن ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش بولۇپ، سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى مەدھىيىلىدى. شائىر بۇ مەزگىلدە ئىلاجىسىز ھالدا ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ بولغان بەزى شېئىرلارنى يېزىشقىمۇ مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئەينى دەۋر رېئاللىقى شۇنداق ئىدى.

مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى يۈرگۈزۈلگەن شۇ يىللاردا ئەدەبىياتىمىز، جۈملىدىن شېئىرىيىتىمىز ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى ۋە بېسىمى بىلەن شائىرنىڭ ئىجادىيەت يولى ئەگرى ـ توقاي ۋە ئەنسىز بولۇپ كەتتى.

كېيىنچە، ئائىلىمىزدە شۇ چاغلار تىلغا ئېلىنسىلا، دادام «مەجبۇرىيەت ئاستىدا يازغان شۇ شېئىرلىرىمنى ئۆيلەسەملا كۆڭلۈم غەش بولىدۇ» دەيتتى.

ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، زورلاپ تېڭىش يولى بىلەن يېزىلغان شېئىرلار ئەلۋەتتە شائىرنىڭ پارلاق ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ۋە نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، سەنئەتنىڭ باھار پەسلى يېتىپ كەلدى.

شائىر ئىدىيە ئازادلىقىغا ئېرىشىپ، تېما جەھەتتىن چەكلەنگەن رايونغا بېسىپ كىرىپ، بەدىئىي ماھارىتىنى ئېچىۋېتىپ، مۇكەممەللەشتۇرۇپ، دەۋرنىڭ ئەھمىيەتلىك سوئاللىرىغا ئوتلۇق مىسرالىرى بىلەن جاۋاب بەردى.

شائىرنىڭ 1980 ـ يىلى يېزىلغان «چال، ئوغلۇم» ناملىق شېئىرىغا ئاچچىق ۋە چوڭقۇر ھەسرەت يوشۇرۇنغان بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ بۇ خىل سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى سونايىنى ۋاسىتە قىلىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەپ بەردى.

قابىراقتا ئوغلۇم رەجەپ شۇنداق بويان، سونايىنى تاشلىۋېتىپ يامان قىلدى.

«مەن» نىڭ ئوغلى رەجەپ نېمە ئۈچۈن سونايىنى تاشلىۋەتتى؟ شېئىرنى ئوقۇغان ھەر قانداق كىتابخان بۇنىڭ

سەۋەبىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. رەجەپ گۆدەكلىك ۋە قىزغىنلىق سەۋەبىدىن ئاتا ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزدى. كېيىنچە ئۆز گۇناھىنى بىلگەندە بولسا، چوڭقۇر ۋىجدان ئازابىغا قالدى. ئۇنىڭ سونايىنى چالماس بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب مۇشۇ.

شائىر مانا مۇشۇنداق سوناي چېلىش ـ چالماسلىقتىن ئىبارەت كىچىككىنە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كىشىلەر قەلبىدە قالدۇرغان جاراھەتلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىپادىلەپ بەردى.

شائىر شۇنىڭدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يېزىلغان، ھەقىقىي مېسسىيات يوق، پەقەت رەسمىيەت يۈزىسىدىن يېزىلغان «قەسەملىرى» دىن ۋاز كېچىپ، يېڭى ئىجادىي ھاياتىنى باشلىدى.

شائىرنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ بۇرۇنقىغا نىسبەتەن كۆپ يېڭىلاندى. ئۇنىڭ بۇ چاغدا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ تەسىرچانلىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

«كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا» دېگەن شېئىردا شائىر مۇئەييەن پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يېڭى دەۋر خۇشاللىقىغا چۆمگەن قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. شائىرنىڭ بۇ ۋاقىتتا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ تىلىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش خەلق تىلىغا يېقىن، ئاددىي ـ ساددا ۋە راۋان ئىدى.

ئۇ يەنە «يىغا تۇتتى مېنى يەنە باھاردا»، «ئارچا»، «بولمىسا»، «كەۋسەر» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن «توگىنمەس ئاخشا» دىن كېيىن پەيدا بولغان بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، 80 ـ يىللاردىكى بەدىئىي سەۋىيىسىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئۆز سۇبيېكتىنى سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى شېئىرنىڭ جەلب قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. بىر شائىر ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلەش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، تاشقى دۇنيا ئۆز تەبىئىيلىكى بىلەن شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىپ، مۇكەممەل ۋە ماھىراق بىلەن ئىپادىلەنگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بولىدۇ. شائىرنىڭ ھەربىر شېئىرىدا بۇخىل ئالاھىدىلىك جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇ 1985 ـ يىلى «ئەينەك» ماۋزۇسى ئاستىدا پەلسەپىۋى مەزمۇن بىلەن سۇغۇرۇلغان نەسىرلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ نەسىرلەردە ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. شەكلىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، چوڭقۇر تەربىيىلەش رولىغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، «ئادىل ھەم دادىل ۋەزىر» دە ئادالەتپەرۋەر ھەقىقەتچى ۋەزىر بىلەن پارىخور ئالدامچى ۋەزىر سېلىشتۇرۇلۇپ، ھەقىقەتنىڭ ھامان غەلىبە قازىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بىز بۇنىڭدىن شائىرنىڭ تېما، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىدا كۆپلىگەن باللادا ۋە داستانلارنى يازدى. بۇنىڭ ئىچىدە كېيىن يازغان «تۆھمەت قۇربانى»، «ئاھ، دوستۇم» قاتارلىق داستانلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

«ئاھ، دوستۇم» دا كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان بىر خەنزۇ رەھبەرنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىدى. چىڭ شۈجىنىڭ غەرەزسىز ھالدا باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش روھى مەدھىيىلەندى. بۇ داستاننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. بۇ داستاندا «مەن» نىڭ لاۋ چىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. رەھبەر دۇنيادىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلدى. چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان بۇ داستاننىڭ تىلى ئىنتايىن راۋان ھەم چۈشىنىشلىك.

بىز بۇنىڭدىن شائىرنىڭ داستان ئىجادىيىتىدىمۇ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا كۆپرەك ئىجاد قىلغان ئاروز ۋەزنىدىكى شېئىرلىرى بىلەن رۇبائىيلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن غەزەللىرى ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولۇپ، ئاروز ۋەزنىگە ئۆرنەك بولالايدۇ. بۇ غەزەللەر كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

شائىرنىڭ «يىغلىما» ، «ئەجەپ گەپ قۇ»، «مەيلىمۇ» قاتارلىق بىر يۈرۈش غەزەللىرىدە مۇھەببەتتىكى ئەگرى - توقايلىق، ھىجران، رەنجىش ئىنتايىن دەل، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇ غەزەللەرنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا شائىرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ۋە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش يولىدىكى ماھارىتىگە قايىل بولىمىز.

مۇبادا شائىر كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئوزۇق ئالمىغان بولسا، بۇنداق ياخشى ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك غەزەللەرنى يېزىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شائىرنىڭ غەزەللىرىدە ئىشلىتىلگەن تىلمۇ يېنىك ۋە راۋان.

ئەمدى شائىرنىڭ رۇبائىيلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شائىر رۇبائىيلىرىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

نامەردلەر قورقۇنچاق كېلىدۇ قەۋەت،
بۇ شەكسىز ھەقىقەت ئەزەلدىن پەقەت.
ياق يار، دېسەڭ ئۇنىڭ قورقمايدىغىنى،
راست! قورقمايدۇ نومۇستىن پەقەت.

شائىر رۇبائىيلىرىدا پەلسەپىۋى پۇراق ئىنتايىن قويۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ رۇبائىيلارغا كىنايە ئارىلىشىپ كەتكەن.

نامەردلەر قورقۇنچاق، لېكىن ئۇلار نومۇستىن قورقمايدۇ، بۇ سۆز ئاچچىق كىنايىگە ئىگە. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدا يەنە مۇھەببەت، كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

سۆيگۈگە كېلىدۇ تالاي خېرىدار،
ۋىجدانغا باي بولساڭ تاپتىڭ ئېتىبار.
ئەگەر سۆيگۈڭ بولسا بەگباشلىقا باي،
ۋىجدان گادايلىقى قىلار سېنى خار.

بىز بۇ رۇبائىيدىن مۇھەببەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىمىز.

ھەزەر قىل بەزىلەر «جۆيندەش» كە ئۇستا،
بىر ئىشنى ئالدىدىن ئۇيندەشكە ئۇستا.

ئەپلەشمە ئۆزىنى داڭلاشقا ئۇستا،
چاتىقى چىقسىلا دۆڭگەشكە ئۇستا.

بۇ رۇبائىينى كىشىلەر ھازىرغىچە يادلىشىپ يۈرمەكتە. چۈنكى ئۇنىڭدا كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان تۇرمۇش ھەقىقىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ دېيىشىنى ئويلىغان، لېكىن قانداقلارچە دېيىشنى بىلەلمىگەن يۈرەك سۆزى.

شائىرنىڭ رۇبائىيلىرى تېزلا كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇنى شائىرنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىسى بىلەن بەدىئىي دىتىنىڭ رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرىيەتنىڭ قايسى تۈرىدە بولمىسۇن، تىللاردا داستان بولغۇدەك تۆھپىلەرنى ياراتتى. پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ قايسىلا ئەكىلىدىكى شېئىرلىرى بولمىسۇن، كىتابخان قەلبىدە سۆيۈنۈش ھاسىل قىلىدۇ.

1986 - يىلى دادام ئالمۇتا شەھىرىگە ئايرىلغىلى 24 يىل بولغان ئانىسىنى كۆرگىلى باردى ۋە ئانىسىنى كۆرگەندىن كېيىنكى تەسىراتىنى «ئانام قۇچاقلىدى ئانام دەپ مېنى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلىدى:

يېتىپ كەلگەن دىدار پەيتىدە،
ئانام ئالدىغا كىردىم سالام دەپ.
مەن «ئانا» دەپ باغرىمغا باسسام،
ئۇمۇ باغرىغا باستى «ئانام» دەپ.

ئۇيغۇرلاردا ئۆز پەرزەنتىنى «ئانام» دەپ ئەركىلىتىدىغان ئادەت بار. ئاپتور بۇ سۆزدىن ناھايىتى دەل جايىدا پايدىلانغان. ھەممە ئادەم بىلىدىغان بۇ سۆزنى شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋلا شېئىرغا يەتكۈزۈپ ئىشلىتىپ كىردى. بۇ شېئىرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقىمۇ مۇشۇ يەردە. بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ئادەم ئانا - بالىنىڭ كۆرۈشكەن مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى شېئىرغىلا خاس بولغان يوشۇرۇن قۇدرەت.

شائىر ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىمۇ قەلىمىنى تاشلاپ قويمىدى. ئۇ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىشتىن سەللا بۇرۇن «ئەزرائىل ئالدىدا» دېگەن شېئىرىنى يازدى.

كەلگەنىدى ئۆندەرىگەندەك،
ئەزرائىل ماڭا سوزۇپ قولىنى.
شۇ ھامان يەنە ماڭا بولۇشۇپ،
توسۇپ قويدى ئۇنىڭ يولىنى.

بۇ شېئىر 1988 - يىلى يانۋاردا يېزىلغان بولۇپ، بۇ دادامنىڭ ئەمدىلا چوڭ ئوپېراتسىيىدىن چىققان ۋاقىتلىرى ئىدى. ئۇ بۇ شېئىرىنى يېزىپ بولۇپلا، بىزگە ئوقۇپ بەردى. بۇ شېئىرنى يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلىغىنىم ھېلىمۇ شۇنداق ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇ.

«ئەزرائىل ئالدىدا» شائىرنىڭ ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان قەيسەر روھىنى ئىپادىلىدى. بۇ شېئىردا ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. «ئەزرائىل ئالدىدا» نى شائىرنىڭ ئۆز ھاياتىدىن چىقارغان خۇلاسە دېيىشكە بولىدۇ.

شائىرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرى تېما جەھەتتىن كېڭىيىپ، پەلسەپىۋىلىك كۈچەيدى. ھايات تەجرىبىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش چوڭقۇرلاشتى ھەمدە ئۇنىڭ باغلىنىشلىق دائىرىسىمۇ كەڭ بولدى. قىسقىسى، شائىرنىڭ ئىجادىي

(ئاخىرى 9 لەيلاھتە)

مەھەممەت شاۋۇدۇن

# مۇھەررىر — سىنچى

مۇھەررىر — ئەسەرلەرنىڭ تۇنجى كىتابخانى ۋە ئوبزورچىسى. ئۇ تەھرىرلىك جەريانىدا نۇرغۇن — نۇرغۇن ئەسەرلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ھەرخىل ئۇسلۇب، ھەرخىل شەكىل، ھەرخىل سەۋىيىدىكى ئەسەرلەر بولىدۇ. بۇلارنىڭ بىر قىسمى بىرقەدەر قەلىمى پىشقان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى بولسا، تولىسى ھەۋەسكارلار، يېڭى ئۆگىنىچى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى. «تارىم» ژۇرنىلىنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىر بۇ ژۇرنالنىڭ ئەتراپىدا 2500 ئەتراپىدا ئاپتور بار. بايقىشىمچە، بىرقەدەر پىشقان تايانچ، غوللۇق ئاپتورلار ئاشۇ ئاپتورلارنىڭ ئاران سەككىزدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن. گەرچە ھازىر ژۇرنالغا كېلىۋاتقان ئەسەرلەر بۇرۇنقىدىن جىق كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە خام ياكى خېلى خام ئەسەرلەر كۆپرەك. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى مەشق سۈپىتىدە يېزىلغان ئەسەرلەر بولغاچقا، تېما تاللاش، ئىپادىلەش ماھارىتى، قۇرۇلما، تىل قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى نۇقسان ۋە ئاجىزلىقلاردىن خالىي ئەمەس. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، تېما تاللاش جەھەتتە: بەزى تېمىلارنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايدىغان، ئۆزىگە خاس يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق يوق دېيەرلىك ياكى بىر كۆرۈپلا تەسىرلەنگەن، لېكىن ھېچقانچە قىممىتى يوق تېمىلاردا ئالدىراپ يېزىلغان ۋە ياكى تېما يامان ئەمەس تاللانغان بولسىمۇ، ئوبدان پىششىقلانمىغان، ئېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ بولمايدىغان، ھەتتا تېمىدىن چەتنەپ كېتىدىغان، نەتىجىدە تېما ئېچىلماي قالىدىغان نۇقسانلار بىرقەدەر گەۋدىلىك.

ئىككىنچى، قۇرۇلما كېلەڭسىز ياكى چۇۋالچاق بولۇپ قالىدىغان نۇقسانلارمۇ كۆپرەك. قۇرۇلما ـ ئەسەرنىڭ جازىسى، جازا پۇختا، قىسىم، بۆلەكلىرى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچەس باغلىنىشلىق، ئىخچام بولمىسا، ئەسەرنىڭ قىسىم، بۆلەكلىرى بىر ـ بىرىگە بۇلاشمايدىغان چۇۋالچاق، كېلەڭسىز بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئەسەرنىڭ بەدىئىي سۈپىتى

ۋە سەۋىيىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، بۇنداق ئەسەرلەر تېما جەھەتتىن قىممىتى ھەرقانچە زور، ماتېرىيالى ھەرقانچە يېڭى ۋە قىزىقارلىق بولسىمۇ، ياخشى بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. بەزى ئەسەرلەر باركى، ئۇلارنىڭ قىسىم ـ بۆلەكلىرى بىر ـ بىرىگە يېپىشمايدۇ، بەزى قىسىملىرى ئەسەرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى ياكى سيۇژېت لىنىيىسىدىن چەتنىگەن ھالدا ئارتۇقچە، زورمۇزور قىستۇرۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ بىرمۇنچە خام ماتېرىيال دۆۋىسىگە، ۋەقەلىكلەرنىڭ رەتسىز تىزمىسىغا، مېۋە ـ چېۋىلەر قالايمىقان قويۇلغان باققالنىڭ يايمىسىغا ئايلىنىپ ياكى ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ، ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتىكى بىر چوڭ نۇقسان.

ئۈچىنچى، تىل جەھەتتىكى ئاجىزلىق. بۇ بىرقەدەر گەۋدىلىك ۋە ئومۇمىي خاراكتېرلىك نۇقساندۇر. بەزى ئەسەرلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى تۈزىتىپ بولغىلى بولمايدۇ، تىلنى دەل جايىدا ئىشلىتەلمەسلىك، جۈملە تۈزۈش جەھەتتىكى خاملىق، كېسەل جۈملىلەرنىڭ كۆپلۈكى، تىل جەھەتتىكى گادايلىق، دورامچىلىق قاتارلىقلار كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدۇ..

خۇددى توپان ئارىسىغا ئۈرگۈنلىگەن مەرۋايىت دانىلىرى يوشۇرۇنغاندەك، مانا مۇشۇنداق ئەسەرلەر ئارىسىغىمۇ ئۈرگۈنلىگەن تالانت ئىگىلىرى يوشۇرۇنغان. ئاشۇ ئاجىز، غىل ـ پال كۆرۈنگەن نەرسىلەر، ئەمەلىيەتتە، تالانتنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى ۋە ئەقىللىگە ئىشارىتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈرگۈنلىگەن ئېسىل مېۋىلەرنىڭ ئۈندۈرمىلىرى بايقىلىشىنى، يورۇقلۇققا چىقىشىنى كۈتۈپ تەلمۈرۈپ ياتىدۇ، مۇھەررىرلەردىن ئىلتىپات كۈتىدۇ، ياردەم ـ مەدەت تىلەيدۇ. بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم دېگەندەك، مۇھەررىر ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدىن ياكى ئايرىم بۆلەكلىرىدىن، مەلۇم بىرەر تەرىپىدىن، ھەتتا بەزى جۈملە، مىسرالىرىدىن شۇ ئاپتورنىڭ بەدىئىي دىتى ياكى بىرەر تەرىپىنى ــ تالانتىنىڭ بىخىنى غىل ـ پال بايقاپ قالىدۇ. گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىسا نىپايىدا دېگەندەك، مۇھەررىر مۇشۇنى بايقاشقا ماھىر بولمىسا، ئۇ كۆمۈلۈپ قالىدۇ ياكى بايقىلىش ۋاقتى كېچىكىپ كېتىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، تالانت ئىگىلىرى ھە دېگەندىلا توققۇزى تەل، مۇكەممەل بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇلاردا دەسلەپ ئىپادىلەنگەن تالانت ۋىللىدە كۆرۈنگەن ئۇچقۇندەك ئاجىز، ئۈندۈرمىدەك كىچىك، بىختەك يۇمران، يېڭى باش كۆتۈرگەن مايسىدەك سەبىي، مەسۇم بولۇشى مۇمكىن. مۇھەررىر ئۇنى بايقاپ، پەم بىلەن پەرۋىش قىلىپ، پەپىلەپ ئۆستۈرىدۇ، ئۇنى بارا ـ بارا يېتىلدۈرۈپ قاتارغا قوشىدۇ، غايىبانە قول بولۇپ يېتەكلەپ، سەپكە باشلاپ كىرىدۇ. دېمەك، تونۇيدىغان كۆز بولسا، يىلقىدا تۇلپار كۆپ، دېگەندەك، زېرەك مۇھەررىرگە بايقاشقا تېگىشلىك تالانت ئىگىلىرى كۆپ، مانا بۇ، مۇھەررىرنىڭ قىممەتلىك يېرى، شۇنداقلا مۇھەررىرنىڭ تۆھپىسى، ئېسىل كەسپىي ئەخلاقى كۆپرەك گەۋدىلىنىدىغان تەرەپلەرنىڭ بىرى. مۇھەررىرنىڭ ئەنە شۇنداق خىزمىتى ئارقىلىق بىر مىللەت ۋە مەملىكەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى،

ئېلىگىرى سۈرۈش رولى ھەقىقەتەن زور بولىدۇ.

روسىيىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچىسى دوبرولىيوبوۋ رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن شەخس. ئۇنىڭ نامى ھېلىغىچە جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئۆچمەي كېلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇ شەخسنىڭ تالانتىنىڭ بايقىلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشىدا بىر مۇھەررىرنىڭ رولى چوڭ بولغان.

دوبرولىيوبوۋ 1815 ـ يىلى مەلۇم بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالە توغرىسىدا ئوبزور يېزىپ، ئۇنى «زاماندىشلار» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇ كەملەردە بۇ ژۇرنالنىڭ ئاساسلىق ئوبزورچىسى ۋە مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چېرنىشېۋسكىي دوبرولىيوبوۋنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ، ھاياجىنىنى باسالماي سەكرەپ كەتكەن ۋە ئاغزىغا تەگمەي: «بەللى، روسىيىدىن يەنە بىر ئىستېداتلىق ئەدەبىي تەنقىدچى چىقتى» دېگەن. ئۇ دەرھال دوبرولىيوبوۋغا خەت يېزىپ، ئۇنى قىزغىن تەبرىكلىگەن. كېيىنكى يىلى دوبرولىيوبوۋ ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەندە، ئۇنى ئۆزى ئىشلەۋاتقان ژۇرنالنىڭ «كىتابلارغا باھا» دېگەن سىتونىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىگە تەكلىپ قىلغان. بۇ ئىش دوبرولىيوبوۋنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچى بولۇپ يېتىلىشى ۋە تونۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالغان.

ئەنگلىيىدىكى مەلۇم بىر نەشرىياتنىڭ مۇھەررىرى ھەم ئوبزورچىسى ئېدۋارد گارنېت دېگەن كىشى (1868 — 1937) بىر قېتىم پاراخوتتا كېتىۋېتىپ، پاراخوت سۈپىسىدا ئولتۇرۇپ باش كۆتۈرمەي ئەسەر تەھرىرلىگەن. بۇنى كۆرۈپ، ئۇنى مۇھەررىر بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان يۈسۈف كونرات (1887 — 1924) ئىسىملىك ياش ماتروس ئۆزى يازغان «ئالما يېرىسىنىڭ كالۋالىقى» دېگەن ھېكايىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ كۆرۈپ مەسلىھەت بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. ئېدۋارد بۇ ھېكايىنى تەھرىرلەپ پىششىقلاپ مەتبۇئات سەھىپىسىگە ئېلىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈف كونراتنىڭ تۇنجى ئەسىرى يورۇقلۇققا چىققان. ئاپتور ئەسلىدە ئەنگلىيە پاراخوتىدا ماتروسلۇق قىلىۋاتقان، 18 يېشىدا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەن تىرىشچان ياش ئىكەن. كېيىن كونرات ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ھەم ئىنگلىز تىلىدا ئەسەر يېزىشتا ئۇلۇغ ئۇسلۇبشۇناس بولۇپ قالغان.

«پېداگوگىكىلىق پوئېما» ناملىق ئەسىرى بىلەن بىزگە تونۇش بولغان سابىق سوۋېت يازغۇچىسى ھەم پېداگوگى ماكارېنكو 27 ياش ۋاقتىدا (1915 ـ يىلى) «ھاماقەتنىڭ بىر كۈنى» دېگەن بىر ھېكايە يېزىپ، «ئايلىق خەۋەرلەر» ژۇرنىلىدا مۇھەررىرلىك قىلىۋاتقان گوركىيغا ئەۋەتكەن. گوركىي ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئەسەرنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ ئاپتورغا خەت يازغان. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ھېكايىڭىزنىڭ ۋەقەلىكى ناھايىتى قىزىقارلىق ئىكەن. لېكىن ياخشى يازالماپسىز، ئارقا كۆرۈنۈش يېزىلماپتۇ. دىئالوگلار قىزىقارلىق ئەمەس، پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ دراماتىكىلىقى روشەن ئىپادىلەنمىگەن، سىز باشقا بىر نەرسىلەرنى يېزىپ باقسىڭىز بولغۇدەك»، سەمىمىي تەنقىد ۋە مەسلىھەت بېرىلگەن بۇ خەت ماكارېنكونى

ئۈمىدسىزلەندۈرمىگەن، بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەينەك ۋە كۈچلۈك يارىدەم - مەدەت بولۇپ، ئۇنى ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرغان، ئالغا ئىنتىلدۈرگەن. ماكارېنكو كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇشۇ ئىشنى ئەسلەپ، «گوركىينىڭ خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ماڭا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، مەندە يېزىقچىلىق ئىقتىدارى يوق ئىكەن. مېنىڭ ئۆگىنىشىم زۆرۈر ئىكەن. بۇ ئىش مەندە بىر كۆڭۈلسىز يالداما قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن توختىماستىن ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىۋەردىم» دېگەن. ماكارېنكو شۇ ئىشتىن كېيىن ئەسەر يېزىشقا ئالدىراپ كەتمىگەن ۋە بىر تەرەپتىن مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇپ، ئەدەبىيات توغرىسىدىكى بىلىمى ۋە چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، ھەرخىل ئىجادىيەت ماھارىتى ۋە تەجرىبىلىرى بىلەن تونۇشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بالىلارنى تەربىيىلەش ئورنىدا جىددىي، مۇرەككەپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ ئون ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزگەن، بۇ جەرياندا بىر پارچىمۇ ئەسەر يازماي، ناھايىتى مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى توپلىغان. 1928 - يىلى گوركىي ماكارېنكو خىزمەت قىلىۋاتقان بالىلارنى تەربىيىلەش ئورنىغا كەلگەن. ماكارېنكو ئۆزىنىڭ 13 يىلدىن بۇيان ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ئورنىدا ئىشلىگەن جاپا - مۇشەققەتلىك خىزمىتىنى، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل كونا كۈچلەر ۋە قالاق ئادەتلەر بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىغا دائىر ئىش ئىزلىرىنى گوركىيغا سۆزلەپ بەرگەن. گوركىي بۇنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ، «يولداش ماكارېنكو، سىزنىڭ بۇ ئىشلىرىڭىز مېنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈردى. سىز بۇلارنى يېزىپ چىقىڭ، جىم يېتىۋەرمەڭ. ئۆزىڭىز مۇشكۈل خىزمەتلەردە ياراتقان مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزنى مەخپىي تۇتماي بىر كىتاب يېزىپ چىقىڭ» دېگەن.

بۇ بېشارەت ۋە تەشەببۇس ماكارېنكونى ئۆز - ئۆزىگە يېڭىباشتىن تونۇتقان. ئۇ ئىجادىيەتكە كىرىشىش پەيتىنىڭ ئەمدى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىجادىيەتكە دادىل كىرىشىپ، بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا بىر ئەسەر يېزىپ چىققان. شۇنداق قىلىپ، تەلىم - تەربىيە توغرىسىدىكى داڭلىق ئەسەر — «پېداگوگىكىلىق پوئېما» دۇنياغا كەلگەن ھەم ماكارېنكو يازغۇچى بولۇپ تونۇلغان.

ئىجادىيەتكە تۇنجى قەدەم قويغان ۋاقىتتا بايقاپ يېتەكلەش، يول تاپالماي تېنەپ قالغان كىشىنى توغرا يولغا باشلاش، دەم - دەم تۇرۇپ ماڭالمايۋاتقان بوۋاق بالىغا يۆلەك بولۇش ئىشەنچىسىزگە ئىشەنچ، كۆزى چىم - چىم بولۇپ نىشانغا تىكىلىپ قارالمايۋاتقان كىشىنىڭ كۆزىگە نۇر بېغىشلاشتەك مۇھىم رول ئوينايدۇ.

سابىق سوۋېت شائىرى يېۋتوشىنكو «مەن ئۆمۈر بويى ئاندرى روستالىدىن مىننەتدار» دەيدۇ. ئاندرى روستالى «ياش گۋاردىيە» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ، يېۋتوشىنكونىڭ بايقىلىشى ۋە يېتەكلىنىشىدە زور رول ئوينىغان. بۇ مۇھەررىر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئەدەبىياتتىن مەسلىھەت بېرىش بۆلۈمىدە يېۋتوشىنكونى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ھەركۈنى دېگۈدەك قولمۇ قول يېتەكلىگەن. نىكولاي تاراسوۋ دېگەن بىر مۇھەررىر يېۋتوشىنكونىڭ بالا ۋاقتىدا يازغان تۇنجى شېئىرىنى ئېلان قىلغان.

بۇ يېڭۇ توشىنكونىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تۇنجى قەددىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. يېڭۇتوشىنكو بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان: «1949 - يىلى مېنىڭ يەنە بىر ئامىتىم كەلدى. مەن «سوۋېت تەنتەربىيىسى» گېزىتخانىسىدىكى مۇخبىر ۋە شائىر نىكولاي تاراسوۋ بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مېنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىمنى ئېلان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەن بىلەن ئۇزاق ۋاقىت بىللە ئولتۇرۇپ، شېئىرلىرىمدىكى قايسى مىسرالارنىڭ ياخشى، قايسى مىسرانىڭ ناچارلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنى ماڭا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى...» بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئەنگلىيە ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان لورونىس، پوست دېگەن يازغۇچىلارنىمۇ مۇھەررىرلەر بايقىغان، يېتەكلىگەن.

بايقاش — توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇپ يېتەكلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بايقىغاندىلا، پەرق ئەتكىلى، توغرا تونۇپ يېتەكلىگىلى بولىدۇ. بايقاش ئۆتكۈر نەزەرلىك، تۈيغۇن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بايقاش يىلقىدىكى تۇلپارنى تونۇشنىڭ، كۆككە قاراپلا زىرائەتنىڭ بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى تونۇشنىڭ باشلىنىشى. شۇڭا بايقاشقا ماھىر بولۇش - بولالماسلىق، سىنچى بولۇش، بولالماسلىقنىڭ مۇھىم ئامىلى.

مۇھەررىر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بايقاش ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، ياخشى ئەسەرنى بايقاش، يەنى بىرى ئادەمنى، يەنى تالانتنى بايقاش. ئەسەرنى بايقاش دېگىنىمىز ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى توغرا تونۇش، باھالاش دېگەنلىك. مېنىڭچە، بىر ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى، ئالدى بىلەن، شۇ ئەسەردە كۆتۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بەزى ئەسەرلەر بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىن ھېچقانچە يېگىلىقى يوق، قۇرۇلما جەھەتتىن چۇۋالچاق، نۇقسانى كۆپرەك، يىغىپ ئېيتقاندا، خام ياكى ناچارراق بولسىمۇ، ئۇ كۆتۈرۈپ چىققان مەسىلە يېڭى ۋە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئەسەرلەر بەدىئىي جەھەتتىن خېلى پىششىق، قىزىقارلىق بولسىمۇ، مەزمۇنى پۇچەكرەك، كۆتۈرۈپ چىققان مەسىلىسى ئادەتتىكىچە ياكى تەكرار ۋە ياكى ھېچقانداق يېڭىلىقى يوق بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزى ئەھۋاللاردا بۇسۇش خاراكتېرىگە ئىگە، قېلىپ ۋە رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى ۋە ئېگىنىغا سىغمايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىنغان پىكىر ۋە كۆزقاراشلار ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرمۇ ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرۈدىغان بولساق، نۇرغۇن يازغۇچى - شائىرلار ئەينى ۋاقىتتا پرومېتېينىڭ پىداكارلىق روھىنى مەدھىيىلەپ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ شۇ تارىخىي شارائىتتا بىرخىل ئېقىم، ئەنئەنىۋى قاراش بولۇپ شەكىللەنگەن. لېكىن ئەنگلىيە شائىرى شېللى رىۋايەتلەردىكى پرومېتېينىڭ ئاقىۋىتىگە دائىر قېلىپلىشىپ قالغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا نىسبەتەن باشقىچە ئىش تۇتۇپ، پرومېتېي ھايات، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، دېگەن قاراشنى ئىپادىلىگەن. ئۇ «ئازاد پرومېتېي» دېگەن ئوپېرانى يېزىپ، ئۇنىڭدا

ۋەقەلىكىنىڭ يېشىمىنى ئىنسانلارنىڭ پاناھى بولغان پرومېتى ئاسمان خۇداسى زېۋىسكە قارشى كۈرەشنى مىڭ يىللاپ داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى زېۋىسنى يەڭگەن قىلىپ ئۆزگەرتكەن. بۇ ئوپېرا كىشىلەرگە يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد ـ ئىشەنچ بېغىشلايدىغان ئۆلمەس ئەسەر بولغان. بۇ ئەسەر ئەينى زاماندا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان، ئېنگلىس شېللىنى «تالانتلىق ھۆكۈما» دەپ ئاتىغان. گوركىي «شېللىنىڭ «ئازاد پرومېتى» دېگەن ئوپېراسى دۇنيا ئەدەبىياتىدا ھەممىدىن ئۇلۇغ ئەسەردۇر» دېگەن.

قاراش ۋە باھانىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن بەزى ئەسەرلەر توغرىسىدىكى ھۆكۈممۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىرى ئالما دېسە، يەنە بىرى چالما، دەيدۇ. مۇشۇنداق ئوخشىمىغان قاراشلار سەۋەبىدىن بەزى ئەسەرلەر مۇرەككەپ مۇئامىلىگە دۇچ كېلىدۇ، ھەتتا كۆپ سانلىق كىشى ئىنكار قىلىپ، ئاز سانلىق كىشى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان، قاتتىق تالاش ـ تارتىش بولىدىغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلمەي قالمايدۇ. بەزىدە ئەسەر تەپ مالال قىلىپ قويۇلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدا ھەرخىل سەۋەبلەر بولىدۇ. شەرىئەتنىڭ يەتمىش بىر پۇتىقى بار دېگەندەك، ئىنكار قىلىمەن دېسە، ھەرخىل شاخ ـ پۇتاق چىقىرىپ ئىنكار قىلغىلى بولۇۋېرىدۇ، مۇشۇنداق پەيتتە مۇھەررىردە مەسىلىنى سالماقلىق بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئىلمىي ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان روھ، يۈكسەك تۇيغۇنلۇق، توغرا مۆلچەرلەش، پەرق ئېتىش، باھالاش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ئۇ بىر ياخشى ئەسەرنى ئىنكار قىلىنىپ كېتىش خەۋپىدىن قوتقۇزۇپ قالالايدۇ. بۇ جەھەتتىكى مىساللار ئاز ئەمەس. رۇس يازغۇچىسى تۇرگېنېۋ «ھارپا» پوۋېستىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن پېتېربورگقا كېلىپ، بۇ يەردىكى دوست ـ ئاغىنىلىرىگە پوۋېستىنى بىر نەچچە ئاخشام ئوقۇپ بەرگەن. كېيىن پوۋېست ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرە بولغان. بىر نەچچەيلەن ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى بەك رادىكال ئىكەن، روسىيىنىڭ ئەينى زاماندىكى تۇرمۇشىنى بەك سۆكۈۋېتىپتۇ، دەپ قاراپ، پوۋېستنى ئىنكار قىلغان. دوبرولىيوبوۋ «بۇ ئەسەرنىڭ ياخشىلىقى ئىدىيىسىنىڭ ئىلغارلىقىدا. ئۇنىڭ تىلى ئۆتكۈر، ئوبرازلىرى روشەن» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مۇنازىرە ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەن. تۇرگېنېۋنىڭ ئۆزىمۇ دوبرولىيوبوۋنىڭ «ھارپا» ھەققىدىكى تەھلىلىنى «چېكىدىن ئېشىپ كەتتى» دەپ قارىغان. «زامانداشلار» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى نىكراسوۋ بىلەن مۇھەررىرى چېرنىشېۋسكىلار دوبرولىيوبوۋنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى قوللاپ، ئەسەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، نىكراسوۋ، چېرنىشېۋسكىي، دوبرولىيوبوۋلار بىرلىكتە «ھارپا» نى ئىنچىكىلەپ مۇھاكىمە قىلىپ، ئاخىرى «زامانداشلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان، ئىلغار ياشلار بۇ ئەسەرنى قىزغىن ئالقىشلىغان.

زامان، ماكاننىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى، گەرچە ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا يۇقىرىقىدەك ئىلغار ئىدىيىلىك ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنىشىدا توسالغۇ بولمىسىمۇ، لېكىن تەھرىرلىك جەريانىدا بىز يەنىلا خىلمۇ خىل مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە ئۇچراپ تۇرىمىز. شۇڭا بەزى ياخشى ئەسەرلەرنى ئىنكار قىلىنىپ كېتىش

خەۋپىدىن قۇتقۇزۇشمۇ ئانچە ئاسان، ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ. بەزىدە مۇشۇنداق بىرەر سەۋەب بىلەن يامان ئاتىلىق بولۇپ قالىدىغان، ھەرخىل ناتوغرا مۇئامىلىگە ئۇچراپ، ئورۇنسىز قورساق كۆپۈكى ـ ئەلەم تارتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. قۇربان بېرىش روھى كۈچلۈك بولمىغان مۇھەررىر قۇتقۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ۋە ئەلەمگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مېنىڭچە، قۇربان بېرىش روھى مۇھەررىرلەردىكى بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىدار، ئېسىل كەسپىي ئەخلاق، ئېسىل خىزمەت ئىستىلىنىڭ گەۋدىلىك بىر بەلگىسى.

مۇھەررىرلەر ئىچىدە بىر ئەسەرنىڭ تەقدىرىگە تاقىلىدىغان مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، بولسا بولار، بولمىسا ماڭا نېمىدى، دەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. يۇقىرىقىدەك جىددىي پەيتكە دۇچ كەلگەندە ئەسەرگە قانداق پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىشىدىن مۇھەررىرنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ياخشى ئەسەرنى؛ تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش مۇھەررىرنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى، سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، كەسپىي ئەخلاقىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كەسپىي ئەخلاقى، خىزمەت ئىستىلى ياخشى بولمىغان مۇھەررىرلەر ئەسەرگە توغرا مۇئامىلە قىلالمايدۇ. ئۇلاردا ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە يېتەرسىز ياكى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەسەرنى ئەسلى قىياپىتى، ئەسلى قىممىتى بويىچە كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تارازىسىنى ھېسسىيات تېشى بەكرەك بېسىپ كېتىدۇ. بۇنداق مۇھەررىرلەر تالانتنىڭ بىر مۇنچە ياخشى بىخلىرى ۋە ياخشى ئەسەرلەرنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇشى، ھەتتا گۆھەرنى تاش ـ شېغىل ھېسابلاپ چۆرۈۋېتىپ، تالانتنىڭ ياخشى بىخلىرى ۋە ياخشى ئەسەرلەرنى نابۇت قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ۋە زىيىنىنى مۆلچەرلەش قىيىن.

مۇھەررىرنىڭ ناتوغرا مۇئامىلىسى ۋە خاتا ھۆكمىگە ئۇچراپ يارىماس ياكى ناچار ئەسەر ھېسابلىنىپ قالدۇرۇۋېتىلگەن ئەسەرلەردىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ۋە باھاسىنى تېپىپ شۆھرەت قازانغان، ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان ئەسەرلەرمۇ بار.

فرانسىيە يازغۇچىسى ژىيول ۋېرىن (1829 — 1905) ئۆمرىدە 104 ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە، رومان يېزىپ، «ئىلمىي فانتازىيە پىرى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر يازغۇچى. ئۇ «كاپىتان گرانتنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى»، «دېڭىز ئاستىدىكى 20 مىڭ كىلومېترلىق سەپەر»، «سىرلىق ئارال»، «80 كۈندە دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىش»، «15 ياشلىق كاپىتان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخانلىرىمىزغا تونۇشلۇق. ئۇنىڭ «شار ئۈستىدىكى بەش ھەپتىلىك ساياھەت» دېگەن دەسلەپكى رومانىغا ھوجىل دېگەن نەشرىيات باشلىقىنىڭ كۆزى چۈشۈپ، «بۇ ناھايىتى تالانتلىق ياش يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ئىكەن. بۇ ئەسەردە يوق بىر خىل جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىكەن» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يورۇقلۇققا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانغا قەدەر يارىماس ئەسەر ھېسابلىنىپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن 15 قېتىم

www.uyghurkitap.com

قايتۇرۇۋېتىلىپ سۆردىلىپ يۈرگەن بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، غەرب ئەللىرىدىكى كىتابخانىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان.

ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى ئاپتور «ياش گۋاردىيە» نەشرىياتىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بىر ياش مۇھەررىر ئۇنى پەرۋاسىزلىق بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، «نەشر قىلىشقا بولمايدىكەن» دەپ قايتۇرۇۋەتكەن.

فرانسىيىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى فلوبېرنىڭ «بوۋارى خانىم» دېگەن نادىر ئەسىرىگە «ئەسەر ناھايىتى قالتىس، لېكىن ھەددىدىن زىيادە قايتىلانغان بىر دۆۋە تەپسىلاتلار بېسىپ كېتىپتۇ» دەپ جاۋاب خەت يېزىلغان. بەزى جاۋاب خەتلەر ھەتتا ئىنتايىن قوپال يېزىلغان. «رومانىڭ تەپسىلاتلىرى تالانت بىلەن تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي گەۋدە ئەھۋالدىن قارىغاندا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاينىيدۇ، رومانىنى جەزمەن ئوقۇيدىغان كىشى چىقمايدۇ، نەشر قىلساق ئابرويىمىز چوقۇم تۆكۈلۈشى مۇمكىن... رومان تازا قاملاشماپتۇ، ئۇ روھىي كېسەل ئادەمنىڭ جۆيلۈشىدىن پەرقلەنمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ۋەقەلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ چېگىش... ئاپتور يۈزىنى داپتەك قىلىپ بۇ كىتابىنى نەشر قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ، مەن بۇنىڭغا ناھايىتى ئەجەبلەندىم، مەن بۇ كىتابىنى نەشر قىلىشنىڭ قانچىلىك پايدىسى بارلىقىنى بىلەلمىدىم، بۇ كۆپىيىنى يەر ئاستىغا مىڭ يىل كۆمۈۋېتىشنى تەكلىپ قىلىمەن». بۇ ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر يازغۇچىسى ھەم شائىرى ۋىلادىمىر نابوكوۋنىڭ «لورىتى» دېگەن ئەسىرىگە يېزىلغان جاۋاب خەت.

«مۇقەددەس ئوردا» — مەشھۇر ئامېرىكا يازغۇچىسى ۋىلىيام فولكنېرنىڭ داڭلىق ئەسىرى. ۋىلىيام فولكنېر 1949 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. يەنە 1951 - يىلدىن 1963 - يىلىغىچە ئامېرىكا دۆلەتلىك كىتاب مۇكاپاتى، پولىتسىر مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئۈچ قېتىم مۇكاپاتلانغان. «مۇقەددەس ئوردا» بىر مۇھەررىر تەرىپىدىن يارىماس ئەسەر ھېسابلىنىپ، دوق قىلىپ يېزىلغان قوپال جاۋاب خېتى بىلەن قايتۇرۇۋېتىلگەن. لېكىن بۇ ئەسەر كېيىن ئەڭ خېرىدارلىق، بازىرى ئىتتىك كىتاب بولۇپ قالغان. 1889 - يىلى فرانسىيىنىڭ رېيىمس شەھىرىدە چىقىدىغان «كۆزەتكۈچى» گېزىتىنىڭ بىر مۇھەررىرى بېرىدىن ئىسىملىك يازغۇچىنىڭ بىر ئەسىرىگە قارىتا ئىنتايىن قوپاللىق بىلەن خەت يېزىپ، ئۇ ئەسەرنى «ھەرقانداق ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم كۆرسە ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك دەپ ھېس قىلىدۇ» دەپ مەسخىرە قىلىپ قايتۇرۇۋەتكەن. ئارىدىن 18 يىل ئۆتكەندىن كېيىن «كۆزەتكۈچى» گېزىتى بېرىدىنىڭ ھېلىقى ئەسىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئالاھىدە خەۋەر قىلغان.

1981 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئەۋەتىلگەن «ھايات بەيگىسىدە» دېگەن بىر ھېكايە قايتۇرۇۋېتىلگەن. مەن نېمە سەۋەب بىلەندۇر بۇ ھېكايىنىڭ بىراۋنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ كىشى بۇنداق ئىشلارغا مۇناسىۋەتسىز كىشى ئىدى.

شۇڭا مەن ئەجەبلىنىپ، بۇ ھېكايىنى نېمە قىلدىغانلىقىنى سورىسام، مۇھەررىرلەر
بۇ ئەسەرنى ئاپتورغا قايتۇرۇۋەتمەكچى بوپتىكەن، شۇڭا ماڭا سەن ئالغاچ كېتىپ
بېرىپ قويساڭ دەپ بەرگەن، دېدى. مەن بۇ ئەسەرنى ئېلىپ كۆرۈپ چىقتىم. قارى-
سام، ئۇ بىر ناچار مۇھىتتا تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئىسلاھات روھى بىلەن ئۆز
خىزمىتىدە يېڭىلىق ياراتقان غايىلىك، ئىجادچانلىق روھىغا باي بىر زىيالىي ياشنىڭ
ئوبرازى يارىتىلغان ياخشى ھېكايە ئىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ھېكايە «شىنجاڭ گېزى-
تى» نىڭ 1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى سانىنىڭ «شەرق شامىلى» بېتىدە
ئېلان قىلىنىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدا گېزىت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر
بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئارقىدىن تاللانما ھېكايىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلۈپ،
توپلامنىڭ باش ھېكايىسى قىلىندى، توپلامنىڭ ئىسمىمۇ شۇ ھېكايىنىڭ نامى بىلەن
ئاتالدى. بۇنداق ئەھۋاللاردىن باشقا گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىمۇ خالىي بول-
مىسا كېرەك.

مۇھەررىر ئەسەرنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىش - قىلىنماسلىق تەقدىرىنى بەلگىلىيەل-
سىمۇ، بىر ئەسەرنىڭ ياخشى - يامانلىق تەقدىرىنى ئاخىرقى ھېسابتا بەلگىلىيەلمەيدۇ.
ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى نىسپىي بولىدۇ. شۇڭا مۇھەررىر تاللاپ ئىشلەتكەن ئە-
سەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈپەتلىك، يارامىلىق ئەسەر بولۇپ كېتىشى ناتايىن بولغىنى-
دەك، مۇھەررىر ياراتماي قالدۇرۇۋەتكەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈپەتسىز، يارام-
سىز بولۇشىمۇ ناتايىن، شۇڭا بەزى ھاللاردا قالدۇرۇۋېتىلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىن
ياخشى ئەسەر بايقىلىپ قالسا، ئەجەبلىنىپ كەتكۈلۈك ئەمەس. ئۇنىڭدا قەستەنلىك
بولمىسىلا، ئۇنى خىزمەتتىكى نورمال سەۋەنلىك قاتارىدا توغرا چۈشىنىشكە، كەچۈرۈم
قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى مۇھەررىر ھەرقانچە كامالەتكە يەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ يەنە
بىر تەرەپلىمىلىك ۋە بەزى سەۋەنلىك، ھەتتا خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ - دە.

بەي جۈيىنىڭ «قاشتېشىنى سىناش ئۈچۈن كېرەك بولار ئىككى - ئۈچ كۈن،
تالانت ئېگىسىنى تونۇش ئۈچۈن توققۇز - ئون يىل» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى
بار. بۇ سۆزدە تالانت ئېگىسىنى تونۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش ئىكەنلىكى قەيت
قىلىنغان، تالانت ئېگىلىرىنى بىخ ھالەتتە بايقاش ھېسى تونۇشنىڭ باشلىنىشى. بۇ
ھەقتە ئەقلىي چۈشەنچىگە، تولۇق بايقاش دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن بىر جەريان،
ھەتتا خېلى ئۇزاق بىر جەريان كېرەك.

تالانتنىڭ دەسلەپكى بايقالغان ۋاقتى ئۇندۇرمە، تۆرەلمە ھالىتى. بۇ ئۇندۇرمە،
تۆرەلمىنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇق يېتىلىپ مېۋە بېرىشى ناتايىن. ھەرخىل سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بەزىلىرى ئۈچ قۇلاق چىقارغان، مايسا بولغان ۋاقتىدا نابۇت
بولۇپ كېتىدۇ ياكى ئەي بولماي قالىدۇ. بەزىلىرى چوڭىيىپ كۆچەت بولغان
ۋاقتىدا قۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا تالانتنىڭ دەسلەپكى بايقىلىشى ئۇنىڭ ھەممى-
سىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىدىغانلىقى، ھەممىسىدىن تولۇق ئۈمىد - ئىشەنچ كۈتكىلى بولىدى-
غانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. پى چىرايلىق قىزىلار، بوتىلاق، تاي - قۇلۇنلارمۇ ئەي

بولماي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بارغۇ؟!

تالانت ئەمەلىيەت داۋامىدا سىنىلىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، تالانتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى خىلمۇخىل ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى ۋە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەسلىدە تالانت ئىگىسى بولۇشقا تېگىشلىك ئادەممۇ تاشقى ئامىل ۋە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنىڭ چەكلىمىسى ھەم تەسىرى تۈپەيلىدىن كۆمۈلۈپ قېلىشى ياكى قاتاردىن چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن، گوركىي مۇنداق دېگەنىدى: «پەقەت يۈرگۈزۈشكە ئېرىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە چوڭقۇر چۈشىنىشنى خالىماسلىق، ئۆزلۈكىدىن قانائەتلىنىش ۋە كىچىككىنە بىلىمگە شۈكرى قىلىش ئەقلىي گادايلىقنىڭ سەۋەبلىرىدۇر. بۇنداق گادايلىق ھەمىشە دۆتلۈك دەپ ئاتىلىدۇ.» تالانتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىيەت داۋامىدا تەپەككۇر ئىقتىدارىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە ھەرخىل ئىقتىدارنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇش، قانائەتلەنمەي ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىش كېرەك. «ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلەنمەسلىك ھەقىقىي تالانت ئىگىلىرىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى» (چېخوۋ). تالانت ئىگىسى جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، چىدامىلىق، قۇربان بېرىش روھىغا باي، باشلىغان ئىشىنى ھەق - دادىغا يەتكۈزمىگىچە توختىمايدىغان قەيسەر ئىرادىلىك بولۇشى، بىر ئەجرى قىلىپلا نەتىجە قازىنىش كويىدا بولىدىغان، ئاسانغا يۈگۈرۈپ تەلەي سىنايدىغانلاردىن بولماسلىقى كېرەك. تالانت يۆلەنچۈك تەلەپ قىلمايدۇ. ئېدىسوننىڭ «تالانتنىڭ بىر پىرسەنتى چېچەنلىك، 99 پىرسەنتى تەردۇر» دېگىنى دەر ھەقىقەت، تالانت يۆلىنىش توغرا كەلسە، 99 پىرسەنت تەردىن باشقىغا يۆلەنمەيدۇ. تالانتنى نۇرلاندۇرىدىغان، كامالەتكە يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر يول تىرىشىش - تىرمىشىش، يەنى 99 پىرسەنت تەردۇر.

ئاۋستىرىيە كومپوزىتورى مۇزارت قىسقىغىنە 36 يىللىق ھاياتىدا 17 ئوپېرا، 50 سىمپونىيە ۋە نۇرغۇنلىغان مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. بۇ ھارماي - تالماي تىرىشىش - تىنماي تەر تۆكۈش بەدىلىگە كەلگەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى مۇزىكىدا ۋە مۇزىكا ئىجادىيىتىدە بولغان. ئۇ كېتىۋېتىپمۇ مۇزىكىغا غىڭشىپ ماڭغان، چاچ ئالدۇرۇۋېتىپ، تاماق يەۋېتىپمۇ خىيالى مۇزىكىدا بولغان. پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن مۇزىكا ئاڭلىغاندا، ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇزىكىلارنى ئويلىغان، باش قاتۇرغان. ئۇ دوستلىرىغا مۇنداق دېگەن: «كىم مەندەك ئەجىر قىلسا، ماڭا ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.»

ئېلىمىزدە قەدىمكى زاماندا خەتتاتلىقتا كامالەتكە يەتكەن خۇەي سۇ ئىسىملىك بىر مەشھۇر خەتتات ئۆتكەنىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ تولىمۇ تىرىشچان ئىكەن. بولۇپمۇ مەي ئىچكەندە قەلىمىنى كارامەت ئىشقا سېلىپ، ئۆي سايمانلىرى، ئۆي ۋە ئىبادەتخانا تاملىرى، ھەتتا كىيىم - كېچەكلەرگىچە ھۆسنخەت يازىدىكەن. ئۇ يوقسۇل بولۇپ، قەغەز سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەچكە، ئادەتتە پالما يوپۇرمىقىغا ھۆسنخەت يېزىپ مەشىق قىلىدىكەن. ئۇ يەنە تاختاي، ياغاچ چۆچەك ياساۋېلىپ، ھۆسنخەت

خىت مەشق قىلىغانىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھىلىقى تاختاي بىلەن چۆچەك ئۈپراپ تېشىلىپ كەتكەنمىش.

تالانتنىڭ راۋاج تېپىشى سەرپ قىلىنغان ئۈنۈملۈك ئەمگەك مىقدارى بىلەن توغرا تاناسىپ بولىدۇ. ئەمگەك مىقدارى ئۈنۈملۈك ئەمگەك مىقدارىۋە ئۈنۈمسىز ئەمگەك مىقدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تىرىشچانلىق ناھايىتى زۆرۈر. لېكىن تىرىشچانلىق بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بىلىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان تىرىشچانلىق-نادانلىق؛ ئۇسۇلى-ئېپىنى بىلمەي قىلىنغان تىرىشچانلىق ئەخمەقلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ قانۇنىيەت ئىرادىلىك كىشىنىڭ تىرىشچان بولۇپلا قالماي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى، ئۇسۇلنى ياخشىلىشنى، چېچەن بولۇپ، كۆپرەك ئەقىل ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بىلىم ۋە ئۇسۇل تىرىشچانلىقنىڭ كۆزى ۋە قانىتى. ئۇ تالانتنىڭ راۋاجلىنىشىنى توغرا يېتەكلەش ۋە ئۇنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۈنۈملۈك ئەمگەك مىقدارى قانچە كۆپ بولسا، تالانت شۇنچە راۋاج تاپىدۇ. شۇڭا مۇھەررىر تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ھەمىشە ئۇنىڭ پېيىدە بولۇپ، ئالغا بىسىش داۋامىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىلھاملاندۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، قولمۇ قول يېتەكلىشى لازىم. مۇھەررىرنىڭ مۇشۇ جەرياندا قىلىدىغان ئەجرى- ئەمگىكى ئىشچان باغۋەننىڭ ئەجرى- ئەمگىكىگە ئوخشايدۇ. باغۋەن ياخشى كۆچەتلەرنى تىكىپ، ئۇ تۇتقاندىن كېيىنلا قانائەتلىنىپ ئۇنى بولۇشىغا قويۇۋەتمەي، تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىدۇ. ھارام شاخلىرىنى پۇتاپ، قىڭغىر-سىڭغىر يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، كۆيۈنۈپ ئاسراپ، ئۇنى جۇدۇن-چاپقۇننىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، بىر ئۇششۇك تەگسە ئۇششۇپ قالمايدىغان، بوران سوقسا يىقىلىپ چۈشمەيدىغان، كىچىككىنە زەخمە يەتسە كۆتۈرەلمەيدىغان، سەل چاڭقاپ كەتسە سولىشىپ يىگىلىشىپ قالىدىغان ئەمەس، قابىل، چىدامىلىق، مول مېۋىلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش يولىدا ھېسابسىز قان-تەر ئاققۇزىدۇ. ئۇنىڭ مېۋە بەرگەنلىكىنى كۆرسە، خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالىدۇ. چۈنكى بىر كۆچەتتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدىغان- بولمايدىغانلىقى باغۋەنگە ئەنە شۇ چاغدىلا مەلۇم بولىدۇ. يېڭى بايقالغان تالانت ئىگىسىنىڭ تالانتىنىمۇ ئەنە شۇنداق ئۇزاق جەريانلاردىن كېيىن ئاندىن دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. كۆچەت ۋە تالانت ئىگىلىرىنى بايقاپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى ئوخشاشلىق نۇقتىسىدىن مۇھەررىرنىمۇ باغۋەن دېسەك تامامەن ھەقلىق، توغرا بولىدۇ. يولداش جۇ ياڭ بۇندىن 11 يىل بۇرۇن مۇھەررىرلەرگە باھا بېرىپ كېلىپ، «مۇھەررىر نامسىز قەھرىمان... ئۇلار ئەجرى قىلىدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئۈچۈن تالانت ئىگىلىرىنى بايقايدۇ ۋە تەربىيىلەيدۇ... ئۇلار باغنىڭ جاپاكەش باغۋەنلىرى» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

مۇھەررىر كارامەتچىلەردىن ئەمەس. لېكىن ئۇلار «پارتىيە ۋە دۆلەت ئۈچۈن تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە تەربىيىلەش» جەھەتتە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى

دەپلا ئەمەس، جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى شەرەپلىك بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى ھېسابلايدۇ. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك خوجايىنلىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى تىلەك ـ ئارزۇلىرى، مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ تەرەققىياتى، ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچ ـ ئۈمىدى، مۇھەببىتى مۇشۇ ئىشقا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا بىر تالانت ئىگىسى بايقالسا ۋە ئۆسۈپ يېتىلسە، سۆيۈنۈپ كېتىدۇ، ئۇنى شان ـ شەرەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان بىر ئۈلۈش تۆھپىسى ھېسابلايدۇ.

پېشقەدەم مۇھەررىر ئىمىن تۇرسۇن «مۇھەررىر ئۆزىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىدىن ۋاز كەچكەن نامسىز ئەدىب» دەپ تامامەن توغرا ئېيتقان. مۇھەررىر ئەدىب بولالايدۇ. ھەتتا ئۇلاردىن كاتتا ئەدىب، ئالىم يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ ھەقتە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىن نۇرغۇن مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۆزىمىزدىن ئېلىپ ئېيتساق، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەخمەت زىيائى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىم شېھىد، ئارمىيە داموللا، زۇنۇن قادىرى، ئابلىز نازىرى، ئىمىن تۇرسۇن، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇۋەلى خەلىپەت، ئەرشىدىن تاتلىق، پەتتارجان مۇھەممىدى، جاپپار ئەمەت، مەھەممەت رەھىم، تۇردى سامساق، مۆمىن سەپىرى، تاجىدىن قادىرى، رەخىم قاسىم، غەنىزات غەيۇرانى، ئابدۇسالام توختى، قەييۇم تۇردى، مالىك كېۋىر، ئەخەت ھاشىم، تۇرسۇن مەھەممەت پەخرىدىن، قادىر ھاپىز، سېيىت زۇنۇن، ئابدۇسەمەت خېلىل، ئەزىز نىيازى، ئابلىمىت سادىق، سادىن سادىرى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، تۇرغان شاۋۇدۇن، ئەخەت تۇردى، ئابلىز ئۆمەر قاتارلىق بىر مۇنچە ئەدىب ۋە ئالىملىرىمىز مۇھەررىر بولغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ مۇھەررىر. مۇھەررىرلىك ئۇلارنىڭ قەلىمىنى تاۋلاپ پىشۇرۇپ، ئىجادىيىتىنى پەللىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز كەسپى ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان. جەمئىيەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بەزىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش، بەزىلىرى ئۈنچە ـ مەرۋايىت، بەزىلىرى ئۆزىگە يارىشا ھەرخىل جاۋاھىراتلارنى تۆكۈپ، ئۇنى بېيىتقان. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە سەرپ قىلغان زېھنىدىن مۇھەررىرلىككە سەرپ قىلغان زېھنىي كۈچى، مۇھەررىرلىككە سەرپ قىلغان ۋاقتى، ھاياتىنىڭ ئۇنىڭغا قۇربان قىلىنغان قىسمى، تۆلىگەن بەدىلى كۆپتۇر، بەلكى تولىمۇ كۆپتۇر! ئۇلاردىن ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ، مول ئىجادىيەت مېۋىسى بېرىشى تامامەن مۇمكىن بولغان ئابلىز نازىرى قاتارلىق بىر مۇنچە پېشقەدەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى، پىشقان ماھارىتى ۋە ئىجادىيەت ئىستىقبالىنى تەھرىرلىك خىزمىتى ئۈچۈن قۇربان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، تەھرىرلىك خىزمىتىگە بارلىقىنى بېغىشلاپ، جەمئىيەتتە نام ـ ئاتاقسىز يۈرۈۋاتقان «جانىجان مەنپەئەتىدىن ۋاز كەچكەن نامسىز ئەدىب» لەر ئاز ئەمەس.

مۇھەررىر ئەنە شۇنداق خالىس، ئەنە شۇنداق قۇربان بېرىش روھىغا باي. شۇڭا مۇھەررىر ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى — ئۆز زېھنىنىڭ جەۋھىرى، ئىسىل، چىرايلىق سۆزلىرى، پىشقان ئوي - پىكىرلىرى، ئۈنۈملۈك مەسلىھەتلىرى، كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى لايىھەلىرىنى ئەسەر ۋە ئاپتورلارغا شەرتسىز بېغىشلايدۇ. قىسقىسى، ئاپتور ۋە ئەسەر-نىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ، ئۇلار ئۈچۈن بارى - يوقىنى ئايىماي سەرپ قىلىدۇ...

مۇھەررىر تالانت ئىگىلىرىگە شۇ قەدەر كۆيۈمچان، ئىخلاسمەن كىشىلەر. ئۇلار-نىڭ تامچە - تامچە ھالال تەرى خۇددى سۇبھى پەيتىدە غۇنچىلار، مايسا ۋە نوتىلار-غا ھېچبىر شەپىسىز قونۇپ ئۇنىڭ يىلتىزىغا سىڭىشىپ كەتكەن شەبنەم ۋە ياكى سىملداپ ياغقان شىپالىق يامغۇر سۈيىدەك سىڭىپ، قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، مۇھەررىر تالانت ئىگىلىرىنىڭ سەمىمىي - سادىق پەرۋىشكارى، ئۇلار ئۈ-چۈن مۇنبەت نەم تۇپراق، كۆتەرمە، بالداق، كۆۋرۈك، داغدام يول ھازىرلىغۇچىلار.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

(بېشى 110 - بەتتە)

— مۇئەللىمڭىز ياخشى كىشىكەن، سىزمۇ ئەقىلغا مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى كۆرۈپسىز، گەرچە ھېكايىلارنى بىر تەرەپ قىلىش چارىڭىز تەھرىرلىك پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، بۇ ئىشتا سىزنى ئەيىبلىگىلى بولمايدىكەن، — دېدى.

يەنە بىرەيلەن:

— مۇئەللىمىڭىزنىڭ قىلىقلىرى سەل چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ ئاغرىنىغىلى بولمايدۇ، — دېدى. ئىشقىلىپ، ھەممەيلەن مۇئەللىمگە ئىچ ئاغرىتىشتى. ئاخىرىدا ئەلقەم مۇئەللىمدەك قىسمەتكە يولۇققان باشقا كىشىلەرنىڭ گېپىنى قىلىشقىلى تۇردى. مېنىڭ يۈرىكىمدە ئاچچىق ھەسرەت، نادامەتنىڭ تۇگۇنى قېپقالغانىدى. ئۆزۈمنىڭ قىلىق-لىرىدىن رازى ئەمەس ئىدىم. ئۆزۈمنى شاگىرتلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىغاندەك ھېس قىلاتتىم.

مەن خىجالەت بولغان ھالدا ئۇستازىم مېنىڭ سېلىگە بولغان ساداقىتىم ھايات سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى، سىلىگە تۇزكور-لۇق قىلدىم، مېنى كەچۈرسىلە، ئۇستا-زىم! دەپ خىتاپ قىلدىم.

**مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە**

ئالىمجان ھاشىر

# «يىغلىما قىز» ھەققىدىكى قاراشلىرىم

ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يېڭىلىققا ئىنتىلىش ۋە باشقىلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تەۋە بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئاڭ ساھەسىدە كونا ئاڭ بىلەن يېڭى ئاڭ، مىللىي ئاڭ بىلەن زامانىۋى ئاڭ، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىك قاتارلىق مەسىلىلەردە زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار بارلىققا كەلدى، كىشىلەر روھىيىتىدە بولسا كونا زىددىيەتلەر ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، يېڭى زىددىيەتلەر بارلىققا كەلدى. ئەسلىدىكى زەئىپلىشىش، چۈشكۈنلىشىش روھىي ھالەتلىرى، يۇرتۋازلىق، خۇراپاتلىق، نادانلىق، كونسىرۋاتىپلىق، بىر - بىرىنى كۆرەلمەسلىك، پىتنە - پاساتچىلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قوشۇلۇپ، يەنە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، مەنىۋى جەھەتتىن بۇزۇلۇش، ئىستىل جەھەتتە چىرىش، بەزى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش مۇھىتى قويۇق بولماسلىق قاتارلىق بىرمۇنچە ئىللەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. «يىغلىما قىز» دا مانا شۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ جىددىي ئىنكاسى بار. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەپ، جەمئىيەتتە، كىشىلەر ۋۇجۇدىدا ساقلىنىۋاتقان، پەيدا بولۇۋاتقان ناچار ئىللەت، ناچار خاھىشلارنى پاش قىلىش، قامچىلاش، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ سەت، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش — يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. ئەدەبىيات گۈزەللىك يارىتىش، رەزىللىكنى پاش قىلىش، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىش يولى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. گوگول «ئەگەر سەن بىر ئەۋلاد كىشىلەردىكى بارلىق پەسكەشلىكلەرنى پۈتۈن يىلتىزى بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمىسەڭ، جەمئىيەتنى، بارلىق بىر ئەۋلادنى گۈزەللىككە يېتەكلىيەلمەيسەن» دەيدۇ. ئەلۋەتتە كىشىلەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى ئوڭايلىقچە ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. ئەدەبىيات تۇرمۇشتىكى خىلمۇ خىل ھادىسىلەرنى ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ، كىتابخانلاردا تەسىر قوزغايدۇ، ئۇلارغا ئۆزلىرى ھېس قىلالمىغان نەرسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەسەر ئەنە شۇ دەرىجىگە يەتكەندىلا، ئاندىن

ئىجتىمائىي تۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ، گۈگۈل دېگەندەك مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «يىغلىما قىز» پوۋېستىدا («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 11 -، 12 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان) تەسۋىرلەنگەن ئامانگۈل ۋە ئادىلەلەر رېئال ھاياتىمىزدا دائىم بىز بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان قىزلار، بىز ئۇلار بىلەن ھاياتنىڭ ھەرقايسى دوقمۇشلىرىدا ئۇچرىشىپ تۇرىمىز.

مۇرەككەپ ۋە نازۇك مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان بۇ پوۋېستتا تىپىك دېتاللار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يازغۇچىنىڭ پىكرى ماھىرلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇڭا كىتابخانلار ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاشۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسى ۋە يىلتىزى ھەققىدە ئويلىنىدۇ. ئامانگۈل پاجىئەسىنىڭ مەنبەسى نەدە دېگەن سوئال ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ.

ئامانگۈل ئالىي مەكتەپكە كېلىش ئالدىدا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. بىز ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىمىز، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا قاتتىق نەپرەتلىنىمىز.

يازغۇچى ئامانگۈل ئوبرازىنى چوڭقۇر مۇھەببەت، سەمىمىي ئېچىنىش تۇيغۇسىدا ياراتقان. بۇ ئوبرازغا يازغۇچى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىقىنى سىڭدۈرگەن. شۇڭا بۇ ئوبراز يولدىن ئازغان قىزلارنىڭ تىپى بولسىمۇ، ئەمما كىتابخانلارغا سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. لېكىن بىز تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەسەرنىڭ پۈتكۈل روھىي ماھىيىتىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئامانگۈل پاجىئەسىنىڭ مەنبەسى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەنلا تۈگىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئامانگۈل ئاق كۆڭۈل، ياۋاش، ئىتائەتمەن، تولىمۇ ساددا قىز. ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك، بىراق ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىغا يېزىنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىدىن قۇتۇلۇش، ھېلىقى «ئۆز يېزىسىدىن بېيجىڭغا بېرىپ ئوقۇپ، چوڭ شەھەردە خىزمەت قىلىۋاتقان سۆلەتلىك ئايال» دەك بولۇشتىن ئىبارەت غەيرىي ئارزۇلارمۇ بىرلىشىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇ ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مائارىپ ئىدارىسى باشلىقىنىڭ يولسىز تەلىپىگە ماقۇل دەيدۇ. بۇ پاجىئەنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، ئەمما ئامانگۈلدە بۇ پاجىئەنى يەنە داۋاملاشتۇرۇش ياكى توختىتىش ئەركىنلىكى ۋە چارىسى بارمۇ - يوق؟! مېنىڭچە، ئامانگۈلنىڭ بۇ پاجىئەنى توختىتىش ئىمكانىيىتى پۈتۈنلەي بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئامانگۈل ئۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى بىر پالاكەتكە ئۇچرىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەن. ئەمما مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئادىلەنى ۋە ئادىلەنىڭ ئارىلىشىۋاتقان ئادەملىرىنىڭ ساغلام بولمىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋشى، ھەتتا ئادىلىنىمۇ ئىزدىمەي، ئاددىي - ساددا ياشاپ، ئالىي مەكتەپنى ياخشى تاماملىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ بۇنداق قىلغاندا ئۇ كېيىنكى پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئالالايتتى ھەم ئۆزىنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى تولۇق قاندۇرالايتتى. ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، ئەكسىچە كىيىم - كېچەككە، سۆلەتۋازلىققا بېرىلىپ كەتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ئۇنى ئادىلىغا ئۇچراشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پاجىئەسى قەدەممۇ قەدەم

چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. ئامانگۇلنىڭ «سىرى» ئادىلغا ئاشكارىلىنىپ، ئادىلدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشقا سەل قاراپ، ھاياتىدا كەچۈرگۈسىز سەۋەنلىككە يول قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق ئۇ كېچىككەنىدى.

ئەسەردىكى ئادىلە يۆلىنىۋېلىش پىسخىكىسىنى پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەن، ئوقۇش، كەلگۈسى توغرۇلۇق ئويلاپمۇ قويمايدىغان، پەقەت ئويۇن - تاماشا، كىيىم - كېچەك، سۆلەتۋازلىقنىڭلا غېمىدە يۈرىدىغان قىز. ئۇنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بىر كۈن بولسىمۇ ئويناپ كۈلۈۋېلىش. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ھەممە ئىشقا بىپەرۋالىق بىلەن قارايدۇ. ئاتا - ئانىسىغا، ھەتتا ئۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

ئامانگۇل بولسا، موھتاجلىق ۋە ساددىلىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، نادان قىز. ئۇ باشقىلارغا ئۆزىگە ئىشەنگەندەكلا ئىشىنىدۇ. ئاسانلا باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئاياغ - ئاستى قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئۆز بەختىنى باشقىلاردىن ئىزدەيدۇ. دېمەك، ئامانگۇلنىڭ روھىي دۇنياسىدىمۇ ئادىلەگە ئوخشاشلا يۆلىنىۋېلىش پىسخىكىسى بار. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ ئەلا نەتىجىسى ۋە قابىلىيىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە قېلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۈرۈمچىدىن خىزمىتى بار يىگىتلەرنى تېپىپ ئۇ يەردە قېلىشنى ئويلايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئىستىقبالىنىڭ نابۇت بولۇشى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، ئامانگۇلنىڭ ئۆزى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئەمما نۇرغۇن كىتابخانلار، ھەتتا ئاپتورمۇ بۇنداق قارىمايدۇ، بەلكى چەكسىز مۇھەببەت، چوڭقۇر ھېسداشلىق ئىچىدە ئامانگۇلگە جور ئىزدەيدۇ، بەخت تىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇ ھېسسىياتى ئەسەردە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەچكە، ئامانگۇل كىتابخانلارغا يەنىلا سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. قىسقىسى، يازغۇچى بۇ ئىككى قىز ئوبرازىنى ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. بۇ ئارقىلىق ياشلارنىڭ يولدىن ئېزىپ كېتىش جەريانلىرى، سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ، سىرلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ياشلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆرسەتكەن پاسسىپ تەسىرىنى پاش قىلىپ تەنقىدلىگەن، دەۋرىمىز ياشلىرىغا ئۆز ئىستىقبالىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشەببۇس قىلغان.

دوبروليوبوۋ: «يازغۇچىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئۇنىڭ ئەسەردە ئىخچاملانغان تۇرمۇشنىڭ كەڭلىكى قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكى، ئۇ ياراتقان ئوبرازلارنىڭ قانچىلىك مۇستەھكەم ئىكەنلىكى ۋە قانچىلىك نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىن ئىبارەت بولىدۇ» دېگەنىدى. بىز بۇ ئەسەردىن يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىم ئىقتىدارىغا قايىل بولىمىز.

ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەردە بەزى نۇقسانلارغىمۇ يول قويۇلغان.

يازغۇچى ئەسەردە ئامانگۇل بىلەن ئادىلەنىڭ روھىي قىياپىتى، مەنىۋى ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پاجىئەلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئامانگۇل كەلگەن ئالىي مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ ئوقۇتۇش مۇھىتى قاتارلىقلارغا

ئەسەردىن مۇۋاپىق ئورۇن بەرمىگەن. ئامانگۈلدىكى شۇنچىۋالا ئۆزگىرىشلەر مەك
تەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىقى مۇمكىنمۇ!؟ يەنە
ئالىي مەكتەپلەردە تىرىشچان - ئىقتىسادچىل بولۇپ، ئاددىي - ساددا ياشاپ، تىرىشىپ
ئوقۇپ، مىللەتكە ھەم مەكتەپكە شان - شەرەپ كەلتۈرۈۋاتقان، چەت ئەللەردە ئىلمىي
مۇھاكىمىلەرگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ زېھنىي كۈچى ۋە ماھارىتى بىلەن شەرەپ قۇچۇۋاتقان
ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاز ئەمەسقۇ!؟ ئۇلارنىڭ ئوبرازىنىمۇ ئەسەر ۋەقەلىكىگە يانداشتۇرۇپ
يارىتىپ بەرگىلى بولاتتىغۇ!؟

ئەسەرگە ئۇيغۇر قىزلىرىغا، بولۇپمۇ ئامانگۈلدەك قىزلارنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن
بولمىغان مۇنداق بىر دېتال قىستۇرۇلغان، ئامانگۈل ئۆزىنىڭ يالىڭاچ رەسىمىنى سى
زىشقا ماقۇل بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ رېئاللىقتىن تولىمۇ ھالقىپ كەتكەنلىك. ئادىلنى
ھەرقانچە ياخشى كۆرگەن ھالەتتىمۇ ھايانى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا
يالىڭاچ ئولتۇرۇپ بېرىشى ئامانگۈلدەك ساددا، تارتىنچاق بىر سەھرا قىزىنىڭ، ئېخ
ىمۇ مۇھىمى، روھىي جەھەتتە ئازار يەپ قاتتىق ھەسرەت چەككەن بۇ قىزنىڭ خاراك
تېرىگە ماس كېلەمدۇ؟

ئادىلنىڭ ئوبرازىمۇ تازا مۇكەممەل ئەمەس. ئۇنىڭ ئامانگۈلنىڭ قىپيالىڭاچ رەسى
منى بىر سىزىپلا داڭق چىقىرىشى، كەسپىي رەسسام بولۇپ قېلىشى، ھەتتا تۇرمۇش
ئۆگىنىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، بىردىنلا ئامانگۈلنىڭ ئىشىنى ئېنىقلاپ كې
لىشى ئادەمگە بىر خىل سۈنئىيلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، دولقۇنسىمان كېلىۋاتقان
زوقىمىزنى بىردىنلا سۇغا چۈشكەن تاشتەك غايىب قىلىۋېتىدۇ. ئادىل بىزگە خۇددى
جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇرمۇش ئۆگەنگىلى ئەمەس، بەلكى ئامانگۈلنىڭ ئىشلىرىنى ئېنىقلى
غىلى بارغان خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسىدەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئامانگۈلنىڭ ئىشى پەقەت ماڭارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ئامانگۈل ئوتتۇرىسىدىكى
سىر ئەمەسمىدى؟! دېمەك، يازغۇچى ئەسەردە زور ئۇتۇقلىرى بىلەن بىللە يەنە يوقى
رىقىدەك نۇقسانلارغىمۇ يول قويغان. بۇلار ئەسەرنىڭ بەدىئىي سۈپىتىگە، كىتابخانلار
نىڭ ئەسەردىن زوقلىنىش ۋە قايتا ئىجاد قىلىش قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئەسەرنىڭ بىزنى ھايات، تەقدىر، سۆيگۈ، ئەخلاق، ئادەملەر، كىشى
لىك مۇناسىۋەت، بۈگۈن ۋە ئەتە، بولۇپمۇ «مەن» ئۈستىدە جىددىي ئويلاندۇرىدىغان
لىقى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھەقىقەت، شۇڭا يازغۇچىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپ
پەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مۇھەممەت ئابدۇمالىك (مىسىر)

# قورقۇنچاق ئادەم

(ھېكايە)

ئۇ تىترىگەن ھالدا ئىشخانىغا كىردى، بوش تىترەپ تۇرغان قولىغا ئىستاكاننى ئېلىپ ئاۋايلاپقىنە بىر يۇتۇم چاي ئوتلىدى، ئاندىن ئىچ كىيىمىنىڭ يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ، بىر تال پاپىروسنى چىقاردى - دە، سۈزگۈچىسىز تەرىپىنى ئاغزىغا سېلىپ، ئوت تۇتاشتۇردى، كۆچەپ بىر شورىغاندىن كېيىنلا ئاغزىدىكى پاپىروسنىڭ تەتۈرلىكىنى بىلىپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنى ئۆچۈرۈۋالدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، كۆزىنىڭ قىرىدا ئىشخانا ئىچىگە سەپسالدى. ئىشخانىدا ئۆزىدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەم يوق ئىدى.

كەڭ - ئازادە ئىشخانا ئىچىدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى، دېرىزە ئەينەكلىرىنى ئاپئاق قىراۋ باغلاپ كەتكەنىدى، ئۇ پاپىروستىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭغا كېچىچە بىرىنىڭ يىراقتا تۇرۇپ قىلغان گەپلىرى ئاڭلانغاندەك تۇيۇلۇپ تۇزۇك ئۇخلىمىدى، لېكىن زادى نېمە دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالماي، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ بېسىپ، نەچچە رەت خوتۇنىنى ئوقۇپ ئويغاتماقچى بولدى - يۇ، ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ ئويغاتمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، بىراق قېرىشقاندەك ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

ئۇ، شۇنداق قىلىپ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتتى، خوتۇنى ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا «كېچىلىك كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئىشتان - چاپانلىرىنى كىيىۋالسىلا» دەپ نەچچە قېتىم دېسىمۇ، ئۇ ئېتىبار قىلماي، سىن ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، چۈشۈپ بىرنەچچە تاللا قالغان شالاڭ چاچلىرىنى قايتا - قايتا تاراش بىلەنلا بولۇپ كەتتى، ئەپسۇسكى شالاڭ چېچى ھەرقانچە تاراپ - تۈزەشتۈرگىنى بىلەنمۇ پارقىراپ تۇرىدىغان تاقىر بېشىنى ياپالمىدى. ئۇ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندا چىش چوتكىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقتى. چېيىنى ئىچىپ بولالمايلا پاپىروستىن بىرنى تۇتاشتۇردى. ھەممە تەييارلىق پۈتكەندە سائەت ئەمدىلا ئالتە بولغانىدى. ئۇ، ئىشقا سائەت سەككىزدە باراتتى، ئۆيىدىن ئىشخانىغا بېرىش ئۈچۈن پەقەت 20 مىنۇتلا ۋاقىت

كېتەتتى.

ئۇ، كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان كارىدوردا ئولتۇرۇپ بېشىنى سالغىنىچە چوڭقۇر خىيال سۈرۈشكە باشلىدى؛ ئۇ بۈگۈن خوتۇنىنىڭ كىيىم ساندۇقى تېگىدىن ئون يىل بۇرۇن توي مۇراسىمىدا كىيگەن بۇ بىر قۇر كۆل رەڭ كاستيۇم - بۇرۇلكىنى تېپىپ بېرىشىنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلدى، ئۇنى كىيىپ ئىشداشلىرىغا باھالاتماقچى، باشلىقىدا ياخشى تەسىر قالدۇرماقچى بولدى.

خوتۇنى كۆلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ كۆلۈمسىرىشى، ئەلۋەتتە، ياسالما ئىدى، ئۇ، ئېرىنىڭ روھى - ھالىتىدىكى جىددىيلىكنى كۆچىنىڭ بارىچە پەسەيتىشنى، ئېرىگە ئۇنچىۋالا قورقۇنچاق بولۇپ كېتىشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى نەسىھەت قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى، ئېرى ئۇنىڭغا ئاساسەن پەرۋا قىلمىدى، ئۇ كۆڭلىدە يەنىلا كېچىسى كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسلەيتتى، خوتۇنى ئۇنىڭ مۇرىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇۋىدى، ئۇ قورقىنىدىن سەكرەپ كەتتى - دە، پىرقىراپ بېرىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. قولىدىن چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالغان كۆزەينىكىنى تۇتۇۋالدى.

— توڭلاۋاتامىلا نېمە؟ نېمىشقا پۈتۈن ئەزايىلىرى تىترەيدۇ؟ — سورىدى خوتۇنى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى راستتىنلا غالىلداپ تىترەشكە باشلىدى، قانچە قىلسىمۇ تىترىكىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى.

— كېرەك يوق، كېرەك يوق...

— ئۆزلىرىگە قاراپ باقسىلا، توختىماستىن تىترەۋاتىلىغۇ؟

— بىلمىدىم، بەرىبىر تىترىمىدىم.

خوتۇنى تېرمومېترنى ئېپكەلدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى، خوتۇنى تېرمومېترنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئالغان چاغدا قۇلىقىغا خوتۇنىنىڭ:

— يېتىپ ئوبدان ئارام ئالمىسىلا بولمىغۇدەك، — دېگەن بىر ئېغىز گېپى ئاڭلىنىپ قالدى.

— ھېچ ئىش يوق، چاتاق يوق، — دېدى ئۇ غەيرىتىگە ئېلىپ.

— بۈگۈن يەنىلا ئىشقا بارامدىلا؟

— ھەئە، ئىشقا بارمىسام بولمايدۇ، دىرېكتور ماڭا ناھايىتى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن خىزمەتكە قاتناشقىلى ھازىرغىچە 20 يىل بوپتۇ، ئەزەلدىن سەۋەبسىز ئىشتىن قالمىدىم.

«يىگىرمە يىل» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر خىل يىغا تەلەپپۇزىدا چىقتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا جانلىق سۈرەتلەر بىر - بىرلەپ پەيدا بولدى: ئۇ يىگىرمە يىلدىن بېرى ئىجتىھات بىلەن ئىشلىگەن، ھېچقانداق خاتالىق چىقارمىغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمقى دەرىجە ئۆستۈرۈشتە ئۇنىڭغا سان تەگمىدى؛ كەسىپداشلىرى بىر - بىرلەپ ئۆسۈپ، ئۇلارنىڭ ياغاچ ئورۇندۇقى لۆم - لۆم ئورۇندۇققا ئايلاندى، ئۇلار چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن ئىشخانىلاردىن گىلەم سېلىنغان، كىرىسلو قويۇلغان ئىشخانىلارغا كۆچۈپ كىردى، ئۇ ئىشخانىلاردا يېپيېڭى گۈللەرنى ئېپكىلىپ لوڭقىلارغا سېلىپ تۇرىدىغان، ھاۋا تەڭشىگۈچلەرنى قەرەللىك ئېچىپ بېرىدىغان ئايال كاتىپلار بار ئىدى... ئۇلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئۆسۈپ باشقارما باشلىقى، ئىدارە باشلىقى، مۇدىر، دىرېكتور بولدى،

مەرتىۋىسى، تەمىناتى يۇقىرىلىدى، ئۇ‌ـ
لارنىڭ ئىشقا ئاپىرىپ، ئەكىلىدىغان
پىكاپلىرى بار، ئۇلار ھېيت ـ بايرام
كۈنلىرى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ھەشىمەت‌ـ
لىك پىكاپلارغا ئولتۇرۇپ، تەرەپ ـ تەرەپ‌ـ
لەردە سەيلە ـ ساياھەت قىلىدۇ...

پەقەت ئۇنىڭلا ۋەزىپىسىدە قىلچە
ئۆزگىرىش بولمىدى، ئەسلىدىكى ئىزىدا
توختاپ قېلىۋەردى. يىللار ئۆتتى، زامان
ئۆزگەردى، بىراق ئۇنىڭدا ھېچقانداق
ئۆزگىرىش بولمىدى؛ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش
ئىشلىرى راۋاج تېپىپ، توپ ـ توپ يېڭى
بىنالار سېلىندى، ھەتتا ئەينى يىللار‌ـ
دىكى بوۋاق باللارمۇ خىزمەتكە چىقىپ
بولدى، بىراق ئۇنىڭ خىزمەت ۋەزىپى‌ـ
سىدە باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگىرىش بولمىدى.

ئۇ، بۇ ئىشلاردىن چوڭقۇر تەسى‌ـ
راتقا ئىگە بولغانىدى، بۇ ئىشلارغا ئىن‌ـ
تايىن ھەيرانلىق نەزەرى ۋە خىيالچانلىق
بىلەن قارايتتى، ئۇ كۆپ
ئويلاندى، بىراق ئەتراپىدىكى دۇنيادا
بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشنىڭ سۈرئىتى ئۇنىڭ
كۆزىتىش سۈرئىتىدىنمۇ تېز ئىدى. ئۇ
ئۆزىنىڭ چارچاپ ھالىدىن كەتكەنلىكىنى،
ھەر ۋاقىت يىقىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى
چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ئۇ تولىمۇ زېرەك بىر ئاددىي خىز‌ـ
مەتچى بولۇپ، ئىنتايىن ئۇياتچان ئىدى،
ئاياللارنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىشكە، يات
كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قاتتىقراق كۈلۈشكە
جۈرئەت قىلالمايتتى، ھەتتا خىزمەتكار‌ـ
لارغا بۇيرۇق سوقۇشقىمۇ جۈرئەت قىلال‌ـ
مايتتى؛ ھەر قانداق بىر ئىشقا دۇچ كەل‌ـ
گەندە، گويا كاللىسىدا ئەزەلدىن بىرەر
چارە يوقتەك شۇنداق لىڭتاسما ئىدىكى،
ئۇنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلالمايتتى؛
ئادەم ۋە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا
ئارىسالدا بولاتتى. بېجىرگەن ئىشنىڭ
بېشىنى باشلاپ قويۇپ، بولسا بولار،
بولمىسا ئىز پۇلى بولار دەپ ئايغىنى
تاشلاپ قوياتتى، رەھبەرلەردىن تارتىپ
خىزمەتداشلىرىغىچە ئۇنى ئىش بېجىرىش
ئىقتىدارى ئىنتايىن ناچار ئادەم دەپ قارايتتى.

ئۇ ئاق كۆڭۈل ئىدى، پەقەت ئۆزىنى
بەك تۆۋەن كۆرەتتى، ھەر قانداق ئادەم‌ـ
نى ئىچى تارلىق قىلىۋاتقاندەك ھېس
قىلاتتى. يىگىنچىلىك ئىشنى قىلىشتىنمۇ
قاتتىق ئەنسىرەيتتى، ئۇ، يۇقىرى مەر‌ـ
تىۋە، ئۈستۈن تەمىناتتىن قەتئىي ئىشەنچ
ۋە قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى بولغان
كىشىلەرلا بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى كۆڭ‌ـ
لىدە چۈشىنەتتى. بىراق ئۆزىنى باشقى‌ـ
لارنىڭ يېتەكچىلىكىگە ۋە ئۆز ئىلكىدە
تۇتۇشقا كۆنۈپ قالغان ئادەم ھېسابلايتتى.

ئۇ، ئەمدىلا ئۆيلەنگەن چېغىدا خوتۇنى
ئۇنىڭ قەدىرلىك ئايالى بولۇشنى تولىمۇ
ئارزۇ قىلغان، ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى تە‌ـ
قەززالىق بىلەن كۈتكەن، ئۇنىڭ پىكرىگە
ھۆرمەت قىلغانىدى، بىراق ئارىدىن
ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئۇ، ئېرىنىڭ
ئەسلىدىنلا تولۇقراق بىرەر پىكىرگە
كېلەلەيدىغان يىگىت ئەمەسلىكىنى ھېس
قىلدى. تاقىتى تاق بولغان خوتۇن شۇ‌ـ
نىڭدىن كېيىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆي
ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. بارا ـ
بارا بالىلىرىمۇ ئۇنى دوراپ، ئاتىسىغا
قول شىلتىيدىغان بولۇۋالدى.

ئۇ مۇلايىم كىچىك باللارغا ئام‌ـ
راق ئىدى، يار ـ يۆلەكسىز قالغانلارغا
ھېسداشلىق قىلاتتى. ھەر قېتىم كوچىغا
چىققانىدا، تىلەمچىلەر ئالدىغا كېلىپ
قالسا، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ،
يېنىدا بار پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تىلەمچىلەرگە

بىر ۋەتەنتى. مۇشۇ ئىش تۆپەيلى-
دىن خوتۇنى ئاجرىشىپ كېتىشنى ئوتتۇ-
رىغا قويغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى
ئادىتىنى تاشلىيالمىدى.

بوغالتىرلىق كەسپى بىلەن شۇغۇل-
لانغۇچىلارنىڭ ھەر قانداق كىچىككىنە
بىپەرۋالىقى چوڭ خاتالىققا سەۋەب بول-
ماي قالمايدۇ، بىراق ئۇ زادى قانداق
قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن
ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى، باشقارما باشلىقى ۋە
ئۇنىڭ شېرىكلىرى سىرتلارغا چىقىپ خىز-
مەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى باھانە
قىلىپ، مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ سەيلە-
ساياھەت قىلغان، ئومۇمنىڭ نۇرغۇن
پۇلىنى خەجلەپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن سېتى-
ۋالغان يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار
تالونى، ئۆزلىرىنىڭ سورەتكە چۈشكەن
تالونلىرى، ئاشىقلىرىغا ئاتاپ سېتىۋالغان
سوۋغات تالونلىرىنىمۇ ئەكىلىپ ئاتچوت
قىلدۇراتتى، خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنسىز
ساختا تالون ياساش، تالونلارنى ئۆزگەر-
تىش، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا چوڭ يەپ،
چوڭ ئىچىش ئەھۋاللىرى كۆزگە دائىم
چېلىقىپ تۇراتتى.

ئۇ بۇنداق ئىشلارنى ياقتۇرمايتتى،
بۇنداق ئىشلاردىن زەردىسى قايناپتتى،
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەشۋىشلىنىپمۇ
قالاتتى. كارى بولماي دېسە كۆزى قىيى-
مايتتى؛ يۇقىرىغا مەلۇم قىلاي دېسە،
ئاقىۋىتىدىن قورقاتتى. زادى قانداق
قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئامالى
يوق ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىنى قورقۇنچلۇق
تۇيغۇ قاپلىۋالغانىدى. ئۇ باھانە تېپىپ
ئۆيدە ھېساب - كىتاب قىلىپ باقماقچىمۇ
بولغان، ئەمما يەنىلا ئىختىيارسىز بۆلۈمگە
كېلىپ دەپتەرگە قول قويۇۋەتكەنىدى.

ئۇ سائەت تۇشقاندا مۇلايىملىق
بىلەن ئىش ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ ئولى-
تۇردى - دە، ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ
چىقتى، بىرمۇ ئادەم يوق، ئارىدىن خېلى
ۋاقىت ئۆتكەندە سىرتتىن كېلىۋاتقان
ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى، ئۇ ئالدىراپ-
تېنەپ ئورنىدىن قوپتى - دە، بىر چەتتە
سۈكۈتتە تۇرۇپ، كىرگەن ھەربىر خىز-
مەتچىگە سالام قىلدى، شۇنىڭدىن كې-
يىنكى بىر سائەت ۋاقىت ئىچىدە ئىشخا-
نىدا قەھۋە قاچىلىرىنىڭ تاراق - تۇرۇق-
لىرى، تېلېفوننىڭ قۇلاققا ياقمايدىغان
جىرىڭلاشلىرى، كىچىك رادىئودىن بېرى-
لىۋاتقان لەرزان ناخشا - مۇزىكىلار باشتىن-
ئاخىر ئۈزۈلمىدى، كىشىلەر ھاۋارايىنىڭ
ئىسسىق - سوغۇقلۇقى، پۇتبول مۇسابىقىسى
ۋە تاللانغان سېرىك ئويۇنلىرى ھەققىدە
توختىماي سۆزلىشەتتى؛ ئايال خىزمەتچى-
لەر ئىنچىكە نازۇك قوللىرىدا سىپتا ئىش-
لەنگەن قول سومكىلىرىنى ئېچىپ قويۇپ
قۇرۇتۇلغان خورما، ئۈزۈم، كالا گۆشلى-
رىنى ئېلىپ يېگەچ ۋە ئاغزى ئاسان
ئېچىلىدىغان قۇتىلاردىكى ئىچىملىكلەرنى
ئېلىپ ئىچكەچ قۇرۇق پاراڭغا چۈشۈپ
كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ
كۈلۈشلىرى، دولقۇنلۇق خۇش خۇي ئاھاڭدا
پەس ئاۋازدا قىلىشقان گەپلىرى پات -
پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممى-
ۋاسى ئۇنىڭدىن كۆپ ياش ئىدى. ئۇلار
ئىشقا ھانا شۇنداق ئەركىن، ئازادە كېلە-
شەتتى. ئىشخانا مۇدىرى پەيدا بولغاندا،
ئاندىن ئۇلار ھەممە نېمىسىنى يىغىشتۇ-
رۇپ، باش چۆكۈرۈپ ئارخىپ كۆرۈۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۇ

بولسا، بېشىنى سەل تۆۋەن قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆرە تۇردى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى غالىلداپ تىترەيتتى. مۇدىر كېتىشىگىلا، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ مازاق قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن سۆز - چۆچەك قىلىشتى، ئۇنىڭ كىيىۋالغان چاپىنى، قول سائىتى، تاماكا چەككەندىكى تۇرقى، ئايال خىزمەتچىلەر ئالدىدىكى ئوڭتايسىزلىقى، ئاياپ يەپ - ئىچىپ، تېجەپ ئىشلىتىشتەك چۈپەيلىكى ئۈستىدە گەپ - سۆز قىلىشتى.

بىر كۈنى بۆلۈمدە بىر نەپەر خىزمەتچىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئاشكارا ئىئانە يىغىلغاندا، ئۇ شۇ يەردىلا بار پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ياردەمگە بەردى، خەقلەر ئۇنىڭدىن ئىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇ پەقەت «ياخشى ئىش قىلدىغان بىر كىشى» دەپلا يېزىپ بەردى.

بىرى ئۇنىڭغا مۇدىر سىلىنى بىر كېلىپ كەتسۇن دەيدۇ، دېيىشىگىلا، ئۇ يەنە خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ، ئورۇندۇقتا قىمىرلىماي ئولتۇردى، بېشى ئىچىگە چۆشۈپ، قورسىقى ساڭگىلاپ، ھەرىكەت قىلدىغان خېمىرغىلا ئوخشاپ قالدى، ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەنىدى. ئاۋادا مۇدىر مېنى خىزمەتتىن بوشىتىۋەتسە قانداق ياشىغۇلۇق؟ خىزمەتداشلىرىنىڭ كۈلكە ساداسى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى.

ئۇنىڭ كالىلىسىدا بىردىنلا ئۆزى پات ئارىدا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدىغاندەك ھېچ چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتى پەيدا بولدى، ئۇ بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ قالايمىقان ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئۇچ تېپىشقا تىرىشتى. ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ تاماكىلا چېكەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئىشقا كەلگەندىن بۇيان چەككەن 10 - تال تاماكىسى ئىدى. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولسىمۇ، ئۇ پەلتوسىنى سېلىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ كەتتى، قولىدىكى ئەسلىدىنلا ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان ئىشمۇ پەلىپەتىش بولۇپ كەتتى. تېلېفون جىرىڭلاپ، مۇدىرنىڭ كاتىپى ئۇنىڭ تېزرەك كېلىشىنى سۆيلىدى، تىروپكىدىن ئاغرىنغان، ئەيىبلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ تىت - تىت بولۇپ كەتتى، ئىشلىگەن ھېساب - كىتابلىرى بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، كۆڭلىدىكى قورقۇش بارغانسېرى كۈچەيدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقتى، بارسا يېنىپ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدى، ئۇ تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاشتىن، ئىشىك سىرتىدىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاشتىن قورقتى. ئۇ مەن ئۆلسەم، ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتسە، ياۋا ئىتلار يەپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدى، ئۇنىڭ ئاش - تائامىغا كۆڭلى تارتماس بولۇپ قالدى، ئۇ ئېغىر ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. ئۇ روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىلدى. ئۇنى پەقەت خوتۇنى بىلەن بالىسىلا يوقلاپ كەلدى.

«دۇنيا بىلىملىرى» ژۇرنىلىنىڭ 91 - يىللىق 11 - سانىدىن

توختى باقى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

## پېشقەدەم يازغۇچى تۇردى سامساق ۋاپات بولدى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىغا تېگىشلىك مول تۆھپە قوشقان، ھەر مىللەت كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان پېشقەدەم يازغۇچى تۇردى سامساق 1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېغىر ھادىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. ئۇ بۇ يىل 69 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى. ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ مول ھوسۇللۇق، تىرىشچان ھەم قىزغىن بىر ئىجادكارىدىن ئايرىلدى.

پېشقەدەم يازغۇچى تۇردى سامساق 1923 - يىلى قەشقەر بەشكېرەمنىڭ چۇگۇر كەنتىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇغان، ئاندىن ئائىلە قىيىنچىلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، 1942 - يىلى مارتتا قەشقەردىن چىقىپ كېتىپ، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا بارغان. 1944 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا پىدائىي بولۇپ قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيىدە تەشۋىقاتچى، ھەربىي مۇخبىر ۋە كەڭساي ئاتلىق پولكىدا ئىسكادىرونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچىسى ھەمدە زەمبىرەكچىلەر قىسمىدا ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ كومىسسارى بولغان.

مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى بولۇپ قايتا تەشكىل قىلىنغاندا، تۇردى سامساق مەزكۇر كورپۇسنىڭ 14 - دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمىدە تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، كېيىن دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ ۋاقىتلىق باشلىقى بولغان.

ئۇ 1951 - يىلدىن 1953 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى ھەربىي رايون قارمىقىدىكى ھەربىي - سىياسىي كۇرسىنىڭ 2 - قارارىدا ئوقۇغان، كېيىن سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپى تىل - ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1954 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، «ئالغا» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى بولغان. 1956 - يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن. كېيىن «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن كۆپ يىل رىيازەت چەككەن. 1979 - يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

تۇردى سامساق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى ئۈچ ۋىلايەت گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

تۇردى سامساق ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىي ھاياتىدا ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە ئىجاد قىلىپ، خەلقىمىزگە مول ھەم قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1957 - يىلى ئۇنىڭ «كۆكلەم» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى، 1985 - يىلى «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» ناملىق سىنارىيە، پوۋېست ۋە ھېكايىلار توپلىمىنى، 1985 - يىلى «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق رومانىنى ھەمدە 1988 - يىلى «يۈرەك سىرلىرى» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىنى؛ مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - -يىلى «تىيانشان باغرىدا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى، 1983 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «بەشكېرەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان.

ئۇ يازغان «كېڭەش»، «خۇشاللىق»، «بەش تال ئوق» قاتارلىق مەسەل ۋە ھېكايىلار ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «بەش تال ئوق»، «قەشقەر گۈزىلى» قاتارلىق ھېكايىلار ۋە «دوستلۇق تەشەككۈرى»، «يۈرەك» ناملىق شېئىرلىرى خەنزۇ، چاۋشيەن، ئۆزبېك ھەم رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ «قەھرىمان قىز»، «تۇرمۇشتا كۈرەش»، «ئۆي ئىشىمۇ ئىش» قاتارلىق دراما ۋە كومېدىيىلىرى سەھنىلەردە ئوينالغان، رادىئولاردا ئاڭلىتىلغان. «بەش تال ئوق»، «پاگون» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايە، شېئىر ھەم مەسەللىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

يازغۇچى تۇردى سامساق ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «ئۇيغۇر قىزى پىردەۋسى» ناملىق سەككىز كۆرۈنۈشلۈك تراگېدىيىسىنى ۋە «زەنجىرلەنگەن ئادەملەر» ناملىق رومانىنى يېزىپ تۈگەتكەن، شۇنىڭدەك «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ؟» ناملىق تىرلوگىيىسىنى ۋە « بەشكېرەم باغلىرى» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى يېزىشقا كىرىشكەن.

ئۇ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان «مەن مۇھەررىرلىكنى قانداق ئۆگەندىم ۋە نېمىلەرنى كۆردۈم» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەن مۇھەررىرلىك ۋە ئىجادىيەت مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانلىرىدىكى تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە شۇنداق بىر خۇلاسىگە كەلدىمكى، مەردانىلىق بىلەن يېزىش، شەپقەتسىزلىك بىلەن تەھرىرلەش، تېز پۈتتۈرۈشكە ئالدىراش، ئەمما ئېلان قىلىشقا ئالدىرىماسلىق زۆرۈر. پۈتكەن ئەسەر ناۋادا بىر نازىنىن قىز بولسا، ئۇنىڭ ئېلان قىلىنىشى تۇرمۇشقا چىققانلىقىدۇر. تۇرمۇشتا بەختلىك ئۆتۈش ياكى تۇل بولۇپ قېلىشنى ئۇنىڭ بوي - تۇرقى ۋەياكى يالغان خۇلقى ئەمەس، بەلكى ئېسىل ئەخلاقى، پەزىلىتى بەلگىلىگىنىدەك، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قىممىتىنىمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي سۈپىتى بەلگىلەيدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر.» يازغۇچىنىڭ يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن، لېكىن تېخىچە ئېلان قىلىنمىغان ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلىكى ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ئۆزىگە ئىزچىل تۈردە ئېغىر تەلەپ قويۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

تۇردى سامساق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئىگە

بولۇپ، تېماتىك مەزمۇنىنىڭ باي ھەم كەڭلىكى، ژانىر، ئۇسلۇب ھەم شەكلىنىڭ
رەڭدارلىقى بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىز يازغۇچىنىڭ «بەش تال ئوق»،
«پاگون» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى ۋە «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق روما-
نىدىن شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت زېمىنىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆتۈ-
رۈلگەن ھەيۋەتلىك خەلق ئىنقىلابىنىڭ جانلىق، بەدىئىي سۈرىتىنى كۆرسەك، ئۇنىڭ
ئاياللار ئازادلىقى، نىكاھ - مۇھەببەت ئەركىنلىكى، ۋاپا ھەم چىن سۆيگۈ تېمىسىدا
يېزىلغان ھېكايە، شېئىرلىرىدىن ئەدىبنىڭ فېئوداللىق چىرىك ئىدىيە ھەم ناچار
ئادەت كۈچلىرىگە قارشى ھەققانىي يۈرەك ساداسىنى ئاڭلايمىز.

يازغۇچى تۈردى سامساق ئىجادىيەت جەريانىدا خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ،
ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق ئارزۇ - ئارمىنىنى، كۈچلۈك مۇھەببەت - نەپرىتىنى ھەرخىل
بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە
ئېرىشكەنىدى. رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بۈگۈن بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىمەھەل ئېلىپ
كەتتى. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بۇ قەدىرلىك يازغۇچىسىنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

## جۇڭگو قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى

1992 - يىلى 28 - مايدىن 1 - ئىيۇنغىچە بېيجىڭدا جۇڭگو قەرەللىك ژۇر-
ناللار جەمئىيىتىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيى ئۆت-
كۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا مەملىكەت بويىچە
بىر تۇتاش نومۇرى بار 6000 دىن ئار-
تۇق ژۇرنالدىن 200 گە يېقىن ۋەكىل
قاتناشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن «تارىم»
ژۇرنىلى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇ-
لۇش بىڭتۇەنىنىڭ «بوستان» ژۇرنىلى
ۋەكىل بولدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ
باش مۇھەررىرى مەھەممەت شاۋۇدۇن
مۇدىرىيەت ئەزاسى، «تارىم» ژۇرنىلى
بۇ جەمئىيەتنىڭ كوللېكتىپ ئەزاسى
بولدى.

## مۇھەررىرلىرىمىز مايتاغدا

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ژۇرنالنى ئاساسىي قاتلامغا، ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە يۈزلەندۈ-
رۈپ، ژۇرنال خىزمىتىنى بارغانسېرى
جانلاندۇرۇش يولىدا يېڭى قەدەملەر
تاشلىماقتا.

نېفىتلىك ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
مۇھىم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بازىلىرىنىڭ
بىرى. نېفىت سانائىتىنىڭ ئالدىنقى سې-
پىدە كۈرەش قىلىۋاتقان ئاپتورلارنى
يېتەكلەپ، نېفىتلىكنىڭ، جۈملىدىن ماي-
تاغ كان رايونىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت

ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ژۇرنال بىلەن نېفىتلىكنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، «تارىم» ژۇرنىلى 1992 - يىلى 8 - ئىيۇلدىن 17 - ئىيۇلغىچە مايتاغ كان رايونىدا ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا مايتاغدىكى ئاپتورلارنىڭ بىرنەچچە يۈز پارچە ئەسىرى كۆرۈلۈپ، كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىندى، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئىجادىيەت ئاكتىپلىقىغا قىزغىن ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلدى. بۇ جەرياندا بىرنەچچە قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

13 - ئىيۇلدىكى 40 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىدا، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر مەھەممەت شاۋۇدۇن سۆز قىلىپ، نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالى، ژۇرنالنىڭ كونكرېت تەلەپلىرى، نېفىتلىكتىكى ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ۋە ئۇلاردىن كۈتۈلىدىغان تەلەپلەر توغرىسىدا قىزغىن پىكىر بايان قىلدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىل نۆۋەتتىكى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە مايتاغ رايونىدىكى پروزا ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە يېتىشسىزلىكلەرنى كونكرېت مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتتى.

سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش سۇلتان ئەسپەر مايتاغنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى، كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى تونۇشتۇردى. سۆھبەت يىغىنىغا مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش خالىق سەمەت رىياسەتچىلىك قىلدى.

ژۇرنىلىمىزنىڭ مايتاغقا بارغان مۇھەررىرلىرى كۈيتۇڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن كۈيتۇڭ شەھىرىگە بېرىپ، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى مەتنىيازنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان كۈيتۇڭ شەھرىنى زىيارەت قىلىپ، زور ئىلھام ئالدى.

## ھۆرمەتلىك كىتابخانلار!

تەھرىر بۆلۈمىمىز سىلەرگە چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ ۋە قىزغىن سالام يوللايدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، «تارىم» نىڭ كېلەر يىللىق سانلىرى ئۈچۈن مۇشتەرى بولۇش ۋاقتى كېلىپ قالدى. سەمىگىزدە بولسۇنكى، 1 - نويابىردىن باشلاپ پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭ. ژۇرنالنىڭ ئايلىق باھاسى 2.00 يۈەن. پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 — 58

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## مەرھۇم يازغۇچى

# تۇردى سامساقنىڭ ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر





قەلەمكەش سەپداشلىرى ئارىسىدا (92 ـ يىل ، ئىيۇن)




ئابدۇشۇكۇر يالقىن . ئابدۇرېھىم
ئۆتكۈرلەر بىلەن بىللە (92 ـ يىل ، ئىيۇن)



ئۆز قىرائەتخانىسىدا (88 ـ يىل ئاپرىل)



مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتى (82 ـ يىل)




《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　辑：《塔里木》编辑部
出　版：新疆人民出版社
印　刷：新疆新华印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1992 ـ يىل 9 ـ سان (379 ـ سان). 42 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ. تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 ـ 9044

国内统一刊号：CN 65－1010／I
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 ـ 1010 / I

邮发代号：58－66 定 价：1.70 元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.70 يۈەن

邮政编码：830000
پوچتا نومۇرى: 830000